

1—2

1990

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION



شائىر، جامائەت ئەربابى مەرھۇم نىمشىھىد ئەرمىيا ئىلى داموللا سايرامى (سولدا)، شائىر، ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجا، مۇزىكا شۇناس ۋەن تۆگشۇ (ئوڭدا) «12 مۇقام» تېكىستلىرىنى رەتلەش، نوتىغا ئېلىش، نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى ئۈستىدە.

ئەسلى سۈرەتنى مۇھەممەت شاۋۇدۇن تەمىنلىگەن، ئابدۇراۋۇپ ئابدۇللا قايتا سۈرەتكە تارتقان.

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى، باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:

مۇھەممەت زۇنۇن، مۇھەممەت تاتلىق، ئىبراھىم پەخرىدىن، نىزامىددىن ھۈسەيىن،

مۇھەممەتئىلى زۇنۇن، قۇربان مامۇت، ساتتار توختى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

39- يىل نەشرى

1990-يىل 1-، 2-سان (ئومۇمىي 182-، 183-سان)


# بوستاندا

## ئەدەبىيات گۈلزارى


كەچكۈز .................... (پوۋېست) .................... زوردۇن سابىر 3

ئۈچ كۆزلەر .................... (« ») .................... خالىدە ئىسرائىل 76

ئەقىدە تامچىلىرى .................... (شېئىرلار) .................... ئىمىن ئەھمىدى 37


## تارىختىن سۆز


كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۇچېركلىرى..... نىزامىددىن ھۈسەيىن 70


## خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى


خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى ـ ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى .................... ئابدۇشۈكۈر تۇردى 41


## دۇنياغا نەزەر


قازاقىستاندا بەش كۈن .................... غەيرەت ئابدۇللا 121


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


مايىمخان .................... (خەلق داستانى) .................... ئابلەت ئابدۇللا 105


## سەھنە ئەسەرلىرى


تاللانغان كومېدىيىلەر .................... سەئىد ئەھمەد 55


## ئەخلاق - ئادەم زىننىتى


دانىشمەنلەر ئەدەب ـ ئەخلاق توغرىسىدا .................... 146


## ئەدەبىيات، سەنئەت خەۋەرلىرى


2 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى .................... زۇنۇن باقى 2


مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى، كلاسسىك شائىر تەجەللى (1850—1930) پەرھاد ئىبراھىم سىزغان. مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن: شائىر بىلال ئەزىزى (1920—1945) پەرھاد ئىبراھىم سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئىسمائىل ئىبراھىم، ئابلىمىت ئابلىز



## 2-نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

**زۇنۇن باقى**

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ش ئۇ ئا ر رادىئو-تېلېۋىزىيە نازارىتى، ش ئۇ ئا ر مىللىي ئىشلار كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق بەش ئورۇن بىرلىكتە باشقۇرغان جۇڭگو سەنئەت بايرىمىنىڭ شىنجاڭ شۆبە سورۇنى — 2-نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى 1989-يىلى 9-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 7-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

ئون ئىككى كۈن داۋام قىلغان ۋە كۆلىمى زور بولغان بۇ سەنئەت بايرىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمەكلىرى، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سەنئەت ئۆمىكى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ھەربىيلەر، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۆسمۈرلەر-بالىلارنىڭ بىر قىسىم ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى 2400 نەپەردىن كۆپرەك ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرى قاتناشتى. ئالدىن تاللاپ چىقىلغان 32 مەيدان ئويۇن 125 مەيدان قېتىم قويۇلۇپ، تاماشىبىنلار 250 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى.

2-نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمىغا تەكلىپكە بىنائەن شاڭخەي ئوپېرا-تىياتىر ئۆمىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتناشتى ۋە ئويۇن قويدى.

2-نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمىدا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ باشقۇرۇشىدا شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ۋە ھۆسنخەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى؛ دېھقانلار رەسساملىرى كۆرگەزمىسى؛ ئۆسمۈرلەر-بالىلار رەسىم كۆرگەزمىسى؛ قەغەز قىيما سەنئىتى ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى؛ شىنجاڭ تۇنجى قېتىملىق سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن فوتو-سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى؛ جۇڭگو نېفىت «قۇدۇق بۇرغىلاش لوڭقىسى» تاللانغان بەدىئىي فوتو-سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى؛ شىنجاڭ تارىخىي كۆرگەزمىسى؛ شىنجاڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەت كۆرگەزمىسى؛ شىنجاڭ قەدىمكى جەسەتلەر كۆرگەزمىسى؛ شىنجاڭ تاغ غارلىرىدىكى بەدىئىي تام رەسىملەر كۆرگەزمىسى؛ ئاياللار ۋە بالىلار بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى... قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ، سەنئەت بايرىمىغا مول مەزمۇن قوشتى.

2-نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى مەزگىلىدە، دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش باغ سەيلىسى، گۈل-گىياھ يەرمەنكىسى، بېلىق ۋە قۇش بازىرى، كىتاب سېتىش ۋە ئارىيەتكە بېرىش، ئېلېكترونلۇق كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى، بىلىيارت، شاھمات مۇسابىقىسى... قاتارلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ سەنئەت بايرىمىدا، كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرى ئورۇندىغان 21 مەيدان ئويۇن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1-، 2-، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئورۇندىغان 55 نومۇر ئايرىم-ئايرىم ھالدا «مۇنەۋۋەر نومۇر» مۇكاپاتى، «شەرەپ» مۇكاپاتى، «تەشكىللەش» مۇكاپاتىغا؛ ئۆسمۈرلەر-بالىلار سەنئەت ئۆمەكلىرى ئورۇندىغان 27 نومۇر ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇكاپاتقا؛ ئاممىۋى ناخشا ئېيتىش پائالىيىتىدە 24 نومۇر مۇكاپاتقا؛ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان گۈزەل سەنئەت، ھۆسنخەت، فوتو-سۈرەت ئەسەرلىرىدىن 200 پارچىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1-، 2-، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەككىز سەنئەت ئۆمىكى «مەنىۋى مەدەنىيەت» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

2-نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى ئۈچۈن: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ: «سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرەيلى» دەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت: «مىللىي سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرەيلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

(1990-يىل 1-سان، ئومۇمىي 5-سان)




(پوۋېست)

زوردۇن سابىر

كۈرەش قەھرىمانى ئادىرۇۋ زىئرۇللامغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.

—ئاپتور

## 1 - قىسىم

## كۆڭۈلسىز كەچكۈز

### 1

ئاجايىپ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى: ئۇ كۈنلەر خاسىيەتلىك چۈشكە، ئۇنتۇلماس تۇيغۇغا ئوخشايدۇ. يېرىم كېچىدە ياتساڭمۇ ئەتىنى قاچان كۆرەرمەن، دەپ ئىنتىزار بولاتتىڭ-دە، ئۇيقۇڭ قاچاتتى. ئۇ كۈنلەردە كۆڭلۈڭ سۈزۈك ئاسماندەك پاكىزە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن غەشلىك، غەم-غۇسسە ساڭا يات ئىدى. مانا شۇنداق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ كۈنلەردە چاپقان كەتمەن، ئېيتقان ناخشا، قىلىشقان چاقچاقمۇ خۇددى ياخشى غىزادەك تېتىملىق ئىدى...

ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ خاتىرىلىرى سېنى شادلاندۇرسا، سەن بەختلىك، ئەكسىچە، ئۇ خاتىرىلەر سېنى خاپا قىلسىمۇ، ئۇ چاغدا سەن

www.uyghurkitap.com

مەڭگۈ ئۆكۈنگۈچى، پۇشايمان قىلغۇچى ئادەم بولۇپ قالىسەن-دە، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ كۆڭلۈڭدە قالدۇرغان داغلىرىنى كەلگۈسىنىڭ ھېچقانداق خۇشاللىقى ۋە تۆھپىسى بىلەن يۇيۇۋېتەلمەيسەن؛ چۈنكى ئۆتكەن كۈنلەر سېنىڭ ياشلىقىڭغا تەئەللۇق. ھاياتىڭنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرى ھەم ئۆتكەن كۈنلەرگە مەنسۇپ!...

ئۇ، بارلىق دەرد ـ ئەلەملىك ئادەملەرگە ئوخشاش ياشلىقىنى ئەسلەش بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردۇ، ئۆزىگە تەسەللى بېردۇ. ئۆتكەن كۈنلەر قايتا كەلمەيدۇ، ئۇنى تەكرارلىغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئەسلىگىلى بولىدۇ. سەن ئەسلەشكە ھوقۇقلۇق. چۈنكى ئۇ سېنىڭ ئۆتمۈشىڭ. ئۆتكەن كۈنلەر تولىمۇ لەززەتلىك، تولىمۇ شېرىن. ئۇنىڭ ياشلىقى، جۇشقۇن چاغلىرىمۇ شۇ يىللار بىلەن بىللە ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر ئۇنىڭغا كەچكۈزنىڭ توختىماي يېغىۋاتقان قار ئارىلاش يامغۇرلىرى بىلەن كۆڭۈلسىز پاتقاقتا ئايلانغان يالىڭاچ ئىزلار، ھۆللۈكتىن چىرىشكە باشلىغان سېرىق ياپراقلار بىلەن قاپلانغان ئۇستەڭ ـ ئېرىق بويلىرى ھەمراھ. بۇ بىر تەبىئەتنىڭ كۆڭۈلسىز مەزگىلى بىلەن يامان خىياللارنىڭ تېخىمۇ ئۇيۇشمىتىشى ئارىلاشقان، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىنى بىزار قىلىدىغان تولىمۇ ناچار، كۆڭۈلسىز كۈنلەر. بۇ ناچار كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپ يەنە كۆڭۈللۈك باھار ـ ياز باشلىنارمۇ ـ ھە؟

نادىرووۋ مەقسەتسىز ئېتىز ئارىلىدى. يول بىلەن ئېتىز ـ قىر ئوخشاشلا پاتقاق بولغاچقا ئۇ يول تاللاپ ئولتۇرمىدى. ئۇزۇن قونجىلىق رېزىنكە ئايىغى پاتقاقتا مەلەندى.

ئۇنىڭ مۇشۇ 60 ـ يىللارنىڭ مودىسى ھېسابلانغان بىر سومىلىق مايسىرەڭ شەپكىسى يۇمشاپ ـ سالپىيىپ يامغۇر سۈيى بىلەن ئېرىگەن ئەر قېتىشمىسىدىن شورلۇق ـ قاكسىق سۇيۇقلۇققا ئايلاندى ـ دە، بۇ سۇيۇقلۇق ئۇنىڭ قورۇقلار كىرەلەشكەن ئۇزۇن بويىنى بىلەن پېشانىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ كۆكسىگە، ئېغىز ـ بۇرنىغا تىنىمسىز كىرمەكتە، لېكىن ئۇ، بۇلاردىن پەرۋاسىز، ئۇ نەگە كېتىپ بارغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە يالىڭاچلانغان دالا: شۇمشەيگەن ئوت-چۆپ، قارامتۇل پاتقاق دېڭىزغا ئايلانغان، چۆرىسى ئېھاتىلەنگەن كۆزگى بوغداي ئېتىزلىرى... كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ، ئۆمرىنىڭ تولىسىنى مۇشۇنداق دالالاردا قوي بېقىپ، قوش ھەيدەپ، جەڭ قىلىپ ئۆتكۈزگەچكە، دالالار خۇددى ئۇنىڭ ئۆز بەدىنىدەك. دالا ئۇنىڭدا يېڭىچە ھېسسىيات ۋە ھاياجان پەيدا قىلالمايدۇ...

ئۇ ئاخىر قويۇق تېرەكلەر ئارىسىدىكى چىدىر چىلاپ يېپىلغان قاتار ئۆيلەر ئالدىغا كېلىپ توختىدى-دە، بېشىدىن شەپكىسىنى ئېلىپ يوغان، ئۇزۇن پەنجىلىك قوللىرى بىلەن سىقتى. شەپكىدىن سېرىق زەرداپتەك سۇ قۇيۇلدى. ئۇ، پاتقاقلىق يەرگە قۇيۇلۇۋاتقان سېرىق سۇغا قارىدى-دە، بېشىنى گىلدىڭشىتىپ ئەلەم بىلەن كۈلدى:

—تەر، ياش، قان ھەممىسى تۆكۈلدى. ئەمدى زەرداپ تۆكۈلمەكتە. ھا ـ ھا ـ ھا! نادىرووۋ يەنە نېمىلەرنى تۆكەر سەنكىن؟ ياشلىقىڭ نەلەردە قالدى؟ بايتوقايدىمۇ ياكى ئورمانباغيەنسىخەيدىمۇ؟ ئەمدى قېرىسەن، بوۋاي ئەممەس؛ قېرى! قىرىقتىن ھالقىغاندا ئادەم قېران بولىدۇ، لېكىن سەن قېران ئەمەس، قېرى! باكالوشكا نەدىسەن، نېمىشكە ياندا تۇرماي دۈمبەمگە چىقىۋالدىڭ، سەنمۇ مېنى دەپسەن-دە، مېنى!

ئۇ كىمنىڭدۇر ئىسمى ئويۇلغان سوۋادان تېرەككە يۆلەندى-دە، كۈنپېتىش تەرەپكە

قاراپ باكلاشكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەنە ئۆز-
ئۆزىگە سۆزلەيدى:

— كەتكەنلەرنىڭ سالامەتچىلىكى، قالغانلار-
نىڭ ئامانچىلىقى، ئۆلگەنلەرنىڭ بەخت-
سائادىتى ئۈچۈن ئىچىتىم ئەمەسمە!

بىر كىلو هاراق قاچىلانغان باكلاشكا چول-
تۈكلاپ قاپىتۇ. يەنە مۇشۇنداق ئىككى قېتىم
ئۆكتۈرۈلسە ئۇ قۇرۇقدىلىنىدۇ. لېكىن نادىرۇۋ
سەگەك، تېمەن — يول ماڭسىمۇ، گەپ قىلسىمۇ
چاينىمايدۇ. ئۇنىڭ ئېگىز، قاتىمال گەۋدىسى،
مەزمۇت ئاياغلىرى تېخى يەنىلا بۇرۇنقىدەك.
دېمىسىگەن يېرىدە يوغان ئاياغلىرىنىڭ ئۈچ-
مەس ئىزى قالىدۇدە. بۇ ئىزلار خۇددى تاشقا
ئويۇلغاندەك — مەڭگۈ ئۆچمەيدىغاندەك كۆرۈ-
نىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ
يەنە ماڭماقچى بولۇپ باكلاشكىسىنى كۆتۈرۈ-
ۋېدى، باكلاشكىسىنى بىرسى قولىدىن تارتى-
ۋالدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئورنىدىن تۇر-
دى ۋە باكلاشكىسىنى تارتىۋالغان كىشىگە پۇت-
لىرىنى جۈپلەپ هەربىيچە سالام بەردى:

— سالام، يولداش پالكاۋنۇك، جەڭچى نادىرۇۋ
خىزمىتىڭىزگە تەييار!

— راهەت!

«پالكاۋنۇك» — پاكار، كەڭ كۆكرەك، كەڭ
پېشانە، كەڭ يۈزلۈك، چارباش ئادەم نادىرۇۋغا
قاراپ قاپىقىنى تۈرۈپ، قوللىرىنى چۈشۈرۈپ
تىك تۇراتتى. ئۇنىڭ تۆت يانچۇقلۇق، ئاقى-
رىپ كەتكەن هەربىيچە چاپىنىنى سىرتىدىن
تاسما پوتا باغلانغان، گەلەپى ئىشتان پۇش-
قىقى كالاچ قاپلانغان ئۆتۈكىنىڭ قونجىدا؛
بېشىدىكى كەڭ قاسقانلىق ئوفىتسىرچە پىراژ-
كىسىمۇ ئۇدۇل كىيىلگەن، تۈگمىلىرى تولۇق
ئېتىلگەن، ئۇ جىددىي ۋەزىپە تاپشۇرۇش
ئالدىدىكى ياش كوماندىردەك رەسمىي قائىدى-
لىك ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى چېكىسىدىكى قويۇق،
چارچاچلىرىلا ئۇنىڭ ئەللىكتىن هالقىغان
ئەمكىن ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

— سەن كىم؟ كۈرەش قەهرىمانى نادىرۇۋ
سەن؟ قارا ئۇرقۇڭنى؟ نومۇس قىل نادىرۇۋ!
نېمىشقا بىر كۈن هاراق ئىچىپ لاغايلاپ يۈر-
دىڭ؟ باكلاشكىنى تاشلا، جەڭچى نادىرۇۋ!

نادىرۇۋ پۇتلىرىنى جۈپلەپ چاس بەردى!

— خوپ، يولداش پالكاۋنۇك!

ئۇ، باكلاشكىنى نادىرۇۋنىڭ بويىنىدىن
ئالدى-دە، يىراققا ئاتتى!

— لېكىن، يولداش پالكاۋنۇك!...

— بولدى، ئىزاهات بەرمەيلا قوي! مېنى
ئائىلەم بىلەن تارىمغا بوز يەر ئۆزلەشتۈ-
رۈشكە بۇيرىغىنى، سېنىڭ چەت ئەلگە كەت-
كەن (مەيلى قاچقان دېيىلى) كونا هەربىي-
لەرنى ئىزدىتىپ زىياپەت بەرگەنلىكىڭنى سى-
ياسىي خاتالىق، دەپ قارىغانلىقى يۇقىرىنىڭ
خاتالىقى دېمەكچىمۇ سەن؟

— خۇددى شۇنداق، يولداش پالكاۋنۇك؟!

— بۇ بەلگىلىمىلەرگە نارازى، شۇنىڭ
ئۈچۈن خاپا، ئىچىتىڭ؟ شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، يولداش پالكاۋنۇك!

— بۇ بىر ئۇرۇش قەهرىمانىنىڭ نامىغا
لايىق ئىش ئەمەس، بىلەمسەن، بىز كاكار،
پاكونلىرى يوق هەربىي، هەربىينىڭ بۇيرۇققا
بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتى بار. مەن يۈك-
تاقامنى تېڭىپ تەييارلىنىپ بولدۇم. ئەتىلا
بۇيرۇققا بىنائەن بالا-چاقام بىلەن تارىمغا
قاراپ يولغا چىقىمەن!

— لېكىن، لېكىن يولداش پالكاۋنۇك بۇ
بىر جازا! بىز جازالانغىدەك گۇناه قىلمىدۇق.
قان تۆكۈپ جەڭ قىلىپ ئۆز يۇرتىمىزدىن گو-
مىنداڭنى سۈرۈپ چىقىرىپ، خەلقىمىزنى زۇ-
لۇمدىن قۇتقۇزدۇق. بۇنى گۇناه دېيىدىغان
بولسا...

— بولدى قىل، جەڭچى نادىرووۋا!

بۇ قېتىم پولكوۋنىكنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، چىشلىرى غۇچۇرلىدى، ئاق سانجىغان قويۇق چېكە چاچلىرى ھۈرپەيدى.

—بىز نېمىشكە خاتالىققا قارشى كۈرەش قىلالمايمىز، يولداش پالكاۋنوك؟ پارتىيە، ۋەتەن، خەلق ئۆزىمىزنىڭ، بىرسىمىز ئۆز، بىرسىمىز ئۆزگەي بولۇپ قالساق، بۇ دۇرۇس بولمىغىنى، يولداش پالكاۋنوك!

—نادىرووۋ، زىخرۇللا نادىرووۋ نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟

—راست گەپنى قىلىۋاتىمەن. بىز ئۆمىلەپ-يېغىلاپ مېڭىپ پوتەي پارتىلىتىش، يامغۇردەك ئوققا قارشى ئاتاكىغا ئۆتۈش ئۈچۈنلا جەڭ قىلىدۇقمۇ؟ نېمىشكە پىڭ دېخۇەي، جۇدې، ماۋجۇشىغا ئەرز قىلالمايمىز!

—نادىرووۋ! تولا ۋارقىرىما، پىكىرىڭ بولسا ئەنە مەيدان پارتكومى، شۇ يەردە سۆزلە!

نادىرووۋ «پالكاۋنوك» نىڭ كۆزلىرىدىن يېنىۋاتقان ئوتنى كۆردى. ئۇ دەرھال يەرگە قارىدى. نادىرووۋ ئويلىغان ئىشلارنى پولكوۋنىك ئويلىماسمۇ؟ نادىرووۋ پولكوۋنىكنى بىلىدۇ، پولكوۋنىك قەيەردە، قانداق گەپ قىلىشنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ زادىلا سالماقلاپ كۆرمەيلا گەپ قىلمايدۇ. ئۇ ئۈن-تىنسىز قوبۇل قىلغان قارارنى نادىرووۋ نېمىشكە قوبۇل قىلالمىدى؟ «پالكاۋنوك» ئۇزۇندىن بېرى نادىرووۋغا تونۇش، ئۇ ھەرگىز، ھېچقاچان ئۆز ھېسسىياتىنى ئوڭايلا ئاشكارىلىغان ئەمەس. ئۇ بىر چاغلاردا ئاددىي جەڭچى ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىسمى ئەخمەت ئىدى. لېكىن ئۇلار پارتىزانلىقتىن 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مۇنتىزىم ھەربىي بولۇپ ھەربىيچە كىيىم كىيگەندە ئەخمەتنىڭ نامى ئىبراھىموۋ بولۇپ ئۆزگەردى. شۇ يىلى زىخرۇللام نادىرووۋ ئاددىي جەڭچى كىيىمىدە تولۇق قورال ئېلىپ جىلغ، شىخولارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن پىيادە سەپەرگە چىققاندا، ئىبراھىموۋ ئۇلارنىڭ روتا كوماندىرى ئىدى. ئۇلار ئۇلاستايدا — تاغ ئىچىدە بىر قورام تاش ئۈستىدە تونۇشقاندىلا ئەخمەت ئىبراھىم ئىسىملىك بۇ دېھقان ئوغلى كەمسۆز، ئېغىر - بېسىق، تەمكىن ئىدى. ئۇ چاغلاردا زىخرۇللام قانداق ئىدى؟ ھازىرقىدەك ھاراقكەش، گېپى چوڭمىدى ياكى...

2

... ياكى گېپى ئاز، مۇڭلۇق، يۇۋاش يىگىتمىدى؟

شۇنداق. ئۇ، بالا ۋاقىتلىرىدا كۈن بويى گەپ قىلمايدىغان، بەزىدە خىيالچان، مۇڭلۇق لېكىن تىنىمسىز شوخ، قارام ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى يار بېشىدا ئىدى. كىچىككىنە سوقما تاملىق ھويلىسىدىن چىقسىلا تاشلىق يېزا يولى. يولنىڭ ئۇ تەرىپى يانتۇ، شېخىللىق يار. يار ئاستىدا سۈزۈك بۇلاقلار، مەجنۇنتاللار، جىگدىلەر، بۆلجۈرگەنلەر بىلەن تولغان جاڭگاللىق (ئورمان)، جاڭگال ئىچىدە كەڭلىكى 2 — 3 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ھەم شۇنچىلىك (بەزى جايلىرى چوڭقۇر، بۇنداق قايناملارنى ئۇ يەرلىكلەر «گۇم»دەيتتى)كېلىدىغان، ئاستا ئاقىدىغان قارا سۇ بار ئىدى. چەت-چۆرىسى قويۇق قومۇشلۇق بۇ ئۆستەڭدە «قىرچابېلىق» شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، سۇنىڭ تېگى كۆرۈنمەي قالاتتى. لېكىن بۇ يەرلىكلەر بېلىق تۇتۇشقا ئادەتلەنمىگەن، بىر يىلدا بىر قېتىم «بېلىق يېمەك ۋاجىب»دېگەن قائىدە بويىچىلا ئارىلاپ-ئارىلاپ بېلىق تۇتۇپ يېيىشەتتى. بۇ جاڭگالدا قىرغاۋۇلمۇ شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، زىخرۇللام ئورماندا خۇددى ھويلىسىدىكى توخۇلىرىدەك زىرىقلىقتا«دانلاپ» توپ-توپ يۈرگەن قىرغاۋۇللارنى كۈن بويى قوغلاپ ئوينايتتى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ ھالىق چاغلىرىنى شۇ يار، قازاسۇ، جاڭگاللاردا يىلان، كىرپىلەر بىلەن ئېلىشىپ، تىك يارلارغا يامىشىپ، چوڭقۇر سۇلاردا چۆمۈلۈپ ئۆزىنى سىناپ — تاۋلاپ ئۆتكۈزدى. بۇ خىل تەبىئەت ئۇنى قورقۇمسىز، غەيرەتلىك قىلىپ ئۆستۈردى. ئۇ ئون ياشقا كىرمەيلا مەھەللىنىڭ پادا كالىسىنى ھەيدەپ بۇ سازلىقنىڭ نېرىسىدىكى ئىلى دەرياسىغا بېرىپ، دولقۇنلۇق دەريادا ئۆزىنى سىناشقا باشلىدى. ئۇ ئاۋۋال پادا كالىنى دەريانىڭ بىر تارمىقىدىن «ئۆزگۈن» بىلەن ئۆزدۈرۈپ نېرىدىقى قاتقا ئۆتكۈزۈشنى ئۆگەندى. چوڭ ئېقىم بىلەن تارماق ئېقىم ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق ئورمانلىقنى بۇ بەرلىكلەر «ئارال» دېيىشىدۇ. «ئوغرى ياتقۇ» بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ ئارال. بۇ ئارالدا قېرى تال، تاغ تېرەكى، ئۆرۈك، قېيىن قاتارلىق دەرەخلەر؛ بۆلجۈرگەن، قارىقات، جىگدە، زىرىق قاتارلىق مېۋىلەر؛ كەكلىك، بۇدۇنە، توشقان، كىيىك، ياۋا توڭگۇز قاتارلىق قۇشلار بىلەن ياۋايى ھايۋانلار تولا. زىخرۇللام دولقۇنلىنىپ، شارقىراپ قىرغاقلارنى ئىترىتىپ ئاقىدىغان دەرياغا كالىلىرىنى بەخۇدۇك ھەيدەپ، كالىلىرى بىلەن بىللە ئۆزىمۇ ئۈزەتتى. ئۇ، ئىككى كالىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋېلىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ھوزۇرلىنىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى، قىقاس سېلىپ ۋارقىرايتتى. ئون ياش بالىنىڭ بۇ قاراملىقىدىن قىرغاقتىكى چوڭلارنىڭ يۈرىكى سۇ بولاتتى. لېكىن زىخرۇللام قورقۇش - ئۆلۈش دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايتتى.

ئىلى دەرياسى ئۆز ۋادىسىدا تۇغۇلغان كەپسىز بالىنى دولقۇنلىرىدا تاۋلاپ، 13 ياشقا كىرگۈزدى.

ھەر يىلى قەمەرنىيە 5- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 10- كۈنىگىچە بۇ دەريا بويىدىكى قوم بارخانلىرى نەچچە مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ۋالى-چۇڭى بىلەن ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. بۇ چاغدا پۈتۈن ئىلى ۋادىسى (غۇلجا شەھەر، غۇلجا ناھىيە، توققۇزتارا، چاپچال)دا ياشىغۇچى دېھقانلار بۇ يەرگە يىغىلىپ «قوم ئارشاڭ سەيلىسى» ئۆتكۈزەتتى. بۇرۇندىن ياسالغان ئاشخانىلار، دۇكانلار، ئۆيلەر، ئويۇنخانىلار ۋە بۇ خانىلاردىن ئۆزۈلگەن ئەگرى - بۈگرى كوچىلار ئادەملەر بىلەن تولاتتى. پۇلپەزلىك، مەئىشەت، ئويۇن-كۈلكە، قىمار، سەيلە، دارۋازلىق، چېلىش، قۇمغا كۆمۈلۈش... ئويۇننىڭ، غىزانىڭ، ئوقەت ۋە ئادەمنىڭ ھەر قاندىقى بۇ يەردىن تېپىلاتتى.

زىخرۇللام مانا بۇ چاغدا ئۆزىنى سىنايدىغان تازا ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشەتتى. ئۇ، كۆتەك ھارۋىلارنى ئىتكىلەپ چەت - چۆرىسىنى توساپ ياسىۋالغان «دېھقان ئۆيلىرى»دە قورسىقىنى ئەتكەنچاي بىلەن تويغۇزۇپ (بۇ يەرنىڭ ئاياللىرى باللارغا چاي بېرىشكە تولىمۇ ئامراق)، ئوشۇقچە قوم كېچىپ «كوچا» ئارىلايتتى-دە، ئۆزى دىمەتلىك، ماتادىن ئىشتان-كۆڭلەك كىيىشكەن يالىڭاياغ يېزا باللىرىنى كۆرسىلا: «چېلىشامسەن؟» دەپ ئالدىنى توراتتى. پۇتىغا سەندەل، ئۇچىسىغا كۆك سىيامۇدىن گىمناستوركا- شىم كىيگەن شەھەر باللىرىنى كۆرسە: «سوقۇشامسەن؟» دەيتتى. قارشى تەرەپنىڭ «ھە»، «ياق» لىرىنى كۈتمەيلا ئۇ قول سالاتتى. يېزا باللىرىنى «يامپاشقا ئېلىپ» ياكى «قول قايرىش»، «تەتۈر چىرماق» بىلەن قۇمغا يىقىتاتتى-دە، چېلىش پالۋانلىرىنى دوراپ، بېشىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ قاچاتتى. شەھەر باللىرىنى بولسا ئوڭ، سول قول بىلەن مۇشت ئېتىپ ياكى باش بىلەن ئۇرۇپ، ئىزلاپ يىغلىتاتتى ياكى ئاغزى - بۇرنىنى قانىتاتتى. قارشى تەرەپ بەش - ئالتە ياكى ئوندەك بالا

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قوغلىسا، ئۇ شۇنداق تېز قاچاتتىكى، ھېچقانداق پىيادە ئادەم ئۇنى قوغلاپ تۇتالمايتتى. بەزىدە ئۇنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئارىغا كىرەتتى. چوڭلار ئۇنى قوغلاپ تۇتۇۋېلىشقا ئاز قالغاندا ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ كىر ماتا كۆڭلىكىنى سېلىپ تاشلايتتى - دە، ئۇنىڭ بېلىقتەك سىلىق بەدىنى قوغلىغۇچى ئادەمنىڭ قولىغا چىقمايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر قانداق قولدىن ئوڭايلا بوشىنىپ ئالاتتى - دە، دەرياغا ئۆزىنى ئاتاتتى. قوغلىغۇچىلار دەريا بويىغا كەلگەندە، ئۇ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوڭدا يېتىپ «ئېقىپ» كېتىۋاتقان بولاتتى.

قاراملىق بىلەن بالا - قازا بىر تۇغقان. زىخرۇللامنىڭ قاراملىق بىلەن بېشىغا بالا - قازا تېپىۋالغان ۋاقتىمۇ مۇشۇ «قوۋم ئارشالىقى»دا بولدى. ئۇ كۈنى بىر توپ سۇر كىيىملىك، قاسقان شەپكىلىك، رېزىن باغلاپ تاپانچا ئېسىۋالغان ئەسكەرلەر دەريا بويىدىكى تاللىقتا بىر نېمىلەرنى ۋارقىرىشىپ قارتا ئوينىماقتا ئىدى. بىر چەتتە، ئېگىزدە تۆت تال ساقىلى بار قورۇق يۈزلۈك چىشلىك بىرسى ئەرخۇ چالماقتا؛ كۆك تاۋاردىن تېقىمىدا يىرىقى بار ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، يۈزلىرى غەلىتە گىرىملەنگەن، كۆزلىرى كىچىك ۋە ئالغاي بىر ئايال ناخشا ئېيتماقتا ئىدى. زىخرۇللام دوستى ئىسرائىل تاز بىلەن بۇ ئۆمرىدە كۆرمىگەن چىرايلارنى قىزىقىپ تاماشا قىلىۋاتقاندا بىرسى ئىسرائىل تازنىڭ يوغان، سېسىق مالخىيىنى ئايالغا قارىتىپ ئاتتى. ئىسرائىل قوماق - پاخشەك بېشىنى قوللىرى بىلەن توسۇپ مالخاي بىلەن تەڭ تاۋكاغا سەكرىدى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ مالخىيىنى تېپىپ، دەسسەپ لاي - توپىغا مىلىۋەتتى. ئىسرائىل ئۆزىنى مالخىيىغا ئېتىۋېدى، قورقۇپ كەتكەن چاڭگىلىكىش ئايال جىنىنىڭ بارىچە چىرقىرىدى. ئەسكەرلەر ئىسرائىلنى تەپكىلى تۇردى. زىخرۇللام ئۆزى بىلەن بىللە پادا باقىدىغان دوستىنىڭ خورلىنىشىغا چىدىمىدى. ئۇ، قۇمنى ئوچۇملاپ ئېلىپ ئەسكەرلەرنىڭ كۆزلىرىگە ئۇرۇۋەردى. ئەسكەرلەر «ۋاي - ۋۇي» قىلىشىپ، قوراللىرىغا قول ئۇزاتقىچە، زىخرۇللام بىلەن ئىسرائىل دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈزۈپ بېرىۋالدى. بىر ئەسكەر تاپانچىسىنى چىقىرىپ، زىخرۇللامغا قارىتىپ ئوق ئاتتى، ئوق سۇدا «پىژ» قىلىپ قالدى. ئەسكەر ئىككىنچى قېتىم قورۇلغا ئېلىۋېدى، جىرەن ئات مىنگەن، قارا جىيەكلىك ئاق كىگىز مالخاي كىيگەن ئېگىز، ئاق سېرىق بىرسى ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن پېتى ئەسكەرنى قامچا بىلەن بىرنى ئۇرۇپ يىقىتتى. ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنى تۈزلىگىچە جىرەن ئاتلىق ئۇلاردىن ئىككىسىنى كىيىم - قوراللىرى بىلەن يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ دەرياغا تاشلىدى. قالغانلىرىنىمۇ ئەتراپتىكى يىگىتلەر ئۇرۇپ - چەيلەپ دەرياغا تاشلىۋەتتى. قوراللىرىدىن ئايرىلغان ئەسكەرلەرنى بايىقى ئادەم ئېتى بىلەن دەرياغا كىرىپ بىر - بىردىن سۇغا بۇرۇختۇم قىلىپ «ئەييا، جيۇمىڭا»غا ۋارقىرىتىپ، قاقاقلاپ كۈلدى.

ئەسكەرلەر سۇغا چۈشكەن چاشقانغا ئوخشاپ قېلىشتى. ئۇلار تاشلار ئارىسىدا ھوشسىزلىنىپ ئازاب بىلەن يېتىشقاندا، ئاتلىق ئادەم ئېتىنى ئۈزدۈرۈپ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كەتتى.

— غېنى ئوغرى! غېنى ئوغرى يۈردىكى قاپتەك يىگىت جۇمۇ!

— غېنى ئوغرى بولمىغان بولسا ئىسرائىل تاز بىلەن زىخرۇل بېلىققا يەم بولاتتى!

زىخرۇللام بىلەن ئىسرائىل بۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى. زىخرۇللام ئۇ كۈنى بىر نەرسىنى بىلدى: يۈرەكلىك ئادەملا باشقىلارنى قۇتۇلدۇرالايدىكەن.

زىخرۇللام شۇنىدىن باشلاپ دەريا، يار بېشى، ياۋايى تۈڭگۈزلار بىلەن ئېلىشىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىشتىن ئادەملەر بىلەن ئېلىشىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىشكە ئۆتتى. ئۇ، بىرىنچى باتۇرلۇقنى مەھەللىنىڭ بېيى نودەر شاڭيۇنىڭ چىشىغا تېگىشتىن باشلىدى.

ئوما ۋاقتى ئىدى. زىخرۇللام بەش ئورغاقچىنىڭ بېغىنى باغلاپ، چېپىينى تۇشۇپ، ئېتىنى يۆتكەپ (نارقاۋالانغان ئاتنى پات - پات يۆتكەپ ئوتلىتىش)، ياغاچ تىزلامچىسىنى شالدىرلىتىپ ئالدىراپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، قارا مالخاي كىيگەن، بېلىنى كۆك پوتا بىلەن باغلاپ يالاڭاياغ ئوما ئورۇۋاتقان نۇرۇللا ئىسىملىك شوخ يىگىتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدى:

— پاھ، خوتۇن خەقمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەنا، نودەر شاڭيۇنىڭ ئۆيىگە شەھەردىن چىققان ھېلىقى ئايالنى دەيمەنا، بېلىق، بېلىق، پاھ، بەدىنىنىڭ ئۇنىڭ بەدىنىگە تەگسە... ھا - ھا - ھا!

— ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىنى تامشىغىنا نۇرۇل!

— سەندەكلەرگە قارامدۇ ئۇ سەتەڭلەر، ھەي؟

— تىرنىقىغا ئالامدۇ!

بۇ گەپلەر بىلەن زىخرۇللام كۆرمىگەن ئايالغا ئۆچ بولۇپ قالدى. زىخرۇللامنىڭ نەزەرىدە نۇرۇللام ھەم چىرايلىق، ھەم ئەقىللىق يىگىت، ھەر قانداق ئايال ئۇنى يارىتىشى كېرەك. لېكىن ھېلىقى «شەھەرلىك» ئايال ئۇنى ئېلىۋۇتكەن تىرنىقىغا ئالماسمىش!

زىخرۇللامنىڭ مېڭىسىگە بىر ئەسكى پىكىر — ئايالنى بىر يەرگە قارىتىش ئەستىكى كىرىۋالدى. ئاخشىمى تونۇر بېشىدا تونۇرغا پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، بۇ پىكرىنى ئىسرائىلغا ئېيتتى. ئۇلار ئۇزاق پىچىرلاشتى.

ئەتىسى ئۇلار يار بېشىغا بېرىپ سېرىق چۆمۈلە (ئۇ يەرلىكلەر ئورۇس چۆمۈلىسى دېيىشىدۇ) ئۇۋىسىغا ئىچى كاۋاك قومۇشنىڭ بىر ئۇچىنى توغرىلاپ ئۇۋىنىڭ ئەتراپىنى ئاپانلىرى بىلەن كۆپۈلدىتىپ تېپىشتى. قومۇشنىڭ ئىچى چۆمۈلە بىلەن تولغاندا قومۇشنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى تۆشۈككە پاختا تىقىپ قويۇشتى.

ئۇلار يېرىم كېچىدە باي قورۇسىنىڭ ئۆگزىسىدە پەيدا بولۇشتى. قەدىمكى تارانچى بايلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە كوچا تەرەپكە قارىغان پەنجىرە دېرىزىلەر بولمايدۇ. سارايلىرىدا باغقا قارىغان چاقماق پەنجىرە بىلەن ئۆگزىدە تۆپە پەنجىرىسىلا بولىدۇ. ئۇلار تۆپە پەنجىرىدىن چىقىپ غۇۋا ئاي يورۇقىدا، ئۆيدە يۇمشاق كۆرپىلەر ئۈستىدە ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاۋاتقان شەھەرلىك جۇۋاننىڭ قامالاشقان بەدىنىنى بىردەم تاماشا قىلىشتى - دە، قومۇشنىڭ بىر ئۇچىدىكى پاختىنى ئېلىۋېتىپ جۇۋاننىڭ قىزىل تامبىلىنىڭ پۇشقاقلىرىغا توغرىلاپ قومۇشنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىن پۈۋلىگىلى تۇردى. جۇۋاننىڭ پۇشقاقلىرىدىن كىرگەن چۆمۈلىلەر دەرھاللا جۇۋاننىڭ ئارامىنى يوقاتتى. جۇۋان قىمىرلىدى، تولغاندى، ئويغاندى ۋە غەزەپ بىلەن تامبىلىنى سېلىپ يوتقاندىن تېپىپ چىقىرىۋېتىپ ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇردى. زىخرۇللام بىلەن ئىسرائىل قومۇش بىلەن ھىمىرىپ - تارتىپ ئىشتاننى چىقىرىپ ئالدى - دە،

ئۇنى ئۈچايدىن بۇرۇن ئۇما ئورۇۋاتقان يىگىتلەرگە بەردى ۋە بولغان ئىشنى كۈلۈپ ـ ھوزۇرلىنىپ سۆزلەپ بەردى. بويتاق ئوممىچىلار ھوزۇرلىنىشتى.

— ھەي، چوملە بولۇپ قالسامچۇ!

— قومۇش بولۇپ قالسامۇ مەيلىدى.

— زىخرۇل، ئىشتاننى ئەكەلگىنە، بىر كىيەي!...

— ھا-ھا-ھا...

— قىق، قىق، قىق!...

— كىي، يىرتىۋەت، باي قىزنىڭ ھالىغا ۋاي!...

كەمبەغەللەرنىڭ بايلارغا بولغان غەزىپى خىلمۇ خىل يوللار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ غەزىپى قىزىل ئىشتاننى بىر كۆمۈش، 40 يىللىق بويتاق يىگىتكە كىيدۈرۈش بىلەن ئىپادىلەندى.

لېكىن بىر دەملىك ھالاۋەت ئۇنتۇلغۇسىز ئازاب بىلەن ئالماشتى. 40 يىللىق بويتاق قىزىل ئىشتاننىڭ تىكىشلىرىنى سۆكۈۋەتكىچە كىيگەنلىكى ئۈچۈن 40 دەررە يېدى. زىخرۇللام مەسچىت ئۆگزىسىدە دۈم يېتىۋېلىپ بۇ جازانىڭ ئىجراسىنى كۆردى. بومبا ساقال، پالكۆز، دورداي كالپۇك مۇتىۋەللى دەررە بىلەن بويتاقنىڭ دۈمبىسىنى يالىڭاچلاپ قويۇپ غۇلاچىپ تۇرۇپ سىرىپ ئۇرغىلى تۇردى. مەزىن سانىماقتا، مۇتىۋەللى ئۇرماقتا، بويتاق تۇۋا قىلماقتا:

— بىر!

— تۇۋا!

— ئىككى!

— ياللا!

— ئۈچ!

— ئىللا بىللا!

— تۆت!

— ئىگىچ ئاناڭ! ۋاي ئاناڭنى!

بويتاق «تۇۋا» دېيىشىنى ئۇنتۇپ قالماقتا، قاقشىماقتا. قاۋۇل ئەزىمەتلەر ئۇنىڭ پۇت ـ قول، بېشىدىن چىڭ بېسىپ تۇرۇشماقتا. نودەر شاگىيۇ — قاپىقىدىن قار ـ مۇز يېغىپ تۇرىدىغان قارا ساقال، ئېگىز ئادەم زەھەرلىك كۈلۈمسىرەپ ھوزۇرلانماقتا. دەررە ئونغا بارغاندا جامائەت ئىچىدە «تىلەۋالايلى» دېگۈچىلەر پەيدا بولدى:

— تىلەۋالايلى!

— سورۇۋالايلى!

لېكىن مۇتىۋەللى تېخىمۇ كۈچەپ كەتتى. زىخرۇللام ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇ، مەسچىت تۇرخۇنىنىڭ كېسەكلىرىنى قومۇرۇۋېلىپ، جازالىغۇچىلارغا چالما ـ كېسەك ياغدۇردى. باش ـ كۆزگە چالما تېگىپ ئىششىغانلار ئىچىدە مۇتىۋەللى، مەزىن، نودەر شاگىيۇلارمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ «يۇرت بۇزۇقى»نى تۇتۇپ قاتتىق جازالاش ھۆكۈمى چىقىرىلدى. لېكىن جاۋابكار زىخرۇللام جامائەت ئۆزىنى ئوڭشىغىچە دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، نودەر شاگىيۇنىڭ ياپال مۈڭگۈزلۈك ئالاھۆكۈزىنى مىنىپ جاڭگال بىلەن شەھەرگە قاراپ قاچقانىدى.

شۇنداق قىلىپ زىخرۇللام 15 يېشىدا يالغۇز ئانىسىدىن، يۇرتىدىن ئايرىلىپ «يېتىمچى» بولۇپ غۇلجا — پىلىچى، لەنتەيزىلەردە خالك تېگىدە قىشلاپ، تامچى بولاق، دۇدشاڭ ـ كۇرەلەردە ئومچىلىق قىلىپ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى بالدۇرلا تېتىشقا باشلىدى.

ئۇ، بالا ۋاقىتلىرىدا كەمسۆز، لېكىن باش ئەگمەس، قىساسخور ئىدى.

3

پولكوۋنىك زىخرۇللامنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى. تەشكىل ـ رەھبەرلىكنىڭ ھەر قانداق قارار ـ بەلگىلىمىسىنى ئۈن ـ تىنسىز،

www.uyghurkitap.com

خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا ئادەتلەنگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن «پالكاۋنىك» دېگەن قۇرۇق نامىلا قالغان ئەخمەت ئىبراھىموۋ زىخرۇللامنىڭ يۈرىكىدىن چىققان نارازىلىقلىرى ئالدىدا ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى زىخرۇللام ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرغان نارازىلىقلىرىنى قېزىپ چىقارماقچى ئىدى. ئۇ، ماناس دەرياسى بويىدا زىمىلەنكا كولاپ، قورالىنى چىڭ تۇتۇپ ئۈرۈمچىگە تىكىلىپ بىكاردىن - بىكارلا ئۈچ - تۆت يىل ياتقاندىمۇ «نېمىشقا ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلمايمىز؟» دەپ ئىچىدە نارازى بولغان، لېكىن بىرسىگە تىنمىغان، كېيىن يەر ئىسلاھات خىزمەت دۆيىدىن 5 - كورپۇس سىياسىي باشقارمىسىغا قايتقاندا، ئۇ يەردىن «بوز يەر ئېچىش» ئۈچۈن بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندىمۇ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە «قارار»غا نارازى بولغان، لېكىن چىرايىدا خۇشاللىق ۋە رازىلىقتىن باشقا ھېچنەرسىنى ئىپادىلىمىگەن. ئۇنىڭ قولىدا ئىشلىگەن، ھېچ ئىشتا قابىلىيىتى يوق بىرلىرى ئۇنىڭ كۆزىچىلا ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ناچار ئۇسۇل — يالغان ئېيتىپ باشقىلارنى «كۆيدۈرۈش» يولى بىلەن يۇقىرى ئورۇنلارغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇنى كۆزگە ئىلماس بولۇۋالغاندا، ئەخمەت ئىبراھىموۋ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلاندى، لېكىن چىرايىدىن قىلچە نارازىلىق ئىپادىسىنى بىلدۈرمىدى. ئۈسكۈچى ئۈچۈن تەبىئىي كۈلكىسى بىلەن خۇشاللاندى ۋە ئۇنى تەبرىكلىدى. بۇنداق ھەقىقەتسىزلىك ھامان ئاشكارىلىنىدۇ، ھامان ئالتۇن بىلەن چالما ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ، دەپ قاراپ، سەۋرى - تاقەت بىلەن ھەقىقەتنىڭ غەلىبىسىنى كۈتۈپ يىللارنى ئۆتكۈزدى. ھەقىقەت بىلەن ناھەقچىلىك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا نۇرغۇن ئېلىشتى. ھەقىقەت يەڭگەن چاغلارمۇ، ناھەقچىلىك يەڭگەن چاغلارمۇ، ئۇ چىن قەلبىدىن خۇشال بولغان چاغلارمۇ، خاپا بولغان چاغلارمۇ بولدى. لېكىن خۇشاللىق ئۆزگەرتەلمىگەن ۋەزمىنىلىكىنى خاپىلىقمۇ ئوخشاشلا ئۆزگەرتەلمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەمكىنلىك، قانائەت، خورسەنلىك تۇرمۇشنىڭ ئاپتىپىدا قانداق ئۆچمىگەن بولسا، قەھرىتان سوغۇقلىرىدىمۇ شۇنداقلا رەڭ ئۆزگەرتمىدى.

يىللارنىڭ سىناقلىرى ئۇنى ھەممىگە كۆندۈردى، ھەممىگە چىداملىق قىلىپ تاۋلىدى. ئۇ بۇرۇن بىلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى مۇشۇ تىنچ، پۇرۇخ ھەدى يوق پاكىزە ھاۋادا بىلدى. قان تۆكۈش، جان ئۈزۈش بىرلا نەرسىنى يەنى كۆرۈنۈپ تۇرغان، نامى ئېنىق دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشنىلا بىلدۈرگەن بولسا، مۇنۇ تىنچ ھايات ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرىدىغان، نامى چىرايلىق، شەكلى بەلگىسىز نۇرغۇن نەرسىلەر بىلەنمۇ ئېلىشىش زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، چاچلىرى ئاقارغان، خىيالچان يۈزىنى قورۇقلار قاپلىغان ئەخمەت ئىبراھىموۋ مۇنۇ ئۆز دەۋرىنىڭ قەھرىمانى، تىنچ دەۋرنىڭ تەلۋىسى بولۇپ قالغان زىخرۇللام نادىرووۋقا بۇ يەردىن كېتىش ئالدىدا ھايات قامۇسىنىڭ ئۇنىڭغا بەلگىسىز بولغان سىرلىق بەتلىرىدىن بىر نەچچىسىنى ۋاراقلاپ كۆرسىتىپ قويۇشنى زۆرۈر ھېسابلىدى:

— ئولتۇرغىن، نادىرووۋ! —، دېدى ئۇ بېلىدىكى كەمىرىنى، بېشىدىكى شەپكىسىنى ئۆز جايلىرىغا قويۇپ، چېچىنى چىرايلىق تاراپ، ئۈستەلگە جەينىكى بىلەن تايانغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىچىدىغان

www.uyghurkitap.com

بولغانىدىكەن بىللە ئىچەيلى، بەلكى ئاخىرقى قېتىم ئىچكىنىمىز مۇشۇ بولۇپ قالار، بەلكى بىز مۇشۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈككە خۇشلاشقان بولارمىز. بىلىپ قوي، ئادەملەر ھامان بىر - بىرسى بىلەن خوشلىشىدۇ، يېقىن دوستلار، ئاكا - ئۇكىلار، ئاتا - باللار ھامان بىر - بىرى بىلەن خوشلىشىدۇ. كىم ئۆز ئاتا - ئانامنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۇزىتىمەن، دەپ ئېيتالايدىكەن؟ مەن يېزىدىن چىقىپ كەتكىلى نەچچە يىل بولدى؟ نەچچىلىگەن كۆڭلى يېقىن تۇغقانلار: دادام، كىچىك دادام، تاغام، ھەدەم، تاغامنىڭ مەن بىلەن تەڭ قۇرامىق ئوغلى دۇنيادىن ئۆتتى. مەن ئۇلارنى قانچىلىك ياخشى كۆرەتتىم، بىلەمسەن؟ بىلمەيسەن، ئۇ بىر ماڭلا بەلگىلىك. ئۇلار مېنى كېلىپ دىدارلىشار، دەپ قانچىلىك ئىشەنچ بىلەن كۈتتى؟ لېكىن بىز سوغۇقلا، قۇچاقلاشماي، قول قىسىشماي، كۆز يېشى قىلىشمايلا خۇددى قويلاردەك ھېسسىياتسىزلا خوشلاشتۇق. ئۇلار مېنىڭ كۆز يېشىمنى كۆرگەن بولسىمىغۇ مەيلىدى. مانا ئەمدى مەن بۇ يەر بىلەن خوشلىشىمەن! بەلكى مۇشۇ كەتكىنىمچە قايتا يۇرتۇمغا كەلمەسمەن، مېنىڭ قەبرەم ئەشۇ نامەلۇم تەكلىماكان ئىچىدىكى توغراقلىقلار ئارىسىدا بولار. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەن بىلەن خوشلاشقىلى ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىنلىرىمدىن بىرەرسىمۇ كەلمىدى. مېنىڭ يېقىنلىرىم چەت ئەلدە، ياكى ياقا يۇرتلاردا ئەمەس، 100 كىلومېتىردەك نېرىدا. بوسۇغىدىكى تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشەلمەسلىكىمگە نېمە توسالغۇ بار؟ بۇ ئارىلىقتا يولداش نادىرۇق، تاغ - دەريا ياكى ئارازلىق يوق. بىرلا توسالغۇ بار، ئۇ بولسىمۇ بۇزغىلى بولمايدىغان ئىنتىزام - تۈزۈم! ئۇلارنى ئۈزۈك

بىلمەسەن، ئۇلارنىڭ سىڭىپىمۇ ئەركىسى...

ئىبراھىموۋ ئىككى ئىستاكانغا ھاراق قۇيدى. ئۇلار بىردە ھاراقنى، بىردە بىر - بىرىدىكە قارىشىپ جىم بولۇپ قېلىشتى. ئىبراھىموۋ ئۆزىنىڭ ھاياتىدا «ئىنتىزام» دېگەن بىر سۆزنىڭ قانچىلىك سالماققا ئىگە بولغانلىقىنى دەسەپ كۆرۈۋاتقان بولسا، نادىرۇق بۇ بىر جۈملە سۆز بىلەن ئۆز باشلىقىنىڭ قانچىلىك زور زىيانلارغا يول قويغانلىقىنى ئويلىماقتا ئىدى.

يىللار ئۆتتى، لېكىن يىللار ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

بۇندىن 18 يىل بۇرۇنقى كەچكۈز.

غول - غوللاردىن ئېقىپ چىققان بوزغۇنلۇق تاغ سۈيى ھەيۋەتلىك شارقىرايدۇ. ئۇلار ئۈچ يىگىت شۇ سۇ بىلەن بىردە ئېقىپ، بىردە يۈگۈرۈپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى كۆزلەككە كېتىپ باردۇ. ئۇ يەردە گومىنداڭنىڭ ئاپتومات، پىلىموتلار بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلىرى بار. ئۇلارنىڭ سانى قانچە، كۆزلەكنىڭ ئەتراپى ۋە تۈزۈلۈشى قانداق؟ ئۈچ يىگىتنىڭ ۋەزىپىسى مانا مۇشۇلارنى ئېنىق بىلىپ كېلىش.

— شەپە چىقارماستىن، ھېچقانداق قورال ئىشلەتمەستىن ۋەزىپىنى ئورۇنداپ قايتىڭلار. ئىككىڭلار ئىبراھىموۋقا بويسۇنۇڭلار. بۇ بىر ئىنتىزام، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئېتىلىدۇ — دېگەنىدى ئۇلارغا قورال ئىشلىتىشنى ئۆگەتكەن، ئۇيغۇرچە بىلەن قازاقچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان ناتونۇش، سورلۇك ئادەم ئۇلارغا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېتىپ.

تاغ سۈيى ھەم ئۇلارنى قىينىماقتا، ئۇلار تىترىمەكتە، بۇرۇختۇم بولماقتا، ھالسىرىماقتا ھەم ئۇلارنى قوغدىماقتا؛ ئۇلارنىڭ نە ئاياغ، نە نەپەس تىۋىشى ئاڭلانمايدۇ. كۆزلەك

«ئوغرىلار»نىڭ ھۇجۇمىدىن خاتىرجەم ئوخشايدۇ؛ چارلىغۇچى چىراغلارمۇ، پىلىموت ئاۋازىمۇ ئۆچتى. ئۇلار سۇدىن چىقىپ يىلاندەك يەر بېغىرلاپ چىققىلىق بىلەن ماڭدى-دە، كۆزلەكنىڭ سوقما تېمىغا يېقىنلاشتى.

— نادىروۋا تامغا چىق!

نادىروۋ تۆلەندى بىلەن ئەخمەتنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ 22 ياغاچلىق سوقما تامغا چەبدەسلىك بىلەن چىقتى ۋە ئېگىشىپ تۆلەندىنىڭ قولىدىن تارتتى.

ئۇلار يالىڭاياغ ھالدا تىۋىش چىقارماستىن ئۆگزە بىلەن ئۆمىلەپ تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىگە قاردى. نادىروۋ قوراللىرىنى باغرىغا بېسىپ ياتقان ئەسكەرلەرنى ساناپ ئۈلگۈردى. ئۇلار 47 نەپەر، كۆزەتچىلەر بىلەن 50 نەپەر بولسا كېرەك. نادىروۋ تۈڭلۈكتىن سەكرەپ چۈشۈپ 47 دانە قورالنى يىغماقچى بولدى. تۆلەندى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرۇپ: «ئىنتىزام» دېدى. نادىروۋ ئەخمەتكە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە تامغا ياماشتى. ئەخمەت ئۇنىڭ پۇتىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، پىچىرلاپ:

— بىلىپ قوي، بۇ قىلىقىڭ ئۈچۈن ئېتىلىسەن! — دېدى.

نادىروۋ ئۇنى سىلكىۋېتىپ تام ياقىلاپ ئۆمىلەپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئىككى ئاپتومات، بىر بەش ئاتارنى سۆرەپ قايتىپ كەلدى ۋە سۇغا چۈشكەندىن كېيىن:

— ساپلا بالىلاركەن، بۇلارنى بوغماق مۈشۈكنىڭ چاشقاننى بوغقىنىدەكلا ئاسانكەن. ھەش-پەش دېگۈچە ئۇخلاپ قالغان ئۈچ قاراۋۇلنى غىقلا!..

— بولدى قىل، نادىروۋ، ئىنتىزامنى بۇزغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەتە!..

— پارتىزانلارغا ئۈچ تال قورال تېپىپ بېرىپ، ئەتە ئېتىلىپ كەتسەممۇ مەيلى! — دېدى نادىروۋ.

ئەتىسى راستىنلا نادىروۋقا ئىنتىزامنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن «سوۋېت قىزىل ئارمىيە ئۇستاۋى»غا بىنائەن باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلىندى. ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدىغان چاغدا تاپانچا تۇتقان ئېگىز بىر ئادەم تەرلەپ كەتكەن، يوغان جىرەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلدى:

— ۋۇي ھەزىلەكلەر! — دېدى تاپانچىسىنى كاماندىرغا تەڭلەپ، — سېنىڭ بۇ «ئىنتىزام-پىنتىزام»لىرىڭ بىلەن دۈشمەننى يوقاتقىلى بولمايدۇ. ماڭ، كۆزلەككە ھۇجۇم قىلىمىز. ھۆكۈمىڭنى دۈشمەنگە ئىشلەت!

بۇ ئادەم غېنى باتۇر ئىدى. زىخرۇللامنى ئىككىنچى قېتىم غېنى باتۇر قۇتقۇزۇۋالدى.

كەچتە كۆزلەكنى ئېلىش ئۈچۈن قاتتىق جەڭ بولدى. تۆلەندى، ساشكا، ياقۇپ، شامىل، قۇربانجانلار شۇ جەڭدە ئۆلدى، ئەخمەت ياردىلاندى. ناۋادا ئاخشىمى قوراللارنى ئېلىۋالغان بولساچۇ؟

— شۇ چاغدا سىز «ئىنتىزام» دەپ پۇتۇمغا يامىشىپ تۇرۇۋالمىغان بولسىڭىز، ئەشۇ بەش يىگىت ئۆلمىگەن بولاردى — ھە، ھۆرمەتلىك پالكاۋنىك؟

— نېمە، قاچانغىچە ئۇ كونا خاماننى سورۇيسەن؟

— تونۇلغۇنكى ئىشقۇ ئۇ؟

— بەللى، 1944-يىلى كۆزدە بولغان ئىشنى تونۇلغۇنكى ئىش دەۋاتقىنىڭنى قارا!

— قارىماققىنىڭمۇ پايدىسى بار دەيمەن-دە!

— ئۇنداقتا ساراڭلىقىڭچۇ؟

— يولداش پالكاۋنىك، مېنى مازاق قىلماسىڭىزكەن، غېنى باتۇر قاراملىق بىلەن باتۇر بولغانمۇ-ھە؟

www.uyghurkitap.com

— سەن ئېنى باتۇردىن باشقا يەنە كىمنى بىلەتتىڭ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، سۇۋۇرۇۋ، كوتۇزۇۋ، ناپالېيون، ستالىن، كاتوۋىسكى، ژۇكوۋ، جۇدې، پىڭ دېخۇەي، خې لۇڭ، ليۇبوچېڭ ... ۋاي - ۋۇي، دۇنيادا قوماندان، قەھرىمان تولا: ئۇلار قارامىلىق بىلەن ئەمەس، ئىنتىزام، پولاتتەك ئىنتىزام بىلەن غەلىبە قازانغان، قەھرىمان بولغان!

— قېنى ئەمىسە، رومكىنىمۇ ئىنتىزام بىلەن كۆتۈرەيلى!

نادىروۋ مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، رومكىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.

— قارام — تەلۋە! — دېدى ئىبراھىموۋ ھاراقتىن بىر يۇتۇم ئىچىپ، پۇرچاقتىن بىرنى ئېغىزىغا سېلىپ، — ھاراقنىمۇ قارامىلىق بىلەن ئىچسەن، ھەر رومكىدىن كېيىن مۇشۇنداق زاكوسكا يېيىشنىمۇ بىلمەيسەن. ۋاي، گىرى — تەلۋە، مۇشۇ قارامىلىقىڭ بولمىسا، ئۆسەتتىڭ، ئىست! قارامىلىقىڭ بېشىڭغا چىقمىسا بولاتتىغۇ.

ئۇلار يەنە جىمىپ قىلىشتى.

4

قارامىلىق شۇنچىلىك زىيانلىقمۇ؟ لېكىن نادىروۋ قارامىلىقتىن زىيان كۆرمىدىغۇ. ئۇنىڭ قايسىبىر غەلىبىسى قارامىلىقىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسكەن. ئۇ، گومىنداڭ تۈرمىسىدىنمۇ قارامىلىق بىلەن قېچىپ قۇتۇلغان: زىخرۇللام ئۇ چاغدا كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدىغان، بۇرنى كۆپكەن يىگىت ئىدى. ئۇ، يېزىسىدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىپ سۈيدۈڭ بازىرىغا ئىش ئىزلەپ باردى. ھاۋا شۇنچىلىك ئىسسىق، دىمىق ئىدى، تەر توختىمايتتى، دەرەخلەر سۈرەتتەك ھەرىكەتسىز، ئەتراپ تونۇردەك ھىلىلداپ كەتكەنىدى. ئۇ، بىر تاۋۇز سېتىۋېلىپ ئېرىق بويىدا زوڭزايدى-دە، تاۋۇزنى مۇشتۇمى بىلەن ئۇرۇپ چاقتى، بىر پارچىسىنى ئىشتاھا بىلەن يەپ شاپىقىنى كەينىگە تاشلىدى. شۇ زامان بىرسى ئۇنىڭ بېلىگە كۈچ بىلەن تەپتى. زىخرۇللام كەينىگە قاراپ باغلاقتىكى تەلۋە ئىتتەك خىرىس قىلىپ تۇرغان دورداي كالپۇك، پاناق بىر ئەسكەرنى كۆردى. كۈلرەڭ ماتادىن ھەربىيچە كىيىم كىيىپ، تومۇزدىمۇ تۇجۇركا ئۈستىدىن ھەربىيچە تاسما پوتا باغلىۋالغان كۆرۈمسىز ئەسكەر زىخرۇللامنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىنى قوزغىدى:

— نېمە تېپىسەن، ھەي ئادەم سەتى؟

— تېپىسەن دېسەنا زىۋازا؟ — ئەسكەر شاپاق ئىزى بار شەپكىسىنى كۆرسەتتى.

— قەستەن ئاتتىمۇ؟

— قەستەن ئاتماقچىمىدىڭ تېخى! — تامادى زېي دۈگشى!

ئەسكەر مىلتىقىنىڭ پايىنىكى بىلەن زىخرۇللامنى بىرنى ئۇردى.

— ئۇردۇڭ - ھە، قوتۇر ئىت! — زىخرۇللام ئەسكەرنىڭ ئىككى يەلكىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ باش بىلەن ئۇردى، ئەسكەر ئوڭدىسىغا چۈشتى. زىخرۇللام ئۇنى دەسسىمەك بولۇپ ئايىغىنى كۆتۈرۈۋېدى، ئىككى چېرىك قوراللىرىنى تەڭلەپ يېتىپ كەلدى ۋە زىخرۇللامنى باغلاپ تۈرمىگە ئېلىپ باردى. تۈرمىدە ھېلىقى دورداي كالپۇك قولى باغلاقلىق زىخرۇللامنى رېمون، تاياق، ئاياغ، مۇشت، ھەتتا تاش بىلەن شۇنچىلىك جىق ئۇردىكى، زىخرۇللام ئۆز جېنىنىڭ قانچىلىك چىڭ ئىكەنلىكىنى شۇ كۈنى كۆردى ...

ئۇ توپتوغرا يەتتە كۈننى تاياق- دۇمبا بىلەن ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى گۇندىپاي ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تۈرمە دېرىزىسىنى بۇزۇپ قاچتى - دە، شۇ قاچقىنىچە بىر نەچچە ئاي قاڭقىپ قاقشاپ يۈرۈپ 1944 - يىلى كەچكۈزدە نىلقا تاغلىرىغا قېچىپ بېرىپ،

كوممۇنداڭغا قارشى قوزغالغان «ئالتە ئوغرى»-لارغا قېتىلدى. ئاۋادا ئۇ، كوممۇنداڭ ئەسكەرلىرىنى قاراملىق بىلەن ئۇرمىغان بولسا، قاراملىق بىلەن تۈرمە دەرۋازىسىنى بۇزۇپ قاچمىغان بولسا، پارتىزان - ئەسكەر-قەھرىمان بولالايتتى-مۇ؟

ئۇ، پارتىزان بولغاندىمۇ قورالى يوق، كالتەك بىلەن قوراللانغان پارتىزان ئىدى. دۈشمەن دېگەن كالتەك بىلەن ئۇۋلايدىغان توشقان ئەمەستە. ئۇ، نىلقا تاغلىرىدا يۈرۈپ باتۇرلارنىڭ ئىزىدىن قالماي باتۇرلۇق-قاراملىقنى ۋايىغا يەتكۈزدى. كالتەك - چوماق بىلەن دۈشمەننىڭ پىلموت، مىلتىق بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىرادە، پاراسەت، قەيسەرلىككە ئادەتلەندى. 1944 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرى پارتىزانلار ئەترىتى غۇلجا شەھىرىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىشىش ئۈچۈن تاغ ئارىلىرىدا ئۇزۇن ۋاقىت يول مېڭىپ غەربكە يۈرۈش قىلدى. 7 - نويابىر كۈنى ئۇلار غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش جېڭىگە قاتناشتى. زىخرۇللامنىڭ مىلتىقى يوق بولغاچقا ئۇ پوسقا تۇرۇش، نەيزىسى بىلەن قوراللىق پارتىزانلارغا تام تېشىپ بېرىشكە ئوخشاش ئىشلارنى قىلدى. ئۇ، بۇ چاغلاردا مىلتىققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بىر قاراملىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ پۇرسەت كۈتتى.

بۇ پۇرسەت سوغۇق، ئاچچىق شامال يۈز-قوللارنى ھەردەك چېقىپ تۇرغان بىر كۈنى ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ كۈنى تاڭ سەھەردە قوزغىلاڭچىلار لياڭشاڭغا ھۇجۇم باشلىغانىدى. پۈتۈن غۇلجا خەلقى بۇ ھۇجۇمنىڭ غەلىبىسىنى تىلەيتتى. مىڭلىغان پىدائىيلار تاياق - توقماق، ھەتتا قورۇق قول پېتى ئالدىنقى سەپكە كەلگەنىدى. زىخرۇللام تەرلەپ - پىشىپ قوراللىقلار ئۈچۈن تام تېشىپ بېرىۋاتاتتى. بىر مىناميوتچى «ئوق!» دەپ ۋارقىرىدى. زىخرۇللام خۇددى ئۆزىگە بۇيرۇق بېرىلگەندەك چاپقۇن يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي، بىر يەشىك مىناميوت ئوقىنى كۆتۈرۈپ مىناميوتچىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

— يات، زىخرۇل ... يات! — ئۇنىڭ قۇلىقىغا نە بۇ ئاۋاز، نە ئەتراپىدا ھەردەك ئۇچۇپ يۈرگەن ئوقلارنىڭ «ۋىژ-كۇش-چىۋ» قىلغانلىرى ئاڭلانمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى دۈشمەن پوتەيىدە، پوتەيگە مىناميوتتىن ئوق ئېتىۋاتقان جەڭچىدە ئىدى. ئۇ، بىر يەشىك ئوقنى مىناميوتچىغا بەرگەندە مىناميوتچىنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرھال تاملارنى دالدا قىلىپ كەينىگە ياندى - دە، ئىككىنچى يەشىكنى كۆتۈرۈپ يۈگۈردى. ئوقلار ئۇنىڭ ياقىسى، يىرتىق چاپىنىنىڭ ئېتەكلىرىنى، كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتىنىنى يالاپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا قاراپ يوشۇرۇن يەردە تۇرغۇچىلار:

— پاھ، يۈرەكى قاپقىنا!

— يات، ئۆلىسەن!

— قاراملىقنى ۋوي!

— ئوغۇل بالا! — دەپ ۋارقىرىشاتتى.

زىخرۇللام ئوق يامغۇرى ئىچىدە يۈگۈرۈپ، ئۆمىلەپ، دومىلاپ يۈرۈپ ئالتە يەشىك ئوقنى ئاپارغاندا مىناميوت ئوقىدىن پوتەي پارتىلىدى.

— ھۇررا! كۈچلۈك سادا غۇلجا ئاسمىنىنى تىترەتتى. يۈزلىگەن ئەزىمەتلەر ئالغا يۈگۈردى. تۇيۇقسىز ئاكوپتىن پىلموت ئوقى ئېتىلدى - دە، بىر جەڭچى يىقىلدى، قوزغىلاڭچىلار يېتىشقا مەجبۇر بولدى، يالغۇز زىخرۇللاملا ياتمىدى، ئۇ، دۈشمەن ئاكوپىغا قاراپ ئۆمىلىدى. يۈزلەپ كۆزلەر بۇ «قارام»

www.uyghurkitap.com

يىگىتكە تىكىلدى. چۈنكى، دۈشمەن پىلىموتىنىڭ ئوقلىرى ئۈۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك ئۇنىڭ بېشىدا ۋىژىلدايتتى.

... مانا بۇ ـ قارامىلىقنىڭ پايدىسى بولماي نېمە؟ ھەي ئىبراھىموۋ، ھەي پالكاۋنىك، سىز ئىنتىزام ـ ئىنتىزام دەپ بەلكى ئاشۇ ئوقتىن قورقۇپ ياتقانلارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالار ئىدىڭىز. مەن قانداق قىلدىم، ئاڭلاپ قويۇڭ ...

... زىخرۇللام دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن يەر ئاستى ئاكوپى يېنىدىن بىر ياردارنى سۆرەپ ئېلىپ چىقتى، بۇ ئىشنىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېجىردى. ياردارنى سانىتارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ يەنە ئوق چىقىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ئۆمىلەپ يۈرۈپ كەتتى. يۈزلىگەن، يەرگە چاپلىشىپ ياتقۇچىلار ئىچىدىن:

— ئاپىرىن!

— ئاتاڭغا رەھمەت!

— ئامىن!

— خۇدا ئۆزۈڭ ساقلا! دېگەندەك مەدەت بەرگۈچى ئاۋازلار ئاڭلاندى. زىخرۇللام يەنە ئالغا قاراپ ئۆمىلىدى. ئۇ، دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن ئاكوپى يېنىغا باردى. ئۇ يەردە بىر جەڭچى ئېڭىراپ ياتاتتى. ئۇ، جەڭچىنى ئازگاللىراق يەرگە سۆرەپ ئاپىرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى ـ دە، يەر بېغىرلاپ ئۆمىلىدى. دۈشمەن پىلىموتى ئۇنى نىشانغا ئالدى. قۇرۇق قول بىلەن پىلىموتقا قارشى جەڭگە ئاتلانماق بىر چوڭ قەھرىمانلىق: «ھەي ئىبراھىموۋ، ئاڭلىدىڭىزمۇ، قارامىلىق بىلەن قەھرىمانلىق بىر كېزەك!»

— زىخرۇللام، يات!

— ئىسىت، ياش كەتتى!

لېكىن زىخرۇللام بىر دومىلاپلا دۈشمەن ئاكوپىغا چۈشتى ۋە دۈشمەن پىلىموتىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۆلگەن گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ جەسىتىگە يولۇقتى. جەسەت سۇيىدۇكتە ئۆزىنى ئۇرغان ھىڭگاڭ ئەسكەرنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ، ئەسكەرنىڭ كانىيىغا دەسسەۋېتىپ ئۇنىڭ بېلىدىكى گراناتىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن گراناتىنى ئالدى ـ دە، دۈشمەن پىلىموتىغا قارىتىپ ئاتتى. «گۇم!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ «ئۇررا!» دېگەن كۈچلۈك سادا كۆتۈرۈلدى.

زىخرۇللام شۇ كۈنى بىر مىلتىق بىلەن بىر پىلىموت غەنىمەت ئالدى. قارامىلىق قىلمىغان بولسا، زىخرۇللام قورالغا ئىگە بولالايتتىمۇ؟

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دەيمەن، قارامىلىقنى بىلمىگەن ئادەم قەھرىمان ئەمەس!

— نېمە؟ نېمانداق باش ـ ئاخىرى يوق پاراڭ قىلىسەن نادىرووۋ. دېدىمغۇ، قارامىلىقنىڭمۇ ئۆز يولى بار، ھەممىلا جايدا قارامىلىق ئاقىۋەرمەيدۇ، بولۇپمۇ تىنچ قۇرۇلۇش دەۋرى، سىنىپىي كۈرەش دەۋرىدە قاراملاردىن دۈشمەنلەر پايدىلىنىدۇ!

ئۇلارنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى. نادىرووۋ مەست بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆز باشلىقىغا گەپ ياندۇرۇشقا باشلىدى. ئىبراھىموۋ ھازىرغىچە بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرمىگەنىدى.

— سەن نېمە بولدۇڭ، نادىرووۋ، سەن مەندىن نارازى ئوخشىمامسەن؟

— نارازى.

— نېمىدىن؟

— ئەشۇ ئىنتىزام ـ پىنتىزاملىرىڭىزدىن نارازى. قارامىلىق مېنىڭ بېشىمغا چىقماس. ئەمما لېكىن، ئەشۇ ئىنتىزام ـ پىنتىزاملىرىڭىز سىزنىڭ بېشىڭىزغا چىقىدۇ!

— مانا قارا، سەۋەب؟

— قارىلىقتىن پايدىلانغان دۈشمەن، سىزنىڭ ئىنتىزام - بىنتىزاملىرىڭىزدىن پايدىلانماسمۇ؟ مانا سىزنىڭ يۇمشاق، ئىتائەتمەنلىكىڭىز سىزنى تارىمغا ئېلىپ ماڭدى، ھۆرمەتلىك پالكوۋنىك!

— تارىمغا بېرىشنىڭ نېمە زىيىنى بار، بوز يەر ئاچىمىز، بۇ خەلققە، دۆلەتكە پايدىلىقتۇ. قېنى، ئالدىڭىزدىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىڭ زىخرۇللام، يارايسەن، ھاراقنىمۇ كوماندا بىلەن ئىچىشكە ئادەتلەنگەن!

— لاۋگەيگەنچۇ؟ لاۋگەيگەنمۇ كوماندا بىلەن بېرىشقا ئادەتلىنەمدۇ؟

— قوپاللىق قىلما نادىرووۋ، تاپتىن چىقىۋاتىسەن، گەپلىرىڭ نامىڭغا ماسلاشمىدى!

— بۇنداق قۇرۇق «قەھرىمان» دېگەن نامنى ئەخلەت ساندۇقىغا چۆرۈۋېتىمەن، ھۆرمەتلىك پالكوۋنىك!

— نېمە دېدىڭ؟ سەن مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىن خەلقنىڭ ئالىي مۇكاپاتى بولغان ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان، 1950- يىلى غەربىي شىمال بويىچە 1- دەرىجىلىك كۈرەش قەھرىمانى بولۇپ سايلانغان شان - شەرەپ ئىگىسى، نامىڭغا لايىق ئىش قىل، نامىڭغا يارىشا گەپ قىل، جەڭچى نادىرووۋ!

ئىبراھىموۋ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، تۈمۈردەك قارىداپ قوللىرىنى شىلتىپ نادىرووۋنى ئەيىبلىدى. نادىرووۋمۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى. ئۇ، باشلىقىغا ھۆرمەت بىلەن چاس بەردى ۋە قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ئىبراھىموۋغا قادىلىپ تۇرۇپ:

— شۇنداق، ھۆرمەتلىك پالكوۋنىك! لېكىن بۈگۈن يەنى 1962- يىلى كەچكۈزدە نادىرووۋ بىر ئەخلەت، سىزمۇ ھەم ئەخلەت، ئىشەنمىسىڭىز ئىختىيارىڭىز، ماڭا كېتىشكە رۇخسەت قىلىڭ!

— يوقال! — دېدى ئىبراھىموۋ بىگىز قولى بىلەن ئىشىكنى كۆرسىتىپ، — ئىككىنچى ماڭا كۆرۈنگۈچى بولما!

نادىرووۋ سەندىرەكلەپ تالاغا — سىم - سىم يامغۇر قوينىغا قاراپ ئېغىر قەدەم باستى.

5

ئۇلار بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن يەنى 1954- يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيە مۇشۇ دېۋىزىيىسىنىڭ مەيدانىغا بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن كەلدى. شۇ چاغدا زىخرۇللام ئۇرۇش قەھرىمانى دېگەن نام بىلەن كۆكرىكىگە ئوردېنلار قاداپ مەملىكەتنىڭ چوڭ - چوڭ شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ قايتقان شەرەپ ئىگىسى ئىدى. ئۇ «بوز يەر ئېچىش» تا يەنە بىر چوڭ شان - شەرەپكە ئىگە بولۇشنى ئويلاپ ئىبراھىموۋ بىلەن بىللە خۇشاللىقتىن قەدەھ كۆتۈرۈشكەنىدى. نادىرووۋ قارا كۈچىنى ئايىماستىن كەتمەن - گۈرجەك بىلەن ئۈچ - تۆت يىل ئۆستەڭ - ئېرىق چاپتى، دەرەخ تىكتى، يەر تۈزلىدى، قارا كۈچ ھېسابىغا بىرەر قېتىم مۇكاپات ياكى ماختاشقا ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ تەتۈرسىچە، ئۆمرىدە جەڭ كۆرمىگەن، بىر كەتمەن توپىنى نېرى قىلىپ باقمىغان ئىسلاموۋ «بوز يەر ئاچقۇچى قەھرىمان» دېگەن نام بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشتى. نادىرووۋ يېرىلغۇدەك خاپا بولۇپ ئىبراھىموۋغا:

— ئىسلاموۋ گومىنداڭدىن ئەسىرگە چۈشكەن، ئادەم چىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان نان قېپى. نان قېپىلارنى ئۆستۈرىدىغان قانداق ئورۇن بۇ؟ دېۋىدى، مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن رەھبىرى بولغان ئىبراھىموۋ:

— ئۇنداق دېمە، ئۇنىڭ مەيدانى مۇستەھكەم، ئېڭى يۇقىرى! — دېدى.

نادىرۇۋ بۇ گەپلەرگە قارشى ھېچنېمە دېمىدى.

«باشقىلار 2 — 3 كوبادىن تۇپا قازغان يەردە مەن 80 — 90 كوبا (كۇب مېتىر دېمەكچى) تۇپا قازدىم. ئېرىق چېپىش، يەر تۈزلەشتە 7 — 8 ئادەمنىڭ چامىنى تۈگەتتىم. كىشىلەر بىر سېۋەت بىلەن تۇپا توشۇسا، مەن ئىككى سېۋەت بىلەن تۇپا توشۇدۇم. ئاتتەك ھارۋا سۆرىدىم، ماشىنىدەك يەر كولىدىم، قۇلدەك ئىتائەت قىلدىم، بۇلار مەيدان، ئاق ئەمەسمىكەن-ھە؟» دەپ ئويلىغانىدى ئۇ چاغدا نادىرۇۋ، لېكىن ئىبراھىموۋغا بولغان ئېتىقاد، ھۆرمىتى بۇ سۆزلەرنى ئىچىگە يۇتقۇزۇۋەتكەنىدى ...

ئۇلار سەككىز يىل بۇ يەرگە ئۈمىد بىلەن تەر تۆكتى. ئۇلارنىڭ تەرىدىن بۇ يەردە چىرايلىق ئۆيلەر، مېۋىلىك باغ، سايىلىق يوللار، سالا ئېتىزلار، ئورمان بەلباغلىرى پەيدا بولدى. ئۇلار بۇ شورتاڭ يەرگە راسا مۇھەببەت باغلاپ ئۈمىد چېچەكلىرى مېۋە بېرىۋاتقان چاغدا ئىبراھىموۋ بۇ يەردىن كېتىدۇ، ئۇ، مۇشۇ تۇپراقتا تۇغۇلغان بالىلىرىنى، مۇشۇ يەرنىڭ سۈتى بىلەن ئەتكەنچاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن بالىجان ئايالىنى ئېلىپ ئاتام - ئانام كۆرمىگەن چۆللەرگە كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ھېلىقى ئىسلاموۋ بېكىتىلدى. ئۇ ئەمدى مەيداندا پەيدا بولغان بارلىق يېڭىلىقلارنىڭ ئىگىسى. ئىبراھىموۋ بولسا، ھەممىدىن مەھرۇم؛ خۇشاللىق، بەخت ئۇنىڭغا يات... بۇ قانداق ئىنتىزام ئىكەن؟ دۇنيادا بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىدىغان، بەختىنى ۋەيران قىلىدىغانمۇ ئىنتىزام بولامدۇ- ھە؟ ياق، ئىبراھىموۋنىڭ بىر ئاخشام قىلغان سۆزى نادىرۇۋ ئۈچۈن تېتىقسىز، مەنىسىز گەپلەر. شەخسنىڭ ئارزۇسى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇنۇش لازىمىش. ھەممىلا جايدا، دائىملا شۇنداق بولامدۇ؟ چىرايلىق گەپنى جان ئۈچۈن قوللانسا، شۇنىڭغىمۇ «ئىلىك» قىلىمىزلۇقمۇ؟ تېخى «ئىبراھىموۋ جەددىي پەيتتە تەۋرەندى» دېگەنلىرىگە نېمە دېگۈلۈك؟ چېگرادىن قاچقانلارنى توسايمەن، دەپ تاياق يەپ ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالغان ئادەم «تەۋرەنگەن» بولسا، قورقۇپ ئۆيىدىن چىقالمىغانلارچۇ؟ ئىبراھىموۋ بىلەن نادىرۇۋ ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماستىن قاچقۇنلارنى توسىدى، ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن ۋەتەن چېگراسى تۆتلا قەدەم يېرىدىكى بۇ مەيداندىن قاچقانلار ناھايىتى ئاز بولدى. پۈتۈن ئىلى، چۆچەكتىن بۇ يىل 5- ئاينىڭ ئاخىرى بىر نەچچە تۈمەن ئادەم چېگرادىن ئۆتۈپ قاچالىدى. «تەۋرەنگەن» بولسا، ئىبراھىموۋ چېگرادىن ئۆتۈپ كېتەلمەيتتىمۇ؟ ئۇ، ئۆز يۇرتىنىڭ سېرىق تۇپىسىنى باشقا دۆلەتنىڭ ئالتۇن - جەۋھەرلىرىگە تەڭ قىلمايدىغان ئادەم، مۇشۇنداق ئادەملىكىنى ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەمەس، يۈرىكى، ھەرىكىتى ئىسپاتلىغان، بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشكە ئۇنىڭغا قارا چاپلىنىدۇ، نېمىشكە ئۇ، يىراق تەكلىماكانغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ، ھە؟ ...

كەچكۈزنىڭ سىم - سىم يامغۇرى. پۈتۈن يەرنى ئېچىمغان خېمىرغا ئوخشىتىپ قويغان، نەملا دەسسىسەڭ پاتىسەن، قانچە چاققانلىق قىلساڭمۇ پۇتلىشىسەن.

نادىرۇۋ ئېغىر خىياللار بىلەن، مەستخالدا ئىبراھىموۋنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقتى. مانا ئۇ بىر سائەتتىن بېرى بىردە پۇتلىشىپ يىقىلىپ، بىردە ئۆمىلەپ، كەچكۈزنىڭ كۆڭۈلسىز بۇ كېچىسى ئېتىز ئارىسىدا تەمتىلەپ

يېرمەكتە. ئۇ بەزىدە، سىزىنايلىنىپ يې-
تىپ قالىدۇ - دە، كىچىلىك قوللىرى بىلەن
يەرگە تايىنىپ دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ
كېتىدۇ. بەزىدە نەم توپىغا پېشانىسىنى قو-
يۇۋېلىپ خۇددى يەرنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى
تىڭشاۋاتقاندەك جىم ياتىدۇ. بەزىدە بولسا،
بىر نىشانغا قول بومبىسى بىلەن ھۇجۇمغا
ماڭغاندەك جەينەكلىرى بىلەن سىرىلىپ ما-
ڭىدۇ. ئۇ، بۇ ھەرىكەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىدۇ،

ھاياجانلىنىدۇ. ئۇ، ھەرىكەت قىلغانسېرى
ئۆز ھوشىدىن ئايرىلىپ ئۆتمۈشتىكى ئىشلار
بىلەن ھازىرقى ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇپ،
ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەي
قالىدۇ. تۇرۇپلا يەنە ئۆزىنىڭ مەست ئىكەن-
لىكى، ئۆيدىن يىراقتا، ئاشلىقى يىغىلىپ
بولغان ئېگىزلاردا ئۆمىلەپ يۈرگىنىنى بىلىپ
قالىدۇ - دە، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئورنىدىن
تۇرۇپ كېتىدۇ... لېكىن يەنە دەرھاللا ھا-
زىر بىلەن ئۆتمۈش ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

... پىيادە كېتىپ بارغان، ھارغىن ئەس-
كەرلەر ئۆتەي بىلەن جىڭ ئارىلىقىدىكى
چۆلدە ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ كېتىپ بارىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئالدىدا سېرىق سەللە ئورىغان
پولك كوماندىرى ئاتتا مەزمۇت ئولتۇرۇپ

بارماقتا. ئىسپانىكلارنىڭ قاسقانلىرى تەر-
دىن شورلاشقان، گىمناستوركىلارنىڭ يەلكە-
لىرى ھۆل ... ئېغىر ئۆتۈكلەر تاقراڭ يەرگە
رېتىم بىلەن تەكشى ئۇرۇلغاچقا، «گۇپ -
گۇپ - گۇپ» قىلغان كىچىلىك سادا پەيدا
بولۇپ چاڭقىغان، چارچىغان جەڭچىلەرنىڭ
قەلبىدە ھاياجان، غورۇر پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ماڭ-
غان خەلقنىڭ ئوغلانلىرى ئىكەنلىكىنى چوڭ-
قۇر چۈشىنىدۇ - دە:

— بىز مانا فرونتقا ماڭدۇق ... دېگەن

ناخشىسىنى قورۇقان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ،
بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ئېيتىدۇ ...
نادىروۋنىڭ ئاۋازى چىقمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن
ئاۋازى بىلەن دۇنياغا ئاڭلانغىدەك قىلىپ
ۋارقىراپ، ئۆزىنىڭ دۈشمىنىگە قارشى جەڭگە
كېتىۋاتقىنىنى ئىپادىلىمەكچى بولدى، لېكىن
ئۇنىڭ كۆڭلى قورۇپ ئاۋازى پۈتكەن. ئۇ، قان-
چە چىڭقىلىسىمۇ ھامان ئاۋاز چىقىرالمىدى.
ئۇنىڭ چاڭقاق، تىنجىقتىن ھالى قالمىدى،
ئۇنىڭ نەم يەرگە مەيدىسىنى يېقىپ ياتقۇ-

سى كەلدى. «ھەسسىنە، بىر يۇتۇم سۇ بول-
سىدى، لەۋمنى نەمدەپ ئالساملا ناخشىغا
قوشۇلاتتىم». بىردىنلا ئات تۇيىقى پېتىپ
پەيدا بولغان كۆلچەكتە سارغۇچ سۇ كۆرۈن-
دى. نادىروۋ كوماندىردىن سورىمايلا سۇغا
دۈم ياتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئىلمان، شورلۇق
توپىنى يالىدى ... ئۇ، شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ
جىڭ يولىدا ئەمەس، مەيدانىنىڭ بىر ئېگى-
زىدە دۈم يېتىپ لاينى يالاۋاتقىنىنى بىلدى؛
ئۇ، چاڭقاپ تەشنالىقتىن شۇنداق قىلغا-
نىكەن-دە...

ئۇ، ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ ئاسمانغا قا-
رىدى، يۇلتۇزسىز ئاسمان ئۇنىڭغا تۇم قارا
كۆرۈندى، سىم - سىم يامغۇر ئۇنىڭ ئۇستى -
بېشىنى بەدىنىگە چاپلىشۇتكەن، لېكىن ئۇ

ھامان قىزىپ تۇراتتى. ئۇ، سۇ ئىزدەپ قارام-
تۇل كۆرۈنگەن دەرەخلەر تەرەپكە ماڭدى. ئۇ،
دەرەخلەرنى بىر - بىر قۇچاقلاپ شارقىراپ
ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بويىغا كەلدى - دە، قىر-
غاقتىن تۆۋەنگە قوللىرىنى سوزدى. قوللىرى-
نى سوزدى - دە، سۇغا پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن
چۈشۈپ كەتتى. سۇدا بىردەم ئاققاندىن كې-
يىن ھوشىنى تاپتى - دە، قىرغاققا ياماشتى.
قىرغاق تىك - غىلتاڭ ئىدى. ئۇ، تىرناقلىرى
بىلەن تاتىلاپ يۇقىرىغا ياماشتى، لېكىن

سىرىلىپ چۈشۈپ كەتتى، يەنە ياماشتى، يەنە چۈشۈپ كەتتى... ئۇ ئاخىر يەنە ئۆتمۈشتىكى ئىشلار بىلەن ھازىرقى ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇشقا باشلىدى: ئۇ ياماشماقتا، خىيالىدا ئۇ، جان بىلەن ئوينىشىدىغان بىر ئىشتا بىرلا ھەرىكەت خاتا بولسا، ئۇمۇ سەپداشلىرىدەك شېھىتلىق يەرنى قۇچاقلاپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئۆمىلەش كېرەك، دۈشمەن پىلىموتى توختىماستىن ئەجەل ئوقى چاچماقتا. ئۇنىڭ غايە ۋە ئىرادە بىلەن ئۆمىلەشكەن قانچە سەپداشلىرى شۇ ئوقلاردىن ھالاك بولدى. ئەنە ئۇلارنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسەتلىرى، مانا نادىرووۋمۇ سەپداشلىرىنى باغرىغا باسقان ئانا تۇپراقنىڭ كۆكسىدە ئۆمىلىمەكتە. ئۇ، ئەزىز ئانىنىڭ بەدىنىگە چاپلاشقان سۈلۈك قۇرتنى قولىدا مەھكەم تۇتۇۋالغان بومبىلىرى بىلەن يوقىتىدۇ. مانا قاراملىق باتۇرلۇق ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغان پەيت كەلدى. ھەي ئىبراھىموۋ ئەندى نېمىمۇ دەيسىزكىن، مانا مەن دۈشمەن پوتىيىگە قاراپ ئۆمىلەپ كېتىۋاتىمەن، ھازىرلا بۇ پوتەي كۆل ۋە ئىسقا ئايلىنىپ ئەبەدىلئەبەد غىق قىلالماس بولۇپ قالىدۇ...

زىخرۇللام ھازىر پارتىزان ئەمەس، ئۇ، جەڭچى، مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ بىر جەڭچىسى، 1945- يىلى 4- ئايدىن بېرى شۇنداق. ئۇلارنىڭ پىيادىلەر 4- پولكى جىڭ، شىخولارنى ئازاد قىلىپ ئۈرۈمچىگە، پۈتۈن گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلىپ زالىم، چىرىك ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرىدۇ، گومىنداڭنىڭ ھېلىقى مۇز چىراي چېرىكلىرىدىن قىساس ئالىدۇ. ئۇلار، پاك-نومۇسلۇق، يۈزى تۆۋەن ئۇيغۇر قىزى ھېپىزەمنى زورلۇق بىلەن ئاياغ-ئاستى قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. زىخرۇللامنىڭ يېزىقلىرىنى قارىياغاچقا باغلاپ ئۇردى. زىخرۇللامنىڭ بۇ ۋەھشىلەرگە ئەزىيىتى چەكسىز. زىخرۇللام قاراشلىق بولغان 4- پولكنىڭ 1- باتالىيون 3- روتىسى شۇنىڭ ئۈچۈن تاغ-داۋان ئېشىپ، سايرام كۆلى بويىغا كەلگەندە روھلىنىپ:

پولاتتەك چېنىققان باتۇر قوشۇن بىز،
ئۆلمىدىمىز مەھكەم ۋەتەن ئوغلى بىز.
دۈشمەنگە قارشى قانلىق كۈرەشتە،
كۆكرەك كېرىپ ئالغا باسىمىز!

دېگەن مەشھۇر مارشىنى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ئېيتتى-دە!

ئۇ ئۆمىلىمەكتە، نەگە كېتىپ بارىدۇ؟ دۈشمەن پوتىيىگە قاراپمۇ؟ بۇ قەيەر؟ باجاخۇ بىلەن يېڭىجىخۇ ئەتراپىدىكى يۇلغۇن-چاتقاللىقمۇ؟ زىخرۇللام بىلىدۇ، ئۇنىڭغا روتا كوماندىرى ئېيتقان. بۇ يەر جەڭدىكى گومىنداڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى. بۇ يەردىكى قۇم دۆڭلىرىدىن ئايرىغىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن ئاكوپ-پوتەيلەرگە تورسىمان مۇداپىئە ئوت كۈچى شەكىللەندۈرگەن. كوماندىرلار كۈندۈزى يەر تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈپ، بۇ قىيىن جايغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ يوللىرىنى بېكىتكەن. مانا گۇگۇم مەھەل، باتالىيون كوماندىرى سۈرلۈك، قارا چوقۇر يىگىت ۋارقىرىماقتا: «باتالىيونىمىزنىڭ باجاخۇنى ئېگىلىشى ئۈچۈن دۈشمەنىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ پوتىيىنى ۋەيران قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى خالايدىغانلار سەپنىڭ ئالدىغا چىقىڭلار!» كوماندىرنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەنلا زىخرۇللام بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى: «مەن تەييار!»

زىخرۇللام باشلىق بەش جەڭچى قوراللىرىنى چىڭ تۇتۇپ، بەللىرىگە گراناتلارنى ئېسىپ جەڭچىلەر ئالدىدا قەسەم بېرىشتى: «ئازادلىق ئۈچۈن ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز

قالغىنىچە جەڭ قىلىمىز!» ئۇلار قوزغىلىۋاتقاندا يەر بېغىرلاپ دۈشمەن پوتەيىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئىككى تەرەپنىڭ ئوقلىرى ئۇچۇرۇشۇپ ئاسماندا ئوت دېڭىزى شەكىللەندۈرگەن — خۇددى بۇلۇتلار كۆيۈۋاتقاندەك، ئاسمان ئېرىۋاتقاندەك... «دۈشمەننىڭ دىققىتىنى بىزدىن قاچۇرۇش ئۈچۈن، بىزنىڭكىلەر ...» زىخرۇللامنىڭ يېنىدىكى يىگىت دۈشمەن پوتەيىگە 70 مېتىر قالغان يەردە خۇشاللىق بىلەن ئاسمانغا قاراپ پىچىرلاۋېتىپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرالماي قۇربان بولدى ... «دۈشمەن بىزگە ئوق ئاتماقتا!» زىخرۇللام كەينىگە بۇرۇلۇپ بۇ گەپنى دېگىچە قالغان ئۈچ جەڭچىمۇ يارىدار بولدى. زىخرۇللامنىڭ غەزىپى تاشتى، ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى كۈچى دۈشمەن پوتەيىگە مەركەزلەشتى. يولغۇنلار ئارىسىدىكى قۇم دۆۋىسى ئاستىدىن توختىماي ئوت چاقناتتى. ئۇنىڭدىن چىققان ئوقلار زىخرۇللامنىڭ ئەتراپىدىكى قۇملار ئۈستىدە «پىژ - پىژ» قىلاتتى. تەخمىنەن پوتەيگە 50 مېتىردەك يېقىنلاشقاندا، زىخرۇللام يەردىن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ قولىدىكى گراناتنى ئوت ئېغىزىغا قارىتىپ ئاتتى. «گۈمباك!» زىخرۇللام ئىس - تۈتەك ئارىسىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى: «ھۇررا!» ئۇ، تۈتەك ئارىسىدا يىلاندەك چەبدەسلىك بىلەن ئۆمىلەپ ئىككىنچى پوتەيگە يېقىنلاشتى ۋە غەزەپ بىلەن بۇ پوتەيگە قارىتىپ گراناتنى ئاتتى. بۇ پوتەيمۇ ئىس - تۈتەك ئارىسىدا قالدى. گومىنداڭ چېرىكلىرىنىڭ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراشلىرى، ئىڭرىشلىرى ئاڭلاندى: «تامادى زېبى دۇگشى!» دېگەن تىلنى زىخرۇللام سۈيدۈڭدە ھېلىقى گومىنداڭ ئەسكىرىدىن ئاڭلىغانىدى. تۈتەك ئارىسىدا ئۆمىلىشىپ قېچىۋاتقان ئەسكەرلەرگە زىخرۇللام يەنە گراناتنى ئاتتى. ئىككى گومىنداڭچى يەر چىشلىدى. «بەش ئىت يەر چىشلىدى، تۆت ھەمراھىم ئۈچۈن يىگىرمىسىنى يەر چىشلىتىمەن!» بىرنەچچىسى ئۆمىلىشىپ 3-پوتەيگە كىرىۋېلىشتى ۋە زىخرۇللامغا قارىتىپ پىلىموتتىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوقلار خۇددى دودىشاڭنىڭ پاشىلىرىدەك غىڭشىماقتا. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئەجەل چىلبۆرىلىرى ھۇۋلىماقتا. لېكىن زىخرۇللامنىڭ قەلبىدە دەھشەت، قورقۇش يوق. قىساس، نەپرەت، پاراسەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان، ئۇ بىردە ئۆمىلەپ، بىردە دومىلاپ، بىردە يەر بېغىرلاپ، ھەر بىر يولغۇن، ھەر بىر دۆڭ-بەلچىنى پاناھ قىلىپ ئەجەل بىلەن ئېلىشماقتا. ئۇنىڭ ئالدىدا توپ يولغۇن بار، شۇنىڭغا يېتىۋالسا... «پىژ-كوش، چىۋە»... ئەجەل ئاۋازلىرى خىلمۇ خىل. مانا ئۇنىڭ بىر يانپىشى كۆيۈشتى، ئۇ سىلاپ كۆرۈپ ئىسسىق قاننى بىلدى، ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. لېكىن ھازىر ئارام، ئۆكسۈش-ئۆلۈش دېگەن سۆز. ئۇنىڭغا لازىمى قەيسەرلىك، جانپىدالىق. ئۇ بىر توپ يولغۇننى نىشانلاپ ئۆمىلىدى. ئۆز يېرىدە ئۆسكەن ئاشۇ بۈك يولغۇن گويا ئۇنىڭ ئانىسى، دوستى - نىگارى. مانا ئىرادە - غەيرەت يەڭدى - ئۇ يولغۇن تۈۋىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ، ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن دۈشمەنلەرنى كۆردى: «تېخى تىرىك تۇتماقچىمۇ سەنلەر!» دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ. ئەتراپىدا يەنىلا ئوقلار ۋىژىلدىماقتا، قۇملار توزۇماقتا. زىخرۇللام سالماقلىق بىلەن مىلتىقىغا ئوق باستى ۋە پۈتۈن زېھنى بىلەن دۈشمەنلەرنى كۆزەتتى. ئىككى نەپەر دۈشمەن يېقىنلىماقتا، مانا ئۇلار 20 مېتىردەك يېقىنلىدى. زىخرۇللام مىلتىق تەپكىسىنى باستى. ئالدىدىكى ئېگىز،

www.uyghurkitap.com

تەلەتى تولىمۇ قورقۇنۇچلۇق دۈشمەن بىر ئېمەلەرنى دەپ ۋارقىراپ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ «گراپ» قىلىپ چۈشتى، يەنە بىرسى كەينىدىگە بۇرۇلۇپ قاچتى، لېكىن زىخرۇللامنىڭ ئوقى ئۇنىمۇ جىمىقتۇردى. قىسمىنىڭ توپ ئوقلىرى زىخرۇللامنىڭ ئۈستىدىن ۋاژىلداپ ئۆتۈپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى پاچاقلىماقتا. چاڭ - توزان، ئىس - تۈتەك، قاڭسىق پۇراق ھەمدە كۆز ئاچقۇزمايدۇ. زىخرۇللام 3 - پوتەيگە قاراپ ئۆمىلىدى. تۇيۇقسىز دۈشمەن پىلىموتى يەنە تىلغا كىردى. لېكىن زىخرۇللام بۇ چاغدا پوتەينىڭ تۈۋىگە كېلىۋالغانىدى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن پوتەينىڭ ئارقا ئىشىكىدىن پوتەي ئىچىگە بېسىپ كىردى - دە، پۈتۈن دىققىتى بىلەن پىلىموت ئېتىۋاتقان ياش دۈشمەننىڭ بېشىغا مىلتىق پاينىكى بىلەن ئۇردى. ئىككىنچىسى غالجىر ئىتتەك زىخرۇللامغا ئېتىلدى. ئۇلار يەكمۇ يەك ئېلىشتى. دۈشمەن تەپتى، چىشلىدى، زىخرۇللام پۈتۈن غەزىپىنى تارمۇش بارماقلىرىغا يىغىپ دۈشمەننىڭ كانىيىدىن بوغدى... ئۇ، «ھۆررا» ساداسى ئىچىدە كۆزىنى ئاچتى. سەبداشلىرى ئۇنى ئاكوپتىن تاپقاندا ئۇنىڭ قوللىرى دۈشمەن كانىيىدا، ئۆزى ھوشسىز ياتقانىكەن...

ئۇ، ئىككى قولى بىلەن شۇ تاپتا نېمىنى بوغماقتا، ئۇ «ھۆررا»غا ئوخشاش بىر سادا بىلەن ھوشىغا كەلدى. ئۇ تىترىمەكتە، سادا «ھۆررا» ئەمەسكەن، ئۈستىدىن ئارتىلىپ چۈشۈۋاتقان سوغۇق سۇ ئىكەن، ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇۋالغىنى دۈشمەن كانىيى ئەمەس، سۇ بويىدىكى بىر توپ ياش دەرەخنىڭ غولى ئىكەن...

ئۇ ئويدانلا سەگىدى - دە، جالاقلاپ تىترەپ قىرغاققا ياماشتى. كۆيۈشكەن قوللىرى بىلەن تىك قىرغاقنى تاتىلاپ يۆرۈپ قىرغاققا چىقتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ھۆل، تاماكىسىمۇ ھۆل، سەرەڭگىسىمۇ. ئۇ، ئەلەم بىلەن يىراققا قارىدى. يىراقتا بىر خىرە يورۇق كۆرۈندى. ئۇ شۇ ياققا قاراپ ئېغىر قەدەم بىلەن جالاقلاپ تىترەپ تۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن بىر دېرىزىنى چەكتى. ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى چىقتى:

— كىم؟

— ئىسلامووۋ بارمۇ؟

ئايال دېرىزىدە يۈزىنى ياقتى:

— سىزمىدىڭىز، نېمانچە تىترەيسىز، ھودۇقۇپمۇ؟ باشلىقىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ تېخى، ۋوي خۇيسەن چوقۇر، قېنى ئۆيگە كىرىڭ، ئىككى رومكا ئىچىپ ئىسسىنىۋېلىڭ!

زىخرۇللام ئويلىنىپ تۇرمايلا قارامىلىق بىلەن قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن ئۆيگە قەدەم باستى...

## 2 - قىسىم

## ئۇنتۇلماس كەچكۈز

### 1

يۈك - تاق بېسىلغان كوزۇپنىڭ ئالدى تەرەپىگە ئالتە جان - يېتىپ قوپۇپ ئارام ئالغىدەك ئورۇن راسلانغان «ئازاد» ماركىلىق ماشىنا يولدا ئۈگۈلداپ مېڭىۋاتقىلى مانا ئىككى سائەت بولدى. ماشىنىدىكى بىر جۈپ ئەر - ئايال بىلەن تۆت بالىنىڭ كۆزلىرى ياش، باشلىرى چۈشكەن. ئۇلار مۇشۇ ماشىنىچە يېرىم ئاي ماڭارمىش. ئىككى قېتىم — بىر قېتىم بۆك قاردىايلىق تەلكە داۋىنىدىن، يەنە بىر قېتىم تاپتاقىر ئايغىر بۇلاق داۋىنىدىن ئۆتۈپ چەكسىز كەتكەن قومۇلقلار ئارىسىدا، سۈيى كەمچىل، چاڭ - توزانلىق يەرلەردە، قالغان ئۆمرىنى ئۆتكۈزەرمىش.

— نېمىشكە گومىنداڭغا قارشى چىققانسىلەر؟

— نېمىشكە ئەسكەر بولغانسىلەر؟

— نېمىشكە ئورۇسلاردەك «يوپ، لوپ، روپ» بولۇۋالغانسىلەر!

ئىبراھىموۋ بۇ سوئاللارنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاب بەرمىدى. ئۇ بۈگۈن ئەتكەن ئۆزىنى ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر ئىچىدە نادىروۋنىڭ يوقلۇقى، ئىسلاموۋنىڭ ھازازۇل ئايالىنىڭ ۋارقىراپ-جارقىراپ قىلغان سۆزلىرى ئۈچۈن خاپا ئىدى.

— جەڭدە قەھرىمانلىق قىلسىلا ھېساب ئەمەستە، ئادىم دېگەن ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش كېرەك. شۇنچە تۇتۇۋالساق قونغىلى ئۇنىماي مېڭىپ، ئىسلاموۋنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغىنى نېمىسى!

ئىبراھىموۋنىڭ ئايالى مېھرىلىك، ياش يوقى كۆزلىرى بىلەن ئېرىگە قاراپ قويۇپ قوشۇمچىلىدى:

— ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسلاموۋ ئۆيىدە يېرىقكەن دەڭا!

— بىرىڭلارنى تارىغا ئەۋەتىپ، بىرىڭلارنى ئاشۇنداق رەللە قىلىپ قىينايدۇ. سىلەرنى كىم ئىنقىلاب قىلسۇن دەپتۇ؟

— بولدى قىل رەپقەت؟ — ئىبراھىموۋ چوڭ ئوغلىغا ۋارقىرىدى.

— ئۇ يەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىسا، بىزگە ئىستىقبال لازىم ئەمەسمىدى، بىز نېمە قىلغانغا جازالىنىمىز؟

— بالام شەپقەت، نەچچە قېتىم دېدىمغۇ، مەكتەپسىزمۇ، ئوقۇماستىنمۇ ئىستىقبال تاپقىلى بولىدۇ، دەپ.

— دادا، سىز ئىستىقبال دېگەننى باشقىچە چۈشىنىسىز، بىز باشقىچە، — دېدى كىتاب ئوقۇپ خاپا ئولتۇرغان راھىلە دادىسىغا «يالت» قىلىپ قاراپ قويۇپ، — خەلق ئۈچۈن ئىشلىسە، تۆھپە قوشسىلا ئىستىقبال دېگەن شۇ، دەيدىكەنسىز. كەتمەن چاپسىمۇ، كېچە-كۈندۈز پوستتا تۇرسىمۇ، سۇ ساتسىمۇ، ئىشلىسىلا بولدى، دەيدىكەنسىز. مېنىڭچە، بۇ بىر كونىچە قاراش. ئوقۇپ زامانىۋى بىلىم، يېڭى ئاڭ-ئەخلاق پەزىلەتكە ئىگە بولغاندىلا ھەقىقىي ئىستىقباللىق بولالايدۇ.

— ھەدەمنىڭ پىكرى توغرا! — دېدى ئاپىسىنىڭ يامپىشىغا بېشىنى قويۇپ، سۇنايلىنىپ ياتقان كەنجى قىزى شادىيەمۇ دادىسىغا قارشى چىقىپ.

— قويساڭلارا، سىلەر بولساڭلارمۇ داداڭلارغا ئارام بەرسەڭلارا، — دېدى ئانا — ھېچىمىزم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — سىلەرنى بىر ئامال قىلىپ ئوقۇتارمىز، داداڭلارنىڭ سىلەرنى كەتمەنگە سېلىش نىيىتى يوق.

— كەتمەننىڭ نېمىسى يامان، ئاتا-بوۋىمىزمۇ شۇ كەتمەن بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. كەتمەن بىلەن ئىستىقباللىق بولغىلى بولمايدۇ، دېمەڭلار، بۇ گەپ تولىمۇ خاتا، بالىلىرىم. ئىستىقبال دېگەن خەلققە پايدىلىق-يارامىلىق بولۇش دېگەنلىك!

— بىر دېھقان بىلەن ئاتوم بومبىسىنى ياساپ چىقالايدىغان ئالىمنىڭ تۆھپىسى ئوخشاش ئەمەس، ئۇلارنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. دېھقان بولماق ئەڭ ئاسان. كىملا بولسا دېھقان بولالايدۇ. لېكىن ئالىم بولماق ناھايىتى تەس، بىر ئۆمۈر تىرىشسىمۇ ئالىم بولغىلى بولمايدۇ...

— بولدى قىلىڭ راھىلە، — دېدى ئىبراھىموۋ ئەلەم بىلەن قوللىرى تىترىگەن ھالدا موخۇركا بوراپ، — سىلەر بىلەن مۇنازىرە قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پارتىيىمىزنىڭ چاقىرىقى بىلەن يىراق تەكلىماكانغا بوز يەر ئاچقىلى

uyghurkitap.com

كېتىپ بارىمەن. سىلەر مەن بىلەن بېرىشنى خالىمىساڭلار ئۈرۈمچىدە قېلىڭلار، مەن سىلەرنى قالدۇرۇپ ئاپاڭلار بىلەن بىللە باراي!

— ياق، دادا، بىز سىلەردىن ئايرىلمايمىز.

— باياتىن چېقىشتۇق، دادا، بىزمۇ بوزيەر ئاچىمىز، چۆللەرنى كۆكەرتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش كۈرىشىگە ھەسسە قوشىمىز!

— خاتىرجەم بولۇڭ، بىز كەتمەن-گۈرجەك بىلەن ئىستىقبال تاپىمىز!

— بىر كىشىنىڭ قابىلىيىتى ھەر خىل بولىدۇ. لېكىن ئۇ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلسىلا ئىستىقباللىق بولىدۇ. مەن ساتىراشلىق قىلىمەن!

— مەن ياماقچىلىق قىلىمەن!

— مەن ئاشپەزلىك قىلىمەن!

— مەن دوختۇرخانىدا تازىلىق ئىشچىسى بولىمەن!

بالىلارنىڭ بۇ قىزغىن گەپلىرى ئىبراھىموۋنىڭ ئاغرىغان يۈرىكىگە تۇز بولۇپ قويۇلدى. ئۇنىڭ يوغان، قاراكۆزلىرى تومانلاشتى. ئۇ، كۆز يېشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئاچچىق تاماكىدىن قاقاپ كەتكەن بولۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ يادىغا بىر سىياسىي كومىسسارنىڭ ئۆسكىلەڭ ئاق ساقاللىق چىرايى، ياشاڭغىراپ تۇرۇدىغان كىچىك كۆزلىرى كەلدى. ئۇ، غاڭزىدىن قارايغان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھېجىيىپ:

— لاۋنى، نەننىۋەن روھىنى ئۇنتۇماڭ، ئۇ بىر ئەڭگۈشتەر. تەكلىماكاندا بوز يەر ئېچىشنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى مۆلچەرلىگۈسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزدەك يارامىلىق كادىرلارنى ئۇ يەرگە ئەۋەتىۋاتىمىز. پارتىيە تەشكىلى سىزگە ئىشىنىدۇ. سىز بۇ ئىنقىلابىي ۋەزىپىنى شەرەپلىك دەپ چۈشىنىسىز!

«ئاھ نادىرۋۇ، سېنىڭ گەپلىرىڭ ئەجەبمۇ جېنىمغا تەگدى! چىرايلىق گەپ، ئىنقىلابىي شوئارلار بىلەنمۇ ئادەم جازالىغىلى بولىدۇ. سىز سۈرگۈن قىلىندىڭىز، ئۆز يېرىڭىزدە تۇرۇشقا ئىشەنچىسىز، سىزنى ھامان بىر كۈنى ۋەتىنىڭىزگە ئاسىيلىق قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ، شۇڭا سىزنى تارىمغا سۈرگۈن قىلدى، دەيسەنا؟ ئاشۇ پېشقەدەم ئىنقىلابچى، بىر دىۋزىيەنىڭ سىياسىي كومىسسارىمۇ چىرايلىق گەپ بىلەن ئادەم جازالارمۇ؟ مەن راستىنلا جازالىنىۋاتىمەنمۇ؟ مەيلى، مەن جازالانسام جازالىناي، نادىرۋۇقا يامان بولدى. ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ئادەم ئەندى يوق. ئىسىت، ئاخشام نېمىگىمۇ ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلغانىدىمەن!...»

ئۇنىڭ خىيالى نادىرۋۇقا كۆچۈش بىلەن ئەتىگەنكى ئۇزاتقىلى چىققانلار ئارىسىدا ئىسلاموۋنىڭ ئالتۇن چىشلىق، كۈلسە ھەممە يېرى ئاشلىقپۇكىدەك تىترەپ تۇرۇدىغان ئايالىنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرى يادىغا كەلدى:

— پاھ، پاھ، پاھاھى-ھى-ھى، ۋايقانداق قىلاي، يېرىم كېچىدە، چىلىق-چىلىق سۇ، غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ دېرىزىگە كەلمەسمۇ قورقۇپ ئۆلەي دېدىم، دىجورنىغا خەۋەر قىلىپ سولىتىۋېتەيمۇ دېدىم. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن «قەھرىمان»دە. ئىسلاموۋنىڭ يۈزىنى قىلدىم. ئىسسىنىۋالاي دەيدۇ تېخى، ماقۇل دەپ ئىشىكنى ئېچىپ بەرسەم، ئۆيگە كىرىۋېلىپ قېلىنلىق قىلغىلى تۇرغىنىنى دېمەمسىلەر، ھاراق دەيدۇ، ماقۇل دەپ بەردىم، سەي-زاكوسكا دەيدۇ، ماقۇل دەپ تەييار سەينى ئىسسىتىپ بەردىم. تېخىمۇ غىق مەست بولۇۋېلىپ قېلىنلىق قىلىپ: زادىلا ئىسسىنىدىم، ئىچ-ئىچىمدىن تىترەۋاتىمەن، كېلىڭ، سىزنىڭ بەدىنىڭىز ئۇون مېتىر يەردىكى مۇزنىمۇ ئېرىتەلەيدۇ، مېنى ئىسسىتىپ

قويۇۋالا دەيدۇ تېخى، ۋاي يۈزسىز، ۋاي شەرمەندە، ھى - ھى - ھى...

ئىبراھىموۋ رەھبەرلەرنىڭ ئۆزىدىكى يۈزدە-سىدىن قىلىشقان «يولۇق» گەپلىرىنى ئاڭ-لىغان بولۇپ، ئايالىنىڭ يۇقىرىدىكى گەپلىرىگە قۇلاق سالغانىدى، ئايال بېشىملىشكەلى تۇردى، ئۇ، چىدىماستىن مەيدان رەھبەرلىرىنىڭ گەپ-لىرى تۈگىمەيلا نېرىغا - بەللە مۇشۇ مەيدانغا كەلگەن سەپداشلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى.

بايىقى ئەگىلداپ ماڭغان ماشىنىنىڭ بىردىنلا ئاۋازى ئۆزگەردى.

— سايرام كۆلى!—دەپ ۋارقىراشتى ماشى-نىنىڭ ئۈستىدىكى بىرىدىن بوپۇقنى قايرىشىپ سىرتقا بېشىنى چىقىرىشقان بالىلار. بالىلار تۇنجى قېتىم سايرامنى كۆرۈشمەكتە.

ئىبراھىموۋ «سايرام» دەپ تەكرارلاپ قويدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم—1945 - يىلى يازنىڭ تازا ئىسسىق كۈنلىرىدە غۇلجىدىن پىيادە يولغا چىقىپ تەلكىدىن ناخشا بىلەن ئاشقان. ئۇلار سايرام بويىغا كەلگەندە قانداق خۇشال بو-لۇشقانىدى - ھە؟ سايرام ئۆزىنىڭ چىرايلىق بۈزغۇنلۇق دولقۇنلىرى، ئەينەكتەك سۈزۈك سۈيى، جانغا ئارام سالغىن شامال‌لىرى بىلەن جەڭچىلەرنىڭ ھارغان تەنلىرىگە قانچىلىك ئارام بەرگەنىدى - ھە؟ شۇ چاغدا نادىرووۋ ئۆزىنىڭ دېھقانغا خاس خۇش خۇيلۇقى، تۈز كۆڭۈللۈكى بىلەن ئۆز خۇشاللىقىنى ناخشا بىلەن ئىپادىلىگەنىدى:

ئانىجان يادىمدا بار،
ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ.
تەشنا بولۇپ تاڭ نۇرىغا،
دىلغا ئوت ياققانلىرىڭ.

ناخشىنىڭ قايتۇرمىسىغا پۈتۈن جەڭچىلەر قېتىلغان:

جان پىدا ئەيلەپ بولغۇن،
قىلمىز قەرزىڭ ئادا...

ئۇلار ياپيېشىل چىمەنلەردە ئېغىناشقان، چېلىشقا چۈشكەن. چېلىشتا پولك بويىچە زەخرۇللامغا بوكە چىقمىغانىدى...

«زەخرۇللام،—دېدى ئىبراھىموۋ ئۇھ تارتىپ قويۇپ،—نېمىشكە سېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغىنىمنى چۈشىنەرسەن - ھە؟ ئىسىت، ئۆزۈڭ-نى تۇتۇپ ئالغان بولساڭ سەنمۇ يولداش لى چاڭلىنىدەك ئۆسكەن بولاردىڭ. لى چاڭلىن بىلەن سەن مەملىكەتلىك كۈرەش قەھرىمانلىرى يىغىنىدا تونۇشقان. لى چاڭلىن 12 - كورپۇس-نىڭ، سەن 5 - كورپۇسنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى ئىدىڭلار. لى چاڭلىن ھازىر بىر ھەربىي رايوننىڭ رەھبىرى، سەن بولساڭ...»

— دادا، سىلەر ھېلىقى چاغدا سايرام بويىغا پىيادە مېڭىپ، قانچە كۈندە كەلگە-نىدىڭلار؟

بالىسىنىڭ سوئالى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.

— 3 - كۈنى چۈشتە تەلكە داۋىنىدىن ئاشقانىدۇق.

— يۆكلىرىڭلار ئېغىرمىدى، دادا؟

— ياق، سۇ بىلەن سوخاردىن باشقىسىنى ماشىنىلارغا باسقانىدۇق.

— سىلەر نېمىشكە ماشىنا بىلەن ماڭمىغان، دادا؟

— نەدە ئۇنچىلىك جىق ماشىنا بولسۇن قىزىم!—دېدى ئىبراھىموۋ قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ.

— ستالىن مىلتىق بەرگەنىكەن، نېمىشكە ماشىنا بەرمىگەن، دادا؟

— ستالىن...—دېدى ئىبراھىموۋ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ،—بىزگە قورالمۇ بەردى، لېكىن يولىمىزنىمۇ توسىدى. بىزنىڭ ماناس

دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشىمىزغا يول قويمىدى.

— نېمىشقا، دادا، ستالىن ئۇنداق قىلمىغاندۇ، دادا؟

— سىز بىلمەيسىز قىزىم، — دېدى ئىبراھىموۋ موخۇركىسىنى شوراپ قويۇپ، — ئۇ چاغدا بىزمۇ بىلمەيتتۇق. مەن ھەتتا نادىرووۋلار ماناس دەرياسىدىن ئۆتىمىز، دەپ جېدەل قىلغاندا ئۇلارنى ئەيىبلىگەن. لېكىن ھازىر بىلدىم: بىز 1944 - يىلى كەچكۈزدە ئىنقىلاب باشلاپ، 1945 - يىلى كۈزدە ماناس دەرياسى بويىغا كەلگەنمىز. بۇ چاغدا دۇنيادا مىلتىق ئاۋازى ئۆچكەن، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقانىكەن. 1945 - يىلى يالتا يىغىنىدا ستالىن، روزۋېلت، چېرچىللار بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى بەلگىلەپ بولغانىكەن.

... ماشىنا گىياھسىز چۆلدە غىڭىلداپ كېتىپ باردۇ. ماشىنىدىكىلەر ئۇخلىماقتا، پەرلا ئىبراھىموۋ تاماكا چېكىپ ئولتۇرماقتا. ئۇنىڭ خىيالى ئۇزاق - ئۇزاقلاردا قالغان ياشلىقىغا قايتقانىدى:

نەق مۇشۇ قۇمساڭغۇ يوللاردا ئىبراھىموۋنىڭ تۇيۇقسىزلا قىزىتمىسى ئۆرلەپ، پۈتۈن بەدىنىدىن شۆرقىراپ تەر قۇيۇلۇپ، پۇت - قولى ماغدۇرسىزلانغانىدى. ھارغان جەڭچىلەرنىڭ يۈك - تاقىنى ئۈستىگە ئارتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇسسۇزلۇق سۈيى بىلەن باشقىلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ خۇش خۇي، جۇشقۇن كېلىۋاتقان زىخرۇللام نادىرووۋ بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ ھالىنى چۈشەنگەنىدى:

— نېمە بولدىڭىز ئىبراھىموۋ ئاكا، تۆمۈردەك قارىداپ، بەيگىگە چۈشكەن ئاتتەك تەرلەپ كېتىپسىزغۇ؟ — زىخرۇللام ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى - دە، «ئاپلا» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ئۇ، قاۋۇل قوللىرى بىلەن ئىبراھىموۋنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ھاپاش قىلىپ ئېلىپ ماڭدى. ئىبراھىموۋ ھاپاش بولغاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ماغدۇرسىزلانغانلىقىنى بىلگەن. ئۇ ئۆزىنى بىر بىلىپ-بىر بىلمەي، بەزىدە جۆيلۈپ، بەزىدە ھوشىنى يوقىتىپ ئۆتەيگە بارغىچە قىيىنالغانىدى. ئۇ، ئاشۇ زىخرۇللامنىڭ دۈمبىسىدە ئۆتكۈزگەن يېرىم كۈنىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ - دە!

«تەشنا بولۇپ تاڭ ئۇردىغا، جان پىدا ئەيلەپ بەرگەن» ئىبراھىموۋ بۇ مىسرالارنى تەكرارلىدى: «گۇمان ۋە جازاغا ئىگە بولۇپ قالدۇقمۇ - ھە؟ ياق، نادىرووۋنىڭ قارىشى خاتا. قېرى سىياسىي كومىسسار ئېيتتىمغۇ، ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن مېنى ئەڭ قىيىن جايغا ئەۋەتتى. مەن پارتىيىگە قەسەم بېرىپ كىرگەندە «پارتىيە مەنپەئەتى، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلايمەن» دېگەنىدىمغۇ؟ سەندە ئاغرىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولۇپ قالغىنى نېمىسى؟ ئۇنىڭ قۇلىقى يېنىدىلا زىخرۇللامنىڭ ئاۋازى پەيدا بولدى: «ئاشۇ مەيدان باشلىقى، دېۋىزىيە كومىسسارلىرىمۇ سىزگە ئوخشاش پارتىيە ئەزاسىمۇ، ئۇلار نېمىشقا تارىمغا بارمايدىكەن ئەمىسە؟» ھەي تومبالقا، سەھرالىق، سېنىڭ بۇ گېپىڭ «قەھرىمان» نامىغا لايىق ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ بارغىنىدىن مېنىڭ بارغىنىم مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ مۇشۇ مەيداندا قېلىشى ئېھتىياجغا ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن. سەن زىخرۇللام ھېسسىياتتا، يۈزەكى ھادىسىگە بېرىلىپ كەتتىڭ. يىراق مەنپەئەت، ئومۇمىيلىق، پارتىيە، خەلق مەنپەئەتى دېگەنلەرنى تازا ياخشى چۈشەنمىسەڭ كېرەك... لېكىن نېمىلا بولمىسۇن مېنىڭ سېنى تاشلاپ كەتكىنىم ياخشى بولمىدى. ساڭا مېنىڭ ياردىمىم تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. مەن يوق، ئىسلاموۋ

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئىپپەتلىرىنى دېيىشەرسەن. سېنىڭ قوپال
جاۋابلىرىڭ ماڭا تولىمۇ تونۇش. ھەتتا
سىلەرنىڭ ئىپپەتلىرىنى دېيىشىدىغانلىقىڭلارنىمۇ
بىلىمەن. سەن ئىسلاموۋ ئەمەلدار كىبىرەڭنى
كۆرسىتىسەن:

— خوش، كېچىلەپ ئەر كىشى يوق ئۆيدە
نېمە قىلىپ يۈردۈڭ؟

— ماڭا ئالايماي، خوتۇنۇڭدىن سورا!

— خوتۇنۇم سېنى چاقىرغانمىدى؟

— چاقىرغان دېمىسىنا تېخى؛ ۋوي يۈزـ
شاقباش!

— سولتىۋېتىمەن سەن بۇزۇق ئۇنسۇرنى!

— ساڭا ئوخشاش گومىنداڭچىنى ئۆلتۈرـ
ۋەتمىگەندىكىن راست مەن بۇزۇق ئۇنسۇر!

— مەيدان بويىچە ئۆزۈڭنى تەكشۈرەيسەن!

— ماۋۇنىڭغا دە!

ئىشىك جالاقىدە يېپىلدى، نادىروۋ چىقىپ
كەتتى.

«بەلكى بۇنىڭدىنمۇ يامان ئىللار ئوتتۇـ
رىغا چىقار. ئىسلاموۋنىڭ خوتۇنى بەلكى ئىسـ
لاموۋقا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن مەقسەتلىك
ھالدا زىخرۇللامغا زىيانكەشلىك قىلغاندۇ.
ھەي مېنىڭ يوقلۇقۇم، ئەمدى نادىروۋنى
كىممۇ ھېمايە قىلار؟ مازىر ھەممىلا ئادەم
ھېمايىچىگە، ئارقا تېرەككە مۇھتاج بولۇپ
قالدى. ئىسلاموۋ شۇنىڭ ئۈچۈن لاياقەتسىز
ئادەم بولسىمۇ ئۆستى. ئۇنىڭ قولىدىن خۇـ
شامەت، يالغان گەپ قىلىشتىن باشقا ئىش
كەلمەيدۇ، كەتمەن چاپسا ئاياللاردىن ئارـ
قىدا قالىدۇ، مىلتىققا زادىلا رايى يوق، سوـ
قۇش بولسا قېچىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ،
ئەخلاقىچۇ؟ ئۆزىدىن باشقىنى ئويلىمايدۇ،
ئۇنىڭ ئۈچۈن خەلققە قارىغاندا، كاتەكتىكى
ئۆت توخۇسى، ۋەتەنگە قارىغاندا ئارقىدىكى
ئالقاندەك كۆكتاتلىقى ئەزىزل. بىلىمسىچۇ؟
كاتىپلار يېزىپ بەرگەن دوكلاتنى دۇدۇقلاپ
ئارانلا ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ خېتى چالا ساۋاتـ
لارنىڭ خېتىدىن ناچار. «ئىسلاموۋ» دېگەن
ئىسمىنى «ئىشتلاموف» دەپ يازىدىغۇ تېخى...
ھەي، ئىسىت، نادىروۋ مۇشۇ كىرىكسىز ئادەمـ
نىڭ قولىدا قالدى - دە، ئۇنى تۈگەشتۈرمىسە
بولاتتىمىغۇ...»

ماشىنا توختىدى. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشـ
كەندە ئۆتەيگە يېتىپ كەلدى.

بۇ تاقىراڭ ئۆتەڭدە كەچكۈزنىڭ كەچكى
ئىزغىرىن شامىلى ھۇۋۇلدىماقتا ئىدى.

## 2

... غۇلجا — ئۇنىڭ تۇغۇلغان، ئۆسكەن،
تەر ۋە قان تۆككەن ئەزىز يۇرتى يىراقلاشـ
قانسېرى ئۇنى مىسكىنلىك، غېرىبلىق ئەسىر
قىلماقتا ئىدى. «مەن 50 ياشتىن ئاشقان
بولسامۇ تېخى پېشاپتىمەن، نېمىشكە ھېسـ
سىياتقا بېرىلىمەن؟ ئېھتىياج ۋە تەقسىماتقا
شەرتسىز بويسۇنىمەن، دېگەن سۆزۈم سۈنـ
ئىي ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلىمۇ؟ پارتىيە ئەزاـ
سىمۇ گۆش، ئۇستىخان، قاندىن تۈزۈلگەن
ئادەم. «ئالاھىدە ماتېرىيالدىن تۈزۈلگەن»
دېگۈچىلەرمۇ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىـ
كەنغۇ؟ ئالىي ھەربىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئاڭـ
لىغان لېكسىيەلىرىم، ئوقۇغان كىتابلىرىم
ماڭا ئۇلۇغ نەزەرىيەلەرنى ياراتقۇچىلارنىڭمۇ
شەخسىي ھېسسىياتقا بېرىلىپ باشقىلارغا
زىيان سالغانلىقىنى، شەخسىي ئىناۋەت -
ئابرويى ياكى ئۆز ئورنىنىڭ مۇستەھكەمـ
لىنىشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن
بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردىغۇ؟ مۇشۇ مەنىدـ
دىن ئېيتقاندا، نادىروۋ يوللۇق. بىزدەك
ھەممىلا ئىشتا ئەڭ يۇقىرى پىرىنسىپلارنى ئۆـ
زىگە ئۆلچەم قىلىدىغان، ئاقكۆڭۈل كوممۇـ
نىستلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ئىتائەتمەنلىكى

ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئالىدىغان، راھەت - پاراغەت كۆرىدىغان رەھبەرلەرنى يوق دېگىلى بولامدۇ؟ جەنۇبىي شىنجاڭدا بوز يەر ئېچىشقا شىمالدىن ئادەم يۆتكەشمۇ ئېھتىياجمۇ؟ پاھ، نادىرووۋنىڭ سورىغان سوئالىنى قارىدامدىغان؟ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلارنىڭ توپلاشقان جايى. ئۇلىجىدا مىللىي كادىر يېتىشمەۋېدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىن كادىر يۆتكەپ بۇ ئىشنى ھەل قىلدى. بوز يەر ئېچىشقا ئۇ يەردىن كادىر يېتىشمەي شىمالدىن سىزنى يۆتكىگەن. سىز بۇ ئىشنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنەمسىز؟ نادىرووۋنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەك راستىنلا قىيىن بولۇۋاتىدۇ. ناۋادا مەن راستىنلا گۇمانلىق بولۇپ، نادىروۋ دېگەندەك تارىمغا سۈرگۈن قىلىنغان بولسامچۇ؟ مەن نېمىشقا بۇ ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلمىدىم؟ پارتىيە ئەزاسىنىڭ بىردىنبىر بۇرچى بويسۇنۇشمۇ؟ ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ئۇنىڭ بۇرچى ئەمەسمۇ؟ لېكىن كېچىكتىم، مەن ئەمدى كەينىمگە يانالمايمەن. زەنجىرۇللام دۈشمەن پوتەيگە ھۇجۇمغا ماڭغاندا ئۇنى قايتۇرۇش مۇمكىن بولمىغىنىدەك مېنىمۇ بۇ بۇيرۇق - قارارنى ئىجرا قىلىش يولىدىن قايتۇرغىلى بولمايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن مەن بۇ سەپەردىنى سۈرگۈن - جازا دەپ چۈشەنمەيمەن. مەن باشقىلار قوبۇل قىلالمايدىغان قارارنى قوبۇل قىلالايمەن، مەن باشقىلار قىلىشتىن باش تارتىدىغان ئىشنى قىلىمەن، مەن ئۇلۇغ نەزەردىيە ئىگىلىرىنىڭ نەزەردىيىسىگە ئەمەل قىلىمەن. ھەممىلا ئادەم ئەمەل قىلمىسا، نەزەردىيە قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەن ئۆز ھەرىكىتىم بىلەن بۇ نەزەردىيەلەرنىڭ توغرا ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمەن. خەير غۇلجا، خەير، مەن تەر ۋە قان تۆككەن ماكانىم!»

جىڭ بازىرىنىڭ غەربىدىكى قويۇق توغراقلىقتىن چىققاندىن كېيىن، ئۇ، قۇمۇش ۋە يۇلغۇن ئۆسكەن بىر دالىغا كېلىپ ماشىنىنى توختىتىشقا بۇيرۇق بەردى - دە، ئۆزى ماشىنىدىن چۈشۈپ چۆلگە قاراپ پىيادە ماڭدى. ئايالى بىلەن باللىرى ئۇنىڭ نېمىشقا ماڭغانلىقىنى چۈشەنمەي ماشىنىنىڭ يېنىدا قاراپ قېلىشتى.

چەكسىز، جىمجىت دالا، يىراقتا قىزىل - سېرىق ياپراقلار بىلەن چۈمكەلگەن مەھەللە تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە قانداق سىر - ھېكمەت باركىنتاڭ؟ باللار بۇنى چۈشەنمەيدۇ، لېكىن ئىبراھىموۋنىڭ كۆز ئالدىدا يۈزىگە ئىسپانكا يېپىلغان، نەچچە يۈز، ياق، نەچچە مىڭ ياش يىگىتنىڭ ئوڭدا، جىمجىت ياتقان ھالىتى گەۋدىلەندى. شېھىتلارنىڭ ئوڭ قولى كۆكسىگە قويۇلغان، ئۇلار ئۆز قەرزىدىنى ئۇرۇندىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، خەلقتىن كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك، ئۇيۇلۇپ ئىسپانكىسى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالغاندەك...

... ئۇ چاغدا ناۋادا ھېلىقى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ كاپىتانى دۈشمەن ئىستېھكامىغا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىشقا ئارقىمۇ ئارقا بۇيرۇق بېرىۋەرمىگەن بولسا، بۇنچە جەڭچى قۇربان بولمىغان بولار ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگۈچى زاتىنىڭ شۇ كۈنكى سۆزى ئىبراھىموۋنىڭ يادىدا: «باللىرىم، بىز مەقسىتىمىزگە يېتىپ دۈشمەننى تامامەن يوقىتالىساق، سىز شېھىتلەر بىلەن خۇدانىڭ دەرگاھىدا يورۇق يۈز كۆرۈشەلەيمىز. ناۋادا تەتۈرىسىچە بولسىچۇ؟ مەن خۇدانىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ كېتىمەن!»

ئۇ چاغدا ئىبراھىموۋمۇ ياش يىگىت ئىدى. گەرچە ئۇ نادىرووۋدەك قارام يىگىت بولمىسىمۇ، دۈشمىنىگە غەزەپى كۈچلۈك، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويغان پىدائىيلاردىن ئىدى. مانا مۇشۇ يەرلەردە ئۇنىڭ نەچچىلىگەن يېقىن دوستلىرى ئىسسىق قېنىنى تۆكۈپ، ئەزىز جېنىدىن كېچىپ بولغۇنكى مۇشۇ كۈنلەر ئۈچۈن

ئەجەر سىڭدۈرگەنىدى... ئاۋادا بىرى-
لىرى ئىبراھىموۋنى راستىنلا گۇمانلىق
ئۇنسۇر، دەپ جازالىغان بولسا، مۇشۇ جەڭ
سوقۇشىدا قۇربان بولغان سەپداشلىرىمۇ
ئەيىبلىكمۇ؟ ياق، ئەركىنلىك ئۈچۈن، زۇلۇم-
دىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھەم-
مىلا جايدا شەرەپلىك. ئىبراھىموۋ شان-
شەرەپ ئىگىسى، ھەرگىزمۇ ئەيىبكار ئەمەس...

ئىبراھىموۋ بېشىدىن شەپكىسىنى ئېلىپ
ئىزغىردىن شاماللىق، جىمجىت دالىغا قاراپ
جىمجىت تۇردى. ئۇنىڭ يېنىغا ئايالى بىلەن
باللىرى كەلگەنلىكىنى ئۇ تۇيمىدى.

— دادا، ھېلىقى سىلەر نۇرغۇن قۇربان
بەرگەن يەر مۇشۇمىدى؟

— ھەئە بالام. ئاۋۇ زومىچەك - زومىچەك
قۇم دۆۋىلىرى دۈشمەن ئاكوپلىرى، پوتەي-
لىرى جايلاشقان جايلار ئىدى. بىزگە ھې-
لىقى سوۋېت ئوفىتسېرى ئۇدۇلىمۇ ئۇدۇل
ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. بىز شۇ
بۇيرۇقنىڭ زېمىنى بىلەن نۇرغۇن قۇربان
بەردۇق.

— زىخرۇللا ئاكام قەھرىمانلىق كۆرسەت-
كەن يەر مۇشۇمۇ؟

— ئۇ يەر ئاۋۇ شالاڭ دەرەخلىك باجاخۇ
بىلەن يۇگجىخۇ ئەتراپى.

— پوتەي پارتلىتىشقا ماڭغان بەش جەڭ-
چىدىن بىرلا زىخرۇللا ئاكام ھايات قالغان،
ئۆزى يالغۇز ئۈچ پوتەينى پارتلاتقانىكەن -
ھە؟

— شۇنداق. زىخرۇللام قورقۇمسىز، چىدام-
لىق، پاراسەتلىك يىگىت!

ئىبراھىموۋنىڭ كۆز ئالدىغا قارىداپ -
كۆكىرىپ كەتكەن، تىلى يېرىم چىقىپ، كۆز-
لىرى ئالىيىپ قالغان، قوللىرى ئۇيغۇر جەڭ-
چىنىڭ ئىككى قولىقىدىن چىڭ تۇتۇۋالغان
گومىنداڭ پىلىموتچىسىنىڭ ئوكدا ياتقان
گەۋدىسى؛ تۆمۈردەك ئىككى قولى بىلەن
ئۇنىڭ كانىيىدىن بوغۇپ، دۈشمەنىنىڭ قور-
سىقىغا مىنىپ، گەۋدىسى بىلەن ئالدىغا يىقى-
لىپ ھوشسىز ياتقان ئۇيغۇر جەڭچى — زىخ-
رۇللام نادىروۋنىڭ قىياپىتى گەۋدىلەندى.

— مەن بىرىنچى بولۇپ دۈشمەننىڭ ئاشۇ
پوتېيىگە كىرگەن، زىخرۇللامنىڭ دۈشمەن
كانىيىدىكى قوللىرىنى بىز تەسلىكتە ئاج-
راتقان، پاھ، ئۇنىڭ قوللىرى بوغۇشقا بەك-
مۇ ئەپچىل!

— ھېلىقى چاغدا پوجاڭزا ئاتىمەن، دەپ
مەدەنىيەت ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتكەن لىيەنجاڭ-
نىمۇ قالتىس بوغقانىدى - ھە، كۆپچىلىك
ئاجرىتىۋالمىغان بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ
قوياتتى!

— ئۇ، ۋىجدانلىق، ناھەقچىلىككە چىدى-
مايدۇ. بىراق تولىمۇ تۈرگۈن - قارام، قا-
راملىقى ئۇنى بىر بالاغا قويمىسىلا بولات-
تىغۇ!

ماشىنا جىگدىدىن شىخوغا قاراپ يولغا
چىققاندا، ئىبراھىموۋنىڭ كۆزلىرىدىن تا-
راملاپ ياشلار قۇيۇلدى. لېكىن ئۇ كۆز يې-
شىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمىدى. ئۇ خۇددى
بۇ يەرلەر بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشقاندەك،
جەڭ سوقۇشىدا قۇربان بولغان سەپداشلىرى
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنى ئۇزىتىۋاتقان-
دەك كۆز يېشىنى زادىلا توختىتالمىدى.

ئۇلار شۇ كۈنى شىخودا قونىدى. ئۇ، كېچىسى
تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتتى. باللىرى تەرەپ -
تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇنى شەھەر-
نىڭ سىرتىدىكى قەبرىستانلىقتىن تاپتى.
ئىبراھىموۋ قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا
خۇددى پوستتا تۇرغاندەك جىمجىت، قاتقان
بويى تۇرغانىدى.

— نېمە قىلىپ يۈرىدىغانسىز ئادەمنى
ئەنسىرەتىپ، — دېدى ئايالى ھاسىراپ تۇ-
رۇپ، — سىزنى ئىزدىگىلى نەۋاخ!

— خوش دېمەي قانداق كېتىمەن. ئاۋۇ
ساۋۇت، مۇنۇ تالىپ، ئاۋۇ يەر بىلەن تەڭ
تۇرغان قەبرە قەمەرىدىن، دۇتار چېلىپ

ئاخشا ئېيتىدىغان بولسا، ھەي ئىسىت، ئاۋۇ قاختايدىن بەلگە قىلىپ قويغان زىنا، نېمە، ئېمىشقا ئوروس قەبرىسىگە قويىمىغان دېمەمسىنا؟ ئۇ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. دامولла رازىيەۋنىڭ ئۆزى ئىسلام ئېيتقۇزغان. ئاجايىپ قىز ئىدى. ئوكرائىنچە ئاددىنوچكا ئوينايدىغان بولسا، ھەي... بىزنىڭ تەلئەت ئۇنىڭغا ئېغىز گارمۇشكىسى چېلىپ بېرەتتى. تەلئەتنىڭ قەبرىسىنى غۇلجىغا كۆچۈرۈپ ئەكەتتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم.

— شۇنچە جىق ئاداشلىرىڭىز ئۆلگەنمىدى، دادا؟

— ھەي قىزىم، ھەر بىرىمىزنىڭ نەچچە ئونلاپ ئاداشلىرىمىز ئۆلگەن!

— ۋاي-ۋوي، نېمانچە جىق!

— شۇنداق، قىزىم. زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قۇربان بەرمەي بولمايدىكەن. سوۋېت خەلقى 20 نەچچە مىليوندەك، پولشا خەلقى 10 مىليوندەك، يۇگوسلاۋىيە، ئالبانىيە، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، ۋېنگرىيىلەرمۇ مىڭلاپ، مىليونلاپ قۇربان بېرىش ھېسابىغا ئازادلىققا ئېرىشتى. جۇڭگو خەلقىمۇ ئوخشاشلا نۇرغۇن قۇربان بەردى. قۇربانسىز ئازادلىق ئەركىنلىك بولمايدۇ. خەلقنىڭ ئازادلىقى، ۋەتەنىنىڭ ئار - نومۇسى، ئانا يۇرتىنىڭ بۇلغانماسلىقى ئۈچۈن قۇربان بېرىش ئىنسان ئۈچۈن شان - شەرەپ!

— ئۇنداق بولسا، دوستلىرىڭىز ئۈچۈن خۇشال بولۇڭ، دادا!

— قاراڭ قىزىم —، دېدى ئىبراھىموۋ يەر بىلەن تەڭ بولۇپ قالغان بىر قەبرىنى كۆرسىتىپ، — دەسسىلىپ يەرگە چۆكۈپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن قان تۆككەنلىكىمىزنى بىلمەيدىغانلار بار ئوخشايدۇ. بىزنىڭ تۆھپىمىز مۇنۇ قەبرىلەردەك ئۆچۈپ كېتەرمۇ، دەپ ئەنسىرەيمەن. بىزنىڭ قۇربانلىرىمىز قەدىرلىنىشى، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى گۈللەرگە پۈركىنىشى كېرەك ئىدى، قەھرىمانلىرىمىز تورىدىكى تاختىلار بېزىلىشى، ھەيكەللەر قاتۇرۇلۇشى، مېزىبېخانىلار قۇرۇلۇشى، ناخشىلار توقۇلۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ھازىر ئۇلار يوق. بۇنداق ھەقىقانىي تەلەپلەرنى قويۇشمۇ خەتەرلىك بولۇپ قالدى. بۇنداقلا بولۇپ كەتمەس، مەن ئىشىنىمەن، پارتىيىمىز ھەقىقەتسىزلىكنى چەكلەپ، ھەقىقەتنى نۇرلاندۇرىدۇ.

ئىبراھىموۋ ئەتىسى بىر كۈن گەپ قىلمىدى. بىر كېچىدىلا ئۇ ئوبدانلا قېرىپ قالغان، ساقىلىنىڭ ئېقى قارىسىدىن كۆپ، قەددىمۇ گويا سەل پۈكۈلگەندەك...

ماشىنا چۆللەر كېزىپ، توپا توزۇتۇپ كېتىپ باردۇ. جۇڭغار دالىسىنىڭ كەچكۈزدە باشلىنىدىغان سوغۇق شامىلى ماشىنا ئۈستىدىكى بېرزىنىنىڭ پەشلىرىنى قايرىپ تونۇش زېمىننىڭ يېقىملىق ھىدىنى ئىبراھىموۋنىڭ قېرىلىق بەلگىلىرى كۆپىيىۋاتقان يۈزىگە خۇددى ئەتىردەك چاچىدۇ. لېكىن بۇ ئەتىر ئۇنىڭغا ئارام، ھوزۇر بېرىش ئورنىغا ئۇنى ئازابلايدۇ. ئۇنىڭ كۆز يېشى ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغاندەك، بەلكى ۋۇجۇدى ياش بولۇپ ئېرىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىدۇ. ئەمما ئىبراھىموۋ كۆز يېشىنى كۆرسەتمىدى. ئۇ، خۇددى ئىككى ئاساۋ ئات ئېلىپ قاچقان ھارۋىنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن توختاتقان ماھىر ھارۋىكەشتەك كۆز ياشلىرىنى تىزگىنلەپ ئالالىدى.

شۇنداق، ئۇ دېگەن جەڭ كۆرگەن ئەركەك - تە!

## 3

كۈن غەربكە قىيسايغاندا ماشىنا ماناس دەرياسى بويىغا يېقىنلاشتى. ئىبراھىموۋ ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا مەيدىسىنى قويۇۋېلىپ ماناس دەرياسى بويلىرىغا قارىدى، كۈزنىڭ ئوچۇق ھاۋاسىدا شەرقتىكى ھەممىلا جاي ئېنىق، ئاشكارا كۆرۈندى: ئەنە يەنسىخەي، ئەنە ئورمانباغ!

## ماناس دەريا بويىغا
## ئاكوپكىلار قېزىلغان!

ئىبراھىموۋ ھەنگىشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا شېرىك بولۇشتى. ئىبراھىموۋ قوللىرىنى سوزۇپ سۈيى ئازىيىپ چوڭ سايغا ئايلانغان ماناس دەرياسىنى، ئايپاق شورتاڭ يەرلىرى قارلىق دالادەك كۆرۈنىدىغان يەنسىخەي، كەچكى قۇياشنىڭ قىپقىزىل نۇرىدا قىزغۇچ يوپۇرماقلىرى بىلەن بىر چوڭ گۈلخانىدەك كۆرۈنىدىغان ئورمانباغ تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— نېمىشكە يەنسىخەي دەيدۇ دەمسىنا، بەلكى، بەلكى تۇزلۇق كۆل دېگەن سۆز بولسا كېرەك. ئومۇمەن بۇ يەرلەردىن تۇز چىقىدۇ. «خەي» دېسىلا دېڭىز بولۇۋەرمەيدىغۇ. بۇ ياقتا نەنىڭ دېڭىزى بولسۇن، بالام. خوش، ئورمانباغ دېگەن سۆزنى بىز ئۆزىمىز قويۇۋالغان. ئاشۇ يەنسىخەينىڭ شەرق تەرىپى ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولى، جەنۇب تەرىپى ماناس دەرياسىغا تۇتاشقان تەبىئىي ئورمانلىق ئىدى. مۇشۇ تەبىئىي ئورمانلىقنى جەڭچىلەر ئورمانباغ دەپ ئاتىۋالغانىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ پولك شتابى ئورمانباغنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىدى. بىز جىڭ سوقۇشىنى تاماملاپ ئۇدۇل يەنسىخەيگە كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. ئۆي نەدە دەيسىز قىزىم، زېمىلانكىلارنى كولاپ جەڭچىلەر شۇ يەردە ياتاتتى. زېمىلانكا دېگەن نېمە دەمسىزا، قىزىم، زېمىلانكا ئورۇسچە گەپ، بىزچە گەمە دېگەن سۆزدە. بىز ئۇ يەردە قاچان ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بېرىلەركىن، دەپ كۈتۈپتىمىز، 1945 - يىلى 10 - ئايدا 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىپ، جياڭ كەيشى بىلەن بىزنىڭ ستالىننىڭ چىقىشىپ دوست بولۇپ قالغىنىنى، بىزنىڭ تەقدىرىمىز ھەل بولۇپ بولغىنىنى بىز نەدىن بىلەيلى. ھېچنەرسىدىن بىخەۋەر ھەربىي مەشىق، ئۆگىنىش، كۆڭۈل ئېچىش، ناماز ئوقۇش بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋېرىپتىمىز. لېكىن بىز ئۇ چاغدا غەلىبە شادلىقى، ياشلىق غورۇرى، ئۈمىد - ئارزۇنىڭ ئىلھامى بىلەن تولىمۇ بەختلىك ئىدۇق.

ئۇ جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە شۇ نادىروۋنىڭ سىماسى — ئۇنىڭ ماشىرەڭ گەلەپە شىم، ئۆتۈك، گىمناستوركا كىيگەن، بېلىنى تاسما پوتا بىلەن چىڭ باغلىغان، ئىسپانكىسىنى سەل قىڭغىر كىيگەن، ئازراق چوقۇر يۈزىدىكى سەل قىڭغىراق بۇرنى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان خۇشخۇي چىرايى گەۋدىلەندى.

ئۇ كۈنى نادىروۋ تولىمۇ خۇشال، سەپداشلىرى، ئۇنىڭ كوماندىرى بولغان ئىبراھىموۋ تولىمۇ خۇشال بولغان بىر كۈن ئىدى.

1945 - يىلى 10 - ئايدىكى شۇ كۈنمۇ خۇددى بۈگۈنكىدەك ھاۋا ئوچۇق، ئاق بۇلۇتلار سۈزۈك كۆز ئاسمىنىنى زىننەتلىگەن، يەنسىخەي ئورمانلىقى قىزىل نۇرلار ئىچىدە ئالاھىدە جانلانغان، ھەممىلا جاي تازىلانغان، جەڭچىلەر پاكىزە، رەتلىك كىيىنگەن، كۈلكە-چاقچاق، ناخشىلار ھەممىلا تەرەپتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان بىر كۈن ئىدى.

ئۇ كۈنى 1 - باتالىيون — يەنى ئىبراھىموۋنىڭ باتالىيونى باجاخۇ، يۈگىجىخۇدىكى قەھرىمانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە ماختالغان، ئۇ باتالىيوننىڭ جەڭچىلىرى بىر ئېغىزدىن ماقۇللاپ كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن زىخرۇللامغا «كۈرەش قەھرىمانى» دېگەن نام بېرىلگەن كۈن ئىدى.

ئوچۇق ھاۋادا ئۇزۇن گۈزەللىكىنى تېخىمۇ نامايەن قىلغان ئورمانباغ سېرىق قۇياشنىڭ ئەتىگەنلىك ئۆتكۈر نۇرى بىلەن يۇيۇنغان، گويا ئەتراپتىكى سارغايغان جۇڭغار دالاسىغىمۇ ئالتۇن سۈيى چېچىلغان. . .

پولك شتابى ئالدىدىكى كەڭ مەيدانغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلار بېكىتى

پۈتۈن پولك روتىلار بويىچە تىزىلغان. مىللىي ئارمىيە مارشى سۈرلۈك ئاسماندا دولقۇن پەيدا قىلىپ، مەيداننى كۆرمەك بولۇپ پەسكە ئېڭىشكەن يۇپقا بۇلۇتلارنى تىترەتمەكتە ئىدى. پولك باشلىقلىرى گەمىلىرىدىن چىقتى. پولك دېجورنىسى پۈتۈن پولكقا دىققەت كوماندىسى بەردى ۋە پولك كوماندىرلىرىغا دوكلات قىلدى. پولك كوماندىرى غەلىبە شادلىقى بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئاۋۋال پۈتۈن پولكقا چاس بەردى ـ دە، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن:

— باجاخۇ ۋە يۇگجېخۇنى ئىشغال قىلىش جېڭىدە قېرىنداش قىسىملارغا يېقىندىن ماسلىشىپ پولكىمىزنىڭ 1 ـ باتالىيون 1 ـ روتىسى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. بۇ قېتىملىق ھايات ـ ماماتلىق جەڭدە جەڭچى نادىرووۋ زىخرۇللام قىسمىمىزنىڭ قەھرىمانلىق ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئۈچ پوتىيىنى گۇمران قىلىپ، قىسىملارنىڭ غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن قېرىنداش قىسىملارنىڭ باجاخۇ، يۇگجېخۇلارنى ئىگىلىشىگە يول ئېچىپ بەردى. زىخرۇللام ئىنقىلاب غەلىبىسى، ئازادلىق ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنىنى ئايىماي پۈتۈن قىسىمدىكى جەڭچىلەرگە شانلىق ئۈلگە يارىتىپ بەردى. ئۇيغۇر خەلقى زىخرۇللامدەك قەھرىمان پەرزەنتلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، شان-شەرەپ ياغدۇرىدۇ. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى جەڭچى نادىرووۋ زىخرۇللامنى خەلقنىڭ ئالىي مۇكاپاتى بولغان ئالتۇن مېدالى بىلەن مۇكاپاتلاشنى قارار قىلدى. بۈگۈن مەن مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىغا ۋەكالىتەن جەڭچى نادىرووۋ زىخرۇللامغا بۇ مېدالنى تەقدىم قىلىمەن!①

پۈتۈن مەيداندا ئالقىش سادالىرى، ھۇررالار ياڭرىدى.

زىخرۇللام ئىسپانكىسىنى سەل قىيپاش كىيىپ، جەڭچىلەرگە خاس چەبدەسلىك بىلەن پولك كوماندىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. پولك كوماندىرى نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن مېدالنى ئۇنىڭ كۆكسىگە تاقاپ بولۇپ، زىخرۇللامنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، خۇشاللىقتىن ئاۋازى تىترىگەن ھالدا:

— يىگىت، سىزنى تەبرىكلەيمەن، يەنە تىرىشىڭ، تېخىمۇ چوڭ خىزمەت كۆرسىتىڭ! ـ دېدى.

— ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جېنىم پىدا! ـ دېدى زىخرۇللام قولىنى چېكىسىگە تىرەپ، پۈتلىرىنى جۈپلەپ سالام بىلەن جاۋاب بېرىپ.

زىخرۇللام سەھنىدىن ھاياجان ياشلىرىنى سۈرتۈپ چۈشكەندە ئۇنى بىرىنچى بولۇپ تەبرىكلەپ مەھكەم قۇچاقلىغان ئىبراھىمووۋ ئەمەسمىدى! جەڭچىلەر ئۇنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىپ، مەيداندا چۆرگىلەتكەندە ئىبراھىمووۋ قانچىلىك خۇشاللىق يېشى تۆككەنىدى ـ ھە؟

مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا يۆنىلىشىدىكى قىسىملار ئىچىدە زىخرۇللامنى بىلمەيدىغان، ماختىمايدىغان ھېچكىم يوق. لېكىن ھېچ ـ كىممۇ تېخى زىخرۇللامنى ئىبراھىمووۋدەك بىلمەيدۇ، ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يېنىدا نادىرووۋ بولسىدى، ئۇلار بىرلىكتە مۇنۇ سۈيى بىر ئېرىقلا بولۇپ قالغان ماناس دەرياسى بويلىرىدا، يەنسىخەي، ئورمانباغ باغلىرىدا پىيادە مېڭىپ سەيلە قىلىسىدى. ئىسسىت،

① بۇ يەرلەر ساۋدانوۋ زاھىر ئاكىنىڭ «ئۇ، خەلقنىڭ قەلبىدە» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىنىپ كۆچۈرۈلدى.

ئەندى بۇنداق كۈن ھەرگىز بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار مەڭگۈلۈككە خۇشلاشقاندۇ. خۇددى ياشلىق، خۇشاللىق بىلەن خۇشلاشقاندەكلا!..

— دادا، ئىمىشقا بۇ ئېيتقانلىرىڭىزنى رومان قىلىپ يازمايسىز، ئاجايىپ ئەسىرلىك قىلىپ سۆزلەيدىكەنسىز. زىخرۇللام ئاكام ماتروسوۋ، خۇاڭ جىگۇاڭ، چيۇشاۋيۈنلەردىن قېلىشمايدىكەن. قۇربان بولسىلا ھېسابمۇ، زىخرۇللام ئاكامۇ ئۆز كەۋدىسى بىلەن دۈشمەن پوتەيگە ھۇجۇم قىلىپتۇ، لېكىن قۇربان بولماپتۇ!

— نادىروۋ! — دېدى ئىبراھىموۋ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ، — راست ھېچكىمدىن كەم ئەمەس، لېكىن...

ئۇ، گېپىنىڭ ئاخىرىسىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇ، بىرىنچى قېتىم ۋىجدان ئازابىنى ھېس قىلدى: نادىروۋنىڭ تۆھپىسىنى چۆكۈلۈشتە ئۆزىنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسىسى بار - دە! 1961 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك قەھرىمانلىرى يىغىنىغا كونا ھەربىيلەردىن بىر نەچچىسى نادىروۋنى كۆرسەتكەنىدى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى گۈللەندۈرۈشكە سىڭدۈرگەن ئەمگىكى ھەممە ئادەمدىن ئۈستۈن ئىدى. لېكىن پارتكوم يىغىنىدا بىرسى ئىسلاموۋنى كۆرسەتتى. ئىسلاموۋنى «سىنىپىي كۈرەش ئېڭى ئۈستۈن» دەپ ماختىدى. ئىسلاموۋ بىرقانچە «گۇمانلىق ئۇنسۇرلارنى پاش قىلغان»، «تەۋرەنگەن ئۇنسۇر»لارنى نەق ماتېرىياللىرى بىلەن ئەيىبلىگەن... نادىروۋغا «ھاراقكەش»، «ماجىراچى»، «رەھبەرلىك ئۈستىدىن سۆزلەيدۇ» دېگەن ئەيىبلەر قويۇلدى. ئىبراھىموۋ مەيداننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتكوم ھەيئىتى بولۇپ تۇرۇقلۇق شۇ يىغىندا نادىروۋ توغرىسىدا ھەققانىي گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ «ئەيىب»لىرىنى قوبۇل كۆردى. نەتىجىدە، «ئىسلاموۋ قەھرىمان شەخس» بولۇپ قالدى. يەنىچۇ؟ نادىروۋنىڭ مەيدان پارتكومىغا بەرگەن سەممىي پىكىرلىرىنى «دۈشمەنلىك كەيپىيات» دەپ قارىغۇچىلارنى قوللاپ نادىروۋنى «ئىسكىلاتچى» دېگەن ئاددىي خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئاددىي ئىشچى قىلىپ قويۇشقا قوشۇلدى. ئۇ نېمىشقا ئۆز سەپدىشىنىڭ گېپىنى قىلالمىدى؟ پارتكوم سېكرېتارلىرىغا نېمە ئۈچۈن نادىروۋنىڭ تارىخى، تۆھپىسى، مىجەزىدىكى ئالاھىدىلىك توغرىسىدا سۆزلىمىدى؟ ئۇنى ئىسلاموۋدەك ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتە ئىبراھىموۋنىڭ ئوينىغان رولى چوڭ ئەمەسمۇ؟...

ئىبراھىموۋمۇ مانا بۈگۈن قۇربانلار قەبرىسى ئەسلىمىلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى خاتا قىلغانلىقىنى چۈشەندى. «ئۆزىنى بىلىش ئەجەب تەسكىنا؟ مەن بىرسىگە ياخشى چاق بولۇشقا ئىمانچە بېرىلىپ كەتكەندىمەن. مەن ئۆزۈمگە قاتتىق تەلەپ قويمىدىغان كوممۇنىست ئىدىمغۇ؟ يەنە قانداق قىلىپ ھەق سۆز قىلىشتىن قورقىدىغان، ئۆز سەپداشلىرىمنى ئاسرىمايدىغان بولۇپ قالدىم - ھە؟...»

... «ھەق جازا، ماڭا جازا بەرسە ھەق بولغىدەك. نادىروۋ، قىممەتلىك قېرىنداش ساڭا ۋابال بولۇپتۇ. سەن تېخى مېنى ئەيىبلىمەپسەن، مېنى مانا بۈگۈن ۋىجدانىم ئەيىبلىمەكتە. مەن ۋىجدانىمدىن جازا تەلەپ قىلىمەن.»

ئۇ، ماناستىن چىقىپ ئۈرۈمچىگە كەلگىچە ئۈزۈلدۈرمەي تاماكا چەكتى.

ئايالى ئۇنىڭ كەيپىنىڭ ئۆزگەرگىنىنى بىرىنچى بولۇپ بايقىدى:

— نېمە بولدى، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟

www.uyghurkitap.com

— مىجەزىم؟ ياق، مىجەزىم ياخشى، ماڭا ھاردۇق يەتكەن ئوخشايدۇ!

— ھېلىمۇ ھارمايدىكەنسىز. ئۈرۈمچىدە بىر ئاي دەم ئالايلى ئەمسە.

— ياق، تېز ماڭايلى، تارىمغا قانچە تېز كەتسەك شۇنچە ياخشى!

ئۇ تۆھپە يارىتىشقا ئالدىرايدۇ ياكى ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرايدۇ؟

بۇنى ماشىنىدىكىلەردىن ھېچكىم بىلمەيدۇ - دە!

4

ئۇلارنىڭ ماشىنىسى تاقىر، زېرىكىشلىك ئايغىر يېزىلاقتىن ئاشقاندىن كېيىن ئىبراھىموۋ ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قىزىپ، يۆتەلسە مەيدىسى ئېچىشاتتى. ئۇنىڭ ئايالى، باللىرى سەكپارە بولۇپ ئۇنىڭغا ھېلى دورا بەرسە، ھېلى ئۇسسۇزلۇق بېرەتتى. ئىبراھىموۋ شۇنداق كېسەل بولۇشىغا قارىماي شوپۇرنى تېزرەك ھەيدەشكە ئالدىرىتاتتى.

— كورلىدا ياكى ئاقسۇدا توختاپ داۋالىنىڭ، — دېدى ئايالى يېلىنىپ، — ھامان چۆللۈككە بارىمىز، نېمانچە ئالدىرىغۇلۇق - كىنە!

— بىر كۈن، يېرىم كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق بارايلى خوتۇن، ماقۇل دە، گېپىمگە كىر، مەندىن ئەنسىرىمە!

ماشىنا شۇنداق ھەيدەپ مارالبېشىدىنمۇ ئۆتتى، يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيى ئازايغان، دەريادىنمۇ ئاسانلا ئۆتتى. چەكسىز كەتكەن توغراقلىق باشلاندى. قۇم بارخان - دۆڭلىرى مەڭگۈلۈك ئۇيقىغا كەتكەن يىلانلارغا ئوخشايدۇ. بەزى قۇم ئىدىرلىرى ئۈستىدە قېلىن توغراق ياكى قومۇشلار ئۆسكەن. ساپسېرىق توغراق غازاڭلىرى تەكلىماكاننىڭ كەچكۈز شامىلىدا كۆچمە قۇملار بىلەن بىللە ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ.

ئىبراھىموۋنىڭ باللىرى ھەيران - ھەۋەس بىلەن دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ پايانسىز قۇم - چۆللۈككە تاماشا قىلىشتى:

— نەچچە مىڭ، نەچچە ئون مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەرلەردە كۆل - دەريالار بولغان، كۆللەر قۇرۇپ چۆللەر پەيدا بولغان.

— كىتابلاردا يېزىلىشىچە، بۇ يەرلەردە بۇرۇن شەھەرلەر بولغانىكەن.

— يەنە شەھەرلەر بولىدىكەن - دە، بىز شۇ قۇرۇلىدىغان شەھەرنىڭ پۇقرالىرى.

— تەييار شەھەرلىرىمىزنى تاشلاپ. . .

— ئاستا، دادام ئەندىلا كۆز يۇمدى!

باللار جىمىپ قېلىشتى، ئىبراھىموۋ تېز - تېز نەپەس ئېلىپ ئۇخلىماقتا. ئۇنىڭ جۇدەڭگۈ يۈزى تەكلىماكان چاڭ - توزانلىرى بىلەن ئاقارغان، قاپقارا كىرپىكلىرى، يوغان قاڭشالىق قۇش بۇرنىغا ماسلاشقان، ئۇنىڭ چىرايىغا ئەرلەرگە خاس گۈزەللىك پەيدا قىلغان. ئۇنىڭ ئىككى يېقىغا تاشلانغان قوللىرىنىڭ بىرسىنى ھېپىزەم، بىرسىنى راھىلەم تىزىغا قويۇۋالغان. ماشىنا چاڭ - توزان پۇرقىرىتىپ، بەزىدە سىلىق، بەزىدە قوپال سىلكىنىپ كېتىپ بارىدۇ. ماشىنىدىكىلەر نەگە بېرىشىنى بىلمەيدۇ. كابىنكىدىكى يول بويى

زۇۋان سۈرمىگەن ئىككى مۇھاپىزەتچى بىلەن شوپۇر بارىدىغان جايىدىن خەۋەردار. ئىبراھىموۋ بارىدىغان يېرىنىڭ نە نام - ئىسمىنى، نە مەنزىرە قىياپىتىنى سوراپمۇ قويمىدى. باللار بولسا بىلىشنى تېخىمۇ خالىمايتتى.

ئىبراھىموۋنىڭ قىزىتمىسى يانغان ئوخشايدۇ. مانا ئۇ ئۈسسىلىق خورەك تارتىشقا باشلىدى. باللار ئۇنىڭ خورىكىنى ئاڭلىغىنى بىلەن قانداق چۈش كۆرگىنىنى بىلمەيدۇ - دە.

ئىبراھىموۋ ماشىنىدا كېتىۋېتىپ ئاجايىپلا بىر چۈش كۆردى. كۆز ئاچقىلى بولمايدىغان

شۈدىرغانلىق بىر كېچىدە ئىبراھىموۋ نادىروۋ بىلەن بىللە مەست ھالدا مەيدانىنىڭ ئېتىزلىرىنى كېزىپ يۈرگەندەك. ئىبراھىموۋ ئۆمىلىگەندەك، نادىروۋ ئۆرە، شۈدىرغانغا پىسەنت قىلماي، ناخشا ئېيتىپ كېتىپ بارغىدەك. ئىبراھىموۋ ۋارقىرىدى، ئاۋازى چىقمىدى. ئالدىدا تېخى مۇز قاتمىغان زېيكەش ئۆستىڭى بار، زىخرۇللام قاراملىق قىلىپ چۈشۈپ كەتمىگىدى؟ ئىبراھىموۋنىڭ غەم-ئەندىشىسى شۇ. ئۇ نە ماڭالمايدۇ، نە ۋارقىرىيالمايدۇ. نادىروۋ بىرلا ياغاچتىن ياسالغان ھېلىقى غىلتاڭ كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئادىنوچكا ئويناۋاتقىدەك. «ھەي سارالاڭ، تولا تەلۋىلىك قىلما!» نادىروۋنىڭ بەددىنى قىيسايدى. ئىبراھىموۋ ۋارقىرىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى نادىروۋ ئاڭلىمىدى. ئىبراھىموۋ كۆزىنى يۇمۇپ ئالدى. ئۇ، كۆزىنى ئاچقاندا كۆۋرۈك ئۈستىدە نادىروۋ كۆرۈنمىدى. ئىبراھىموۋ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى، ئاۋازى چىقمىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرمەكچى بولدى، پۇتلىرى يەر دەسسىيەلمىدى، ئۇ ئۆمىلەپ ماڭدى. ئۇ ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ بىردە دۈشمەن ئاكوپىغا كېتىۋاتىمەن، دەپ ئويلىدى، تۇرۇپلا زىخرۇللامنى قۇتقۇزغىلى كېتىۋاتىمەن دەپ ئويلىغىدەك. ئۇ ئۆمىلىدى، تىرناقلىرى بىلەن قېتىشقان، مۇزلۇق يەرنى تاتىلاپ، تىزلىرى بىلەن قىيىندىلارنى تىزىپ ئالغا ئىلگىرىلەدى. ئۇ ئىلگىرىلەۋېتىپ كانايغىچە سۇغا چىلاشقان زىخرۇللامنى كۆرۈپتۇدەك. تاش ياتقۇزۇلغان ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشى ئىككى مېتىردىن ئېگىز، سۇ چاچراندىلىرى بىلەن غىلتاڭلاشقان ئىككى يانىنى تاتىلاپ تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس، زىخرۇللامنىڭ تىرناقلىرى، چىشلىرى قانىغان، ئۇ ھايات قېلىش ئۈچۈن قىرغاققا ھەدەپ ياماشقىدەك. . . لېكىن ئىبراھىموۋ ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمايدۇ، ئۇ تېخى يېرىم يولدا ئۆمىلەپ كەلمەكتە. بۇرۇتلۇق، مەيدىسىگە قاتار مېدالىلارنى ئاسقان ئادەم تاپانچىسىنى تۇتۇپ ئويناقلاپ تۇرغان ئات ئۈستىدە ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ تۇرغىدەك:

— سەن ئۆلۈمتۈك نېمىشقا تۇرالمايسەن، بىز ساڭا ھەممە ماھارەتنى ئۆگەتكەنغۇ، سەنزە ئۆمىلەشنىلا بىلىدىكەنسەن - دە! تۇر، نادىروۋنىڭ قولىدىن تارت، بولمىسا ئېتىۋېتىمەن!

— گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبەك جانابلىرى! — دېگۈدەك ئىبراھىموۋ، مەن كېسەل، ئارانلا ئۆمىلەشكە ياردىدىم، ئۆمىلەپمۇ ئۇنى قۇتقۇزالايمەن، مېنى ئېتىۋەتمەڭ!

ئىبراھىموۋ ئۆستەڭ بويىغا كەپتىدەك، نادىروۋ تىرناقلىرىدا، ئېغىز - بۇرۇنلىرىدا قان ئۇيۇغان ھالدا قانغا بويالغان قاشانى باغرىغا بېسىپ جىمجىت ياتقىدەك!

— نادىروۋ، ئەكەل قولۇڭنى، نادىروۋ!

— ئۇ ۋاپات بولدى، قورقۇپ ئۆلمىدى، توڭلاپ ئۆلدى. ئېسىت، ئۇنى دۈشمەن ئۆلتۈرەلمىگەنىدى، ئۆز يېرىنىڭ سوغۇقى ئۆلتۈردى. بىلىپ قويۇڭ، ئىبراھىموۋ، سىز بىزنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانىمىزنى ساقلاپ قالالمىدىڭىز، سىز خەلق ئالدىدا ئەيىبكارسىز!

قارا بۇرۇت، گۈللۈك قىزىل دوخاۋا بۆك، كاستۇم كىيگەن بۇ تونۇش ئادەم كىم؟ ئىبراھىموۋ كۆزىنى ئۇۋۇلىدى:

— رەئىس ئەھمەتجان ئەپەندىم! — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — مېنى ئۆز قولىڭىز بىلەن ئېتىۋېتىڭ!

ئۇ، ئېسەدەپ يىغلاپ جۆيلىگىلى تۇردى:

— مېنى . . . ئېتىۋېتىڭ . . .

— نېمە بولدىڭىز، ۋاي نېمە دەۋاتىسىز؟
ئىبراھىموۋ چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ، چېلىقلاپ تەرلىگەن، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ھالدا ئۇستىگە يېپىلغان ھەربىيچە جۇۋىنى ئۇستىدىن ئېلىۋەتتى:
«چۈشمۇ، خىيالمۇ، ياكى ئىككىسىنىڭ بىرلىكىمىمۇ؟»
— بۈگۈن چېلاغا نەچچە بولۇپ قالدى؟
— بۈگۈن چېلاغا ئون، دادا، — دېدى چوڭ ئوغلى.

— ئوغلۇم، خاتىرەڭنىڭ ئوبدان بىر يېرىگە يېزىپ قوي. 1962 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەن ئاجايىپ قورقۇنچلۇق چۈش كۆردۈم...

## خاتىمە

. . . يەنە ئون سەككىز يىل ئۆتتى. ئون سەككىز يىلدا ئىبراھىموۋ كەمسۆز، خىيالچان بوۋايغا ئايلاندى. ھازىر ئۇ بالايۇ - نەۋرىلىرى بىلەن يىگىرمە ئالتە جان. يۇرتىغا قايتىش ئارزۇسى تۇرمۇشنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا كۆكلەۋەردى ۋە ئاخىر يېڭىدىن مەھەللە - شەھەر بولۇشقا باشلىغان تەكلىماكان قوينىدىكى ئۆزۈن يىل تەر تۆككەن ئۈچىنچى يۇرتىدىن ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتىغا

قايتىدىغان بولدى. ئىبراھىموۋ مانا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ راستىنلا جازالىنىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىنى، كەلگەندىن باشلاپ ھازىرغىچە چەكسىز قۇملۇق ئىچىدە توغراق قومۇرۇپ، ئۆستەڭ چېپىپ ئون سەككىز يىلنى ئۆتكۈزگىنىنى، شۇ ئارىلىقتا يىراقتىكى يېقىنلىرىدىن يا بىر پارچە خەت، يا بىرەر ئېغىزچە خەۋەر ئالالمىغانلىقىنى ئەلەم، ئۆكۈنۈش ۋە غەزەپ بىلەن ئاخىرقى قېتىم يادىغا

قالدى - دە، ئۆزىچە:
— زىخرۇللام نادىروۋ نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟ — دەپ پىچىرلىدى.
كەچكۈز، ھەممىلا يەردە سېرىق خازانلار ئۇچۇپ يۈرگەن كەچكۈزدە ئۇ ئۈچ ماشىنا بىلەن يۇرتىغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا زىخرۇللامنىڭ ھاراق ئىچىپ، زەيكەش ئېرىقتا چۈشۈپ ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلاپ، ئازاب بىلەن قاتتىق يىغلىدى.
مەيداننىڭ يېڭى رەھبەرلىكى ئۇنىڭغا:
— ھاراق ئىچىپ ئۆلدى، دېگەن گەپ يالغان.

زىخرۇللام نادىروۋ ئالىي سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانىدىن خىزمەت بىلەن قايتىپ كېلىۋېتىپ، شىۋىرغاندا سانائەت ئۆستىڭىگە چۈشۈپ كېتىپ، خىزمەت ئۇستىدە شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. بىز ئۇنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرىمىز، ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزىمىز.
— ئون سەككىز يىلدىن كېيىن - ھە؟ بالا تۇغۇلۇپ 18 ياشقا كىرگەندە ئىسىم قويغاندەكلا كۈلكىلىك ئىش. ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى خاتىرىلەنگەنمۇ؟

— شۇنداق. زىخرۇللام نادىروۋ 1962 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىۋىرغانلىق كېچىدە قازا تاپتى.
— 1962 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىموۋ ھەيران بولۇپ، — مەن چۈش كۆرگەن كۈننىڭ ئەينەن ئۆزى، كەچكۈز؟ ياق، قىش، كەچكۈزنىڭ ئاخىرى، كۈلكىلىك ئىش، يەنە بىر كۈلكىلىك ئىش!
شۇنداق، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا كۈلكىلىك ئىشلار تولىمۇ كۆپ.

1988 — 1989 - يىللار، ئۈرۈمچى



ئىمىن ئەھمىدى

## مەن ۋە قۇياش

رەھمىتىڭنى يولداش، ماڭا سۆزلىمە،
مەن ئۇشبۇ رەھمەتكە لايىق ئەمەسمەن.
ئۆمرۈمنى گۈلىستان ئەيلىدىڭ دېمە،
گۈلىستان ياراتقان باشقا بىر باغۋەن.

* * *

ئىشىكنىڭ «تىردىق» قىلدى يۇ كىرمىدى ھېچكىم،
ئاچتىم - دە، بىر قاراپ تونۇدۇم سېنى.
جەسۇرلۇق ئۇرغىغان قاراشلىرىڭدىن،
ئېسىمگە كەلتۈردۈم ياشلىق چېغىمنى.
ئۇ چۇدۇن يىللىرى سوتخانا ئىچرە
كۆرگەنمەن باغلاغلىق سېنى قانچە رەت.
سەن ئېيتقان غەزەپلىك، يالقۇنلۇق سۆزلەر—
تۈپەيلى كۆپەيگەن ئارخىپىڭدا بەت.
شۇندىمۇ چېچىڭغا قونمىغان قىرو،
ۋە ياكى چېھرىڭگە چۈشمىگەن قورۇق.
ھېلىمۇ قامىتىڭ شۇنچىلىك مەغرۇر،
كۆردۈم كۆزلىرىڭدە ئۈزگە ئۇلۇغلۇق.

* * *

قولۇڭغا ئۇزاتقان چېغىمدا ھۆكۈم،
لىۋىڭدە سەكرىگەن مەسخىرە كۈلكە.
شۇ مەھەل ئىززىتىم بولۇپ كۆمپەيكۈم،
ماڭدۇرغان مەن سېنى يىراق بىر چۆلگە.

* * *

ھە، بۈگۈن مەن يەنە چاقىرتىپ سېنى،
پاكلىقىڭ ھەممىگە قىلماقچى جاكا.
سېنىڭ شۇ بىغۇبار سۈزۈك قەلبىڭنى
بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدۇم زامانغا.

سەن ئالدىڭ قولۇمدىن يەنە بىر قەغەز،
خىيالچان كۆزۈڭدە لىغىلدىدى ياش.
لەۋلىرىڭ تىترىدى ئويلىنىپ بىر پەس،
دېدىڭ بىر جۈملە سۆز: رەھمەت قېرىنداش!

* * *

گۈلچىمگە ئەزەلدىن ئىمەس مىننەتدار،
باغ ئارا گۈللەرنى ئۆزگەن قىز - ئوغۇل.
ۋە لېكىن گۈلچىمۇ دىر ئىمەس دەرھال:
رەھمەتنىڭ پېقىرغا بولمايدۇ قوبۇل.
ئەگەر يوق سامادا پارلىغان قۇياش،
ۋە يەرسىز مۈشكۈلدۇر ياساش گۈلىستان.
قۇياش ئۇ ئالەمگە ئەبەدىلىك يولباش،
گۈلچىدىن مىڭ ھەسسە ئەلا ئۇ ھامان.

* * *

نەچچۈككى بىر مەھەل قايمۇقتۇم ئەجەب،
دولقۇندا تەۋرىدى بۈيۈك ئېتىقاد.
نىجىسلار قانۇننى بۇزۇپ - ئەزۋەيلەپ،
بىگۇناھ جانلارنى چەككۈزدى پەرياد.
مەن سېنى جازالاپ تاپمىدىم ھوزۇر،
قىينىدى قەلبىمنى ۋىجدان ئازابى.
شۇ دەقىق ھۆكۈمدە يېزىلغان ھەر قۇر
مېنى قىلدى بولغاي ئەلگە سازايى.
بىلەمسەن، كىم بەردى ساڭا نىجادلىق،
ئۇ ئەمەس قولۇمدا ئوينىغان قەلەم.



ئۇ قۇياش، ئۇ ھاۋا، ئادالەتكە لىق،
ئۇ، بەختىم مەنبەسى ئۇلۇغ پارتىيەم.
سەن ماڭا رەھمىتىڭ ئەيلىمە بايان،
مەن ئۇشبۇ رەھمەتكە لايىق ئەمەسمەن.
ئۆمرۈمنى ئەيلىمدىڭ دېمە گۈلىستان،
گۈلىستان ياراتقان باشقا بىر باغۋەن.

## نومۇس

تاماكا تەڭلىمە ماڭا زورمۇ-زور،
قولۇمنى ئۇزىتىش كېلىدۇ تەسكە.
دېمەندە بولمىسۇن سەندىكى غورۇر،
مېنىمۇ باشلىما نەپسى ھەۋەسكە.
ئورۇندۇقنى ئۆزۈم ئېلىپ ئولتۇراي،
ئاقىل ئىنسان تۇرۇپ كۆرسەتمە قۇللۇق.
قەدەھكە شارابنى ئۆزۈم تولدۇراي،
سەنمۇ ئىچ مەنمۇ ھەم ئىچەي ئۇدۇللۇق.
سەن بەرسەڭ مەن ئالسام كەبىي تاماگەر،
سىياقىم ئوقۇرنىڭ ئالدىدا ھايۋان.
قويىنىغا سىغدۇرماس ئۆلسەم ئانا يەر،
لەنەت دولقۇنىدا ئۆتمەن سەرسان.
چىرايىڭغا قەستەن كۈلكە يۈگۈرتمە،
بىلمەن، كۆڭلۈڭدە ئاچچىق بىر تالاي.
دېيدىغان گېپىڭنى پەدەزلەپ يۈرمە،

بۇ دەم مەن باي ئەمەس ياكى سەن مالاي،
چۈشۈپ كەتكەن بولساڭ ناۋادا ئوتقا،
قولۇمدىن كەلگەننى تۇرمايمەن ئاياپ.
ۋە لېكىن ئىبادەت قىلغاندەك بۇتقا،
باش ئۇرۇپ يۈرمىگىن ماڭا ئالدىراپ.
تارتىنماي سۆزلەۋەر ھەسرىتىڭ بولسا،
سەممىي ھېسداشلىق قەلبىم نىداسى.
مېنى مىلتىقى بار ئوۋچى دەپ قالما،
بىلسەڭ، كىمكىنىڭمۇ باردۇر خۇداسى.
ئادەم جىمىكى مەخلۇقاتتىن ئەلا،
قەددى ئۇنىڭ گويا ئاسمان - پەلەك تاغ.
شۇ سەۋەب تىرناقچە پەرق يوق ئارىدا،
جاپانى تەڭ تارتقان ئىدۇققۇ بىر چاغ.
قولۇم قىسقا دېمە گاداي بولساڭ ھەم،
ۋىجدان گادايلىقى ھەممىدىن يامان.
دەس تۇرۇپ ياشىغىن زېمىندا ھەر دەم،
دىيارىمدا پاكلىق غالىبتۇر ھامان.

* * *

تاماكا تەڭلىمە ماڭا زورمۇ-زور،
قولۇمنى ئۇزىتىش كېلىدۇ تەسكە.
دېمەندە بولمىسۇن سەندىكى غورۇر،
ۋە مېنىڭكىنىمۇ ئۇرمىغىن پەسكە.
ئوكيان بىر ھەقىقەت شۇڭا دەريالار
ئوكيان بويرۇقسىز تەلپۈنۈپ ماڭار.
ئىشىنىمەن، ئىنسان ئۈچۈن ئانا يەر -
ئەڭ دەسلەپ بەرگىنى نومۇس بىلەن ئار.

## ئارزۇلار

گۈلگۈن دالالارغا جۇشقۇن باقىمەن،
مۇقەددەس مەنزىرە يولۇمغا چىراغ.
خىيال دەرياسىدا ئويغاق ئاقىمەن،
ئەسلىمەمدە يالقۇن، ئارزۇدا پىراق.

ئۆتكەن كۈن ئۆمۈچۈك توردەك گاھى
سەبىي ئويلىرىمنى ئالىدۇ چىرماپ.
سۆزدە تۇرمىغان يارنىڭ نىگاھى
ئەسكە چۈشەر بەزەن خىرە جىمىرلاپ.
ئۇيۇقتا توختىغان ئۆتكۈنچى بۇلۇت،
سەپەر ساھىلىغا تاشلايدۇ سايە.
لېكىن تاڭ قۇياشى كېلىدىن تۇتۇپ
ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى قىلىدۇ پارە.
چۈنكى تارىخ چاقى چاڭلارنى چەيلەپ،
ھەسرەت قاچىسىنى چېقىپ ماڭىدۇ.
ئورۇق ئات مىنىشكەن كارۋانلار بۇ دەم
ئىشەنچ - ئېتىقادنى دىلغا تاڭىدۇ.
ئەجدادلار قېنىدىن ئۇتاشقان گۈلخان—
بىلەن تەۋەللۇتتۇر قەلبىمدە غايە.
ئانامنىڭ پەرزەنتى بولۇشقا ھەرئان
تاپىمەن ئىستەكلەر ئارا ھىمايە.
شۇڭا ھاياتلىقىم قۇياشقا ھەمدا،
كۆرۈنگەن چوققىلار بىلىنمەس يىراق.
بىر يۈكتىن يۈرەككە مۇھەببەت پەيدا،
ئەسلىمەمدە يالقۇن، غايەمدە پىراق.

تارىخنىڭ ئىزناسى بىلىمگە قۇۋۋەت،
ئەۋلادلار قولىغا تۇتقۇزار ئىمكان.
قۇربانلار تەلپۈنگەن ساماۋى جەننەت
جەڭ ئارا تۇغىدۇ گۈزەل بىر زامان.
مۇدھىش خاتىرىلەر ھەرگىز ئۆچمەيدۇ،
يىقىلغان مەشئەلنىڭ ۋارىسى ھايات.
جەۋلان قىلغان قىزىل ئەلەملەر مەڭگۈ —
ھەرنە خۇرسىنىشنى قىلىدۇ بەرباد.
شۇڭا خىيالىمدىن قەددىم راۋۇرۇس،
ئارمان قەدىمىمدە يېڭى ئىشتىياق.

يىللارنى ئۆتكۈزۈش مەن ئۈچۈن نومۇس،
ئەسلىمەمدە يالقۇن، غايەمدە پىراق.

قۇرۇق ھاياجان بۇ دېمەكلار دوستلار،
ئارزۇيۇم ۋەتەننىڭ ۋەسلى پەقەت.
كۆز ئالدىمدىكى بۇ زەپەر مىنۇتلار
ماڭا ئاتا قىلغان شۇنداق مۇھەببەت.
شۇڭا دالالارغا جۇشقۇن باقىمەن،
مۇقەددەس بىر كەلگۈ يولۇمغا چىراغ.
چېلىش دولقۇنىدا ئويغاق ئاقىمەن،
ئەسلىمەمدە ئوت بار، غايەمدە پىراق...

## سۆيگۈ

خۇشامەت قىلمىدىڭ، يېلىنمىدىڭ دەپ،
ئەتىدىن - كەچكىچە قاپىقىڭدا قار.
يوقمىدى سېنىڭدىن ماڭا باشقا گەپ،
مۇھەببەت شۇنچىلىكمىدى ئەي نىگار.
نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ تەڭلەپلا كەلدىم،
ۋاپا ياغلىقىغا ئىشەنچنى ئوراپ.
ساڭا قانداق مىجەز بەرگەن خۇدايىم،
ياشىدىڭ ئەقىدەم يولىنى توراپ.
دوست بولدۇق، ئاشىقمۇ بولۇپ قالىمىز،
ئېتىقاد ئۆلىنى تۇرغۇزساڭلا تەڭ.
بىر يېڭى پەس بولسا، بىر يېڭى ئېگىز
ئۆرۈلۈپ چۈشۈشتىن يېمەمسىنا غەم؟
ياخشى سۆز تاشنىمۇ يارىتتى ئەسلى،
سەن گويا مەن ئۈچۈن تاشتىنمۇ بەتتەر.
قانداق يېقىنلىشار ساڭا يار ۋەسلى،
تەگلىمەڭ قورقۇتۇپ روھىمغا نەشتەر.
كۆڭلۈمنى سوۋۇتتۇڭ، سۆيگۈمنى ئاندىن،
زورلاپ سۆيدۈرسەڭمۇ ئۆمرۈڭگە ئازاب.
دەسلەپكى ئارزۇلار يوقالدى قاندىن،
خۇشامەتلىرىمدىن كۈتمىگىن جاۋاب.
گۇناھى بار دېسەڭ بىرلا گۇناھ بار،
ساڭا قۇللۇق قىلىپ ياپالمىدىم تون.
ئانام قوشۇپ بەرگەچ پەزىلەتكە ئار،

بىرەر تاما بىلەن ئەگمىدىم بويۇن.
بۇ ئۆمرۈم بىر لىللا ۋاپاغا تالىق،
تازغا يارىماس باش يارايدۇ خانغا.
تىترەپ ماقۇل بولۇش ئەڭ چوڭ خاتالىق،
سۆيگۈ ئەخلاق بىلەن ماڭىدۇ ئالغا.
خۇشامەت ئىچىدە سۆيگۈ بولمايدۇ،
سۆيگۈنىڭ قىممىتى يۈرەك بىلەن بىر.

كۆرمەمسەن زېمىننى، تۇتاش بولغاچ ئۇ،
كۆيدۈرۈپ ياشايدۇ تاغ بىلەن ئېدىر...

## مەست چاغلار

ھاياتىمدا ئىككى نۆۋەت بولدۇم مەست،
تەگمىگەن شارابتىن بىر يۇتۇم ئىچمەي.
بىرىنچىدە ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلدىم قەست،
قېينالسام، خۇش بولسام ئارزۇدىن كەچمەي.
دېيىشتى: مەست بولغان چاغدا ئادەملەر
سۆزلەيدۇ ئۆزىنىڭ راست گېپىنى دەپ.
قاچانكى راست گەپنى دەۋېلىش ئۈچۈن
شارابسىز مەست بولۇپ يۈردۈم دەلدەڭلەپ.
دىلى مەست كۈلپەتتىن شاراب ئىچكەنلەر،
يېرىپ يۈرىكىنى تۆكتى جاھانغا.
ۋە لېكىن ئىچسىمۇ سەگەك يۈرگەنلەر،
شۇ مەستلەر بېشىنى بويىدى قانغا.
شارابسىز مەست كۈنلەر يوقالدى نېرى،
بۈگۈن ئىچمەي يەنە ئوخشايمەن مەستكە.
كۆڭلۈمدە تۇتاشقان دەۋرىم پىراقى،
مېنى تاشلىۋەتكەچ ئىشقى - ھەۋەسكە.
دىيار چىمەنلىرى، ۋەتەن رۇخسارى،
مەززىلىك ھىد بىلەن مېنى ئورايدۇ.
ئىچمىسەممۇ، شاراب ئىچكەندەك خۇددى
قەلبىمدىن كۆپۈلدەپ شادلىق يۇرايدۇ.
ئۆزۈممۇ راست بۈگۈن، سۆزلىرىممۇ ھەم،
مەست بولاي يا بولماي سەگەك ياشايمەن.
ئېلىمنىڭ بەختىدىن شاراب ئىچكەندەك،
جاننى پىدا ئەيلەپ بوستان ياسايمەن.
ئەي جانان تېزدىلىك بولسا بۇ نۆۋەت،
خۇشال مەست قاتارى يېزىپ قوي مېنى.
باتۇرلۇق، ئەركىنلىك بەرگەچ مۇھەببەت،
مەستلىكىمگە ئېلىپ سۆيەرمەن سېنى.

## كۆيۈپ ياشا...

كۆيۈپ كۈن كەچۈردۈم، كۆيۈپ ئۆتكۈم بار،
قىلغۇم كېلەر سېكۇنت - مىنۇتلارنى ياز.
ئەقىدەمنى تارىخ ئارا پۈتكۈم بار،
چۈنكى مۇھەببەت كۆپ، ھاياتلىق بەك ئاز.
سىياقىمغا قاراپ شام دېسەڭ مەيلى،
پەقەت يالقۇن بىلەن شامىلىقىم ئايان.
مېنى كۈجە دېسەڭ ئۇمۇ تەسەللىي،
چۈنكى كۆيسەم يورۇق ئالىدۇ جاھان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇتۇمنى كۆرمەستىن مېنى ماختىسا،
يانىمدى تېخى دەپ تاللىمىغىن ھەم.
شاممۇ بولالمايمەن، كۆجىمۇ ھەتتا،
دەريالىرىمدىن ئۈچقۇن ئېلىپ كۆيسەم.
قۇرۇق ئاتاق بىلەن ياشىغىم كەلمەس،
كۆيۈش ماڭا بولغاچ باشتىلا نېسىپ.
نە كۆجىدۇرمەن ۋە ياكى شام ئەمەس،
تۇرسام بىر بۇلۇڭدا بوينۇمنى قىسىپ.
كۆيۈپ كۈن كەچۈرگۈم، كۆيۈپ ئۆتكۈم بار،
قىلغۇم كېلەر سېكونت ـ مىنۇتلارنى ياز.
ئەقىدەمنى قان ۋە تەرگە پۈتكۈم بار،
چۈنكى مۇھەببەت كۆپ، ھاياتلىق بەك ئاز.

## ھايات ھەققىدە

(تاگوردىن)

I

ئەقىل ـ پاراسەت ئۇ قىلىچنىڭ ئۆزى،
كىم ئىشلەتسە قىلدى ئۆز قولىنى قان.
تارىختا شۇ ئەقىل ـ ئىدراك تۈپەيلى،
قانچىلار تېنىدىن تەرك بولدى جان.
يوقسۇن ھاماقەتلىك ئىنسانغا نومۇس،
ئەقىلدىن يېمەسلىك كېرەك پۇشايمان.
ئەگەر ھېسابلانسا كالۋالىق دۇرۇس،
ئۇ دېمەك ھاياتقا دۈشمەنلىك ھامان.

II

راست ئۆلسەم ئىدىم دەپ قىلىپسەن ئارزۇ،
راست ئۆلۈم بەلگىسى راست بولۇپ ياشاش.
ناۋادا يالغانلىق ئۆمۈرگە ماۋزۇ،
ئۆلسەڭ كۆزلىرىمدىن تۆكۈلمەيدۇ ياش.
جاھاندىن راست ئۆتتى دېيىشكە سېنى،
جاھاننى سۆيۈشۈڭ مۆھۈر باسقان تاش.
بىر ئۆزۈڭ بىلەنلا تۈگىگەن كۈنى—
بۇ تۇپراق قىلمايدۇ جىسمىڭنى يولداش.

III

ھەقىقەت ئورنىدىن تۇرغىنىمدا دىس،
قوزغايدۇ ئۆزىگە قارشى مالىمان.
پاسىق سۆزگەكلەرمۇ ئۇنى شۇ نەپەس
يوقاتماق قەستىدە قوزغايدۇ بوران.
ئەجەب ئىش، بىھۇدە ئۆيلەر ـ ئوۋلارلا
ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى چاچار ھەر تامان.
ھەقىقەت كۆپىيىپ گۈللەپ ئانا يەر،
بورانىنى تىنجىتىپ كېتەر شۇ زامان.

## ھايات

زىمىننىڭ نېمەيۇ، قىممىتىڭ نەدە،
پۈتمىگىنىڭ ھاجەتسىز ئۆزۈڭگە ئەشئار.
ئەجەل يەتمەي تۇرۇپ ئۆلدۈڭ قەيەردە،
سېنى تۇغقان ئاناڭ كۆڭلىدە سان بار.
دۇنياغا كۆز ئېچىش ھەممىگە تىلسىم،
ۋە لېكىن كۆز يۇمۇش ھامان ئاشكارە.
تارىخىڭ بېتىدىن قۇرۇق كېتىشىڭ،
سېنى ئىككى دۇنيا قىلىدۇ زارە.
ئەگەر سەن چىن ئىنسان، ئاستىڭدا تۇپراق،
تۆھپە قىل تېرىگىنى بەرگىن ياكى قان.
كۆردۈڭمۇ كۆز كېلىپ سولاشقان ياپراق،
كېلەركى باھارغا بېرىپ كەتتى جان.
سەن ئەلۋەت ئۇنىڭدىن ئۇلۇغۋار ھەسسە،
جىسمىڭ لاي بولسىمۇ ئىشقىڭنى قالدۇر.
تاجۇ ـ تەخت شۇ سېنى جاھان ياد ئەتسە،
چەكمەيسەن پۇشايمان كەتسەڭمۇ بالدۇر.
ھۆسنىڭ زىمىنىڭگە بولما ئاۋارە،
ھۆسنىڭنىڭ زىمىنى ھۆسنىڭدە كېتەر.
نۇر بەرگىن ھاياتقا بولسىمۇ زەررە،
ئۇ ئۆلمەي يىللاردىن يىللارغا يېتەر.

198[illegible] ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى






ئابدۇشۇكۇر تۇردى

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدە ياشايدىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرىسى، شۇنداقلا، شىنجاڭدا ھازىرقى تارىم ۋادىسى ۋە جەنۇبىي ھەم شىمالىي تارماق يىپەك يولى بويلىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى مەدەنىيەتنى يارىتىشقا ئىشتىراك قىلىپ زور ھەسسە قوشقان ھەمدە ئۇنىڭغا بىۋاستە ۋارىسلىق قىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ بىرىسى. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن ۋە ئەھمىيەتلىك بىر تارىخنىڭ ئىگىسى بولغىنىدەك قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە گۈزەل، باي خەلق سەنئىتىنىڭ ئىگىسى بولۇشقىمۇ مۇناسىپ.

ھەقىقەتەن، كۇئىنلۇندىن تا ئالتاي تاغلىرىغىچە، تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئىلى ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياندىن بۇيان باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئۆز ئەمگىكى، پېشانە تەرى بىلەن كۆپلىگەن ماددىي بايلىق يارىتىپ بۇ ماكاننى گۈللەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، خەلقىمىز ئەقىل-ئىدراكىنىڭ كۈچىنى جارى قىلىپ، ئارزۇ-ئارمانلىرى، گۈزەل ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىپ، بۇ ماكاننى باي مەزمۇن، گۈزەل مىللىي شەكىلگە ئىگە خەلق سەنئىتىنىڭ كانىغا ئايلاندۇردى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، ھازىرقى شىنجاڭ رايونى، ۋەتىنىمىز تارىخىدا خەلق سەنئىتىنىڭ كانى سۈپىتىدە مەشھۇر بولۇپ، «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.




شىنجاڭ ئۆڭكۈر سەنئىتى، مىڭئۆي تام رەسىملىرى، بۇت ھەيكەللەر، نەپىس يىپەك توقۇلما، رەڭدار گىلەمچىلىك، قەشقەر نەققاشچىلىقى ۋە مېماركارلىقى، ئۇيغۇر مۇزىكا

www.uyghurkitap.com

خەزىنىسى «ئون ئىككى مۇقام»ۋە ناخشا-ئۇسسۇل ئەنئەنىسى، مىللىي كۆپلەپ خەلق قوشاقلىرى، ئاجايىپ خەلق چۆچەك ۋە داستانلىرى... ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت مىراسلىرىدۇر. شۇ قاتاردا خەلق ئىزدىنىشىدا چوڭقۇر سىڭگەن ھەتتا ئەنئەنىلەشكەن ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بىر خىل سەنئەت شەكلىمۇ باركى، ئۇ ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىدۇر.

مەشرەپ ① ـ ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل خەلق ئويۇنلىرى بىلەن خەلق ئۆرپ-ئادىتى بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل ئويۇن شەكلى. مەشرەپ ئويۇنىنى ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ھەتتا بىر خىل ئۆرپ-ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. مەشرەپلەر ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدا بىر خىل «سەنئەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت مەكتىپى» رولىنى ئويناپ كەلمەكتە.

مەشرەپلەرنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىگە بۇنداق چوڭقۇر سىڭىشى،مەشرەپ شەكلىنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخىدا پەيدا بولغان ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريانى بىلەن باغلىق.

مەشرەپلەرنىڭ تارىخىغا بىۋاسىتە باغلىق بولغان ئېنىق يازما ماتېرىيال تولۇق بولمىسىمۇ، مەشرەپلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قەدىمكى ئۆرپ-ئادەت ۋە مۇراسىملار ئەكس ئەتكەن بەزى رىۋايەت ۋە ئېپوسلارنى سېلىشتۇرۇش ۋە خەنزۇ تارىخلىرىدىكى خاتىرىلەر ھەمدە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە دائىر يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ توغرىسىدا مەلۇم خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ.

ئومۇمەن، تۈركىي خەلقلەر ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئالاھىدە بىر مۇۋەپپەقىيەت يۈز بەرگەندە، ئەل-ئاۋال جەم بولۇپ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، تەنتەنە قىلىدىغان ئادەت بولغانلىقى مەلۇم. «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى ئوغۇز خاقان ئەل-جامائەتنى تەكلىپ قىلىپ بەرگەن «ئۇلۇغ توي» مۇراسىمىدىكى كۆپچىلىكنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ، «تولۇق ناز ـ نېمەتلەرنى يەپ»، «ھاراق ـ شاراب ۋە قىمىز ئىچىشىپ» تەنتەنە قىلغانلىقىنى تۈركىي خەلقلەردە بولغان قەدىمكى مۇراسىملارنىڭ ئېپوسىدىكى ئىپادىلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ.② تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا بولىدىغان بۇنداق مۇراسىملار خەنزۇ تارىخچىلىرى تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ قالدۇرۇلغان.

5 ـ، 6 ـ ئەسىرگە ئائىت «ۋېي يىلنامىسى» «گاۋچې» تەزكىرىسىدە: گاۋچې (يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار)نىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئۈستىدە توختالغاندا: «ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، مۇراسىم ئۆتكۈزگىنىدە، يىغىلغۇچىلار نەچچە تۈمەن بولاتتى، مال سويۇلۇپ ئات بەيگىسى قىلاتتى، سەيلە قىلاتتى، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى»③ دېيىلىدۇ. بۇنداق مۇراسىملار شىنجاڭ مىڭئۆيلىرىنىڭ تام رەسىملىرىدىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ميلادى 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق «قىزىل مىڭئۆيى» 11 ـ غاردىكى ۋە 38 ـ غاردىكى

---

① مەشرەپ (مشرب) — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئىچىلىدىغان ئورۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «يىغىلىش»، «سورۇن»، «ئولتۇرۇش» مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىپ، كېيىن خەلق ئويۇنىنىڭ نامى بولۇپ سىڭىپ قالغان. ②«ئوغۇزنامە». مىللەتلەر نەشرىياتى، 80 ـ يىل 46 ـ بەت.

③ «ۋېي يىلنامىسى» «گاۋچې تەزكىرىسى» 6 ـ توم.

تام سۈرىتىدە، ئەر-ئايال بىرلىكتە ساز چېلىپ، نەغمە-ناۋا قىلىپ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ①. بۇنداق رەسىملەر تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيى (25-غار) دە، كۇچا قۇمتۇرا مىڭئۆيى (80-غار) دىمۇ ② ئۇچرايدۇ. بۇلار، بۇنداق نەغمە-ناۋا بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارنىڭ تۈركىي خەلقلەر تۇرمۇشىدا خېلى قويۇق سىڭگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنى ئەنە شۇنداق قەدىمكى مۇراسىملاردىن ئۆسۈپ چىققان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن، هازىرقى مەشرەپلەر ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەچكە، ئۇ ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ مەلۇم خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە سىڭدۈرۈپ، تەدرىجىي بېيىپ، تەرەققىي قىلغان. مەھمۇد قەشقەرى دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، تۈركىي خەلقلەر تېخىمۇ مۇكەممەل تۈسكە كىرگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا

سۈرچۈك (Sürqük) ۋە سۇغدىچ (Suƣdiq) نامى بىلەن كېچىلىك سورۇن ۋە قىشتا ئۇزۇن ئارا نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان قاتارى زىياپەتنى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى بىر ئۆرپ-ئادەت سۈپىتىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ③. شۇنداقلا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا نەقىل قىلىنغان قوشاقلار ئىچىدىمۇ نەغمە-ساز بىرلەشكەن، مەشرەپ شەكلىنى ئەسلىتىدىغان قوشاقلار ئۇچرايدۇ، مەسىلەن:

كۆكلەر قامۇغ تۈزۈلدى،
ئىۋرىق، ئىدىش تىزىلدى،
سەنسىز ئۆزۈم ئۈزەلدى،
كەلگىل ئامۇل ئاۋنالىم.

مەنىسى: ھەممە سازلار تۈزۈلدى،
ئىۋرىق، ئىدىش تىزىلدى،
سەنسىز كۆڭلۈم بۇزۇلدى،
كەل، خاتىرجەم ئوينايلى.
(3 - توم 181 - بەت)

ئىۋرىق باشى قازلايۇ،
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ،
ساقىنچ قۇدى كىزلەيۇ،
تۈن-كۈن بىلە سەۋنەلىم.

مەنىسى: ئىۋرىق بويىنى غاز كەبىي،
قەدەھ تولۇق كۆز كەبىي،
ھەسرەتنى تۈۋدىگە يوشۇرۇپ،
تۈن-كۈن بىلەن سۆيۈنەيلى.
(1 - توم 135 - بەت)

ئوتۇز ئىچىپ قىقرالىم،
يوقار قوپۇپ سەكرەلىم،
ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم،
ساقىنچ قاچتى سەۋنەلىم.

مەنىسى: ئۈچ رەت ئىچىپ ۋارقىرايلى،
يۇقىرى قوپۇپ سەكرەيلى،
ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى،
قايغۇ قاچتى، سۆيۈنەيلى.
(1 - توم 135 - بەت)

نەقىل قىلىنغان بۇ قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىدىن ئەر-ئايال بىرلىكتە ناخشا-ساز بىلەن ئويۇنغا چۈشىدىغان، هاراق-شاراب ئىچىپ شاد-خورام كۆڭۈل ئاچىدىغان بىر خىل مۇراسىم شەكلىنىڭ ئەنە شۇ چاغلاردىلا بىر قەدەر رەسمىيلەشكەنلىكىنى چۈشىنىش مۇمكىن.

يۇقىرىقىلار هازىرقى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ خېلى قەدىمكى زامانلاردىلا، يەنى ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە تۇراقلىق بىر خىل ئەنئەنىۋى

① شىنجاڭ مۇزېيى، مىڭئۆي سۈرەتلىرى. ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن نۇسخا. «نەغمىچى شاھزادە»، «نەغمە-ناۋا» ② شىنجاڭ مۇزېيى، مىڭئۆي تام رەسىملىرى. «نەغمە-ناۋا» (بېزەكلىك 25- غار)، ئاسماندىكى «نەغمە-ناۋا» (قۇمتۇرا 30-غار، سىم-سىم 18-غار). ③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 593-، 624 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

ئادەتكە ئايلانغانلىقى توغرىسىدا تەخمىن قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

10-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئىسلام دىنىي مەۋقەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتى ئىسلام دىنى ۋە پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلاھ قىلىنىشقا ئۇچرايدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ رامكىسىغا سېلىنىدۇ. قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خەلق مەشرەپلىرىمۇ، ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق مۇراسىملارنى «مەشرەپ» دېگەن نامنىڭ سىڭىپ قېلىشىمۇ ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئىسلام دىنى يول قويمايدىغان بىر مۇنچە ئادەتلەر، ئالايلى، ئەر-ئايال بىللە مەشرەپ ئوينايدىغان، ھاراق-شاراب ئىچىدىغان، ھەتتا

بەزىدە ساز-نەغمە قىلىدىغان ئادەتلەر چەكلىنىشكە ئۇچراپ، بۇنداق مۇراسىملاردىن سىقىپ چىقىرىلىشى تەبىئىي ھال ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى دىنىي ئادەتلەرمۇ ئاستا-ئاستا مەشرەپلەرگە سىڭىشكە باشلىغان. مەسىلەن، قەشقەر شەھەر رايونىدىكى بەزى مەشرەپلەردە كىتابخانلىق قىلىدىغان، دىنىي تەشۋىقات خاراكتېرىدىكى غەزەللەر ئېيتىلىدىغان، ھەتتا نەغمە قىلىش چەكلىنىدىغان ئادەتلەرنىمۇ ئەنە شۇ تەسىردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ھەممە جايلارنىڭ مەشرەپلىرىدە يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان. ئىسلام دىنىنىڭ مەۋقەسى كۈچلۈكرەك بولغان بەزىبىر رايونلاردا بۇنداق تەسىر ۋە ئۆزگىرىش كۈچلۈرەك، بەزىبىر چەت رايونلاردا ئازراق بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قايسى جايلارنىڭ مەشرەپلىرىگە ئەينەن جاينىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆرپ-ئادەت ئالاھىدىلىكىمۇ سىڭىپ بارغان. نەتىجىدە، ھەر قايسى جايلاردا مەلۇم تەرەپلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە مەشرەپلەر شەكىللەنگەن. بۇنداق يەرلىك مەشرەپلەردىن ئالاھىدە بىرلىغانلىرى: قەشقەردە كەسىپداشلار ئارا بولىدىغان قاتار مەشرەپ، مۇسۇلۇم سەيلى مەشرىپى، قىز-چوكانلار قاتار ئولتۇرۇشى، ئاتۇشتىكى باراۋەت مەشرىپى، قۇمۇلنىڭ «مەلىس» ۋە «كۆك مەشرىپى»، ئىلىنىڭ تەگتۇشلەر ئارا بولىدىغان

قىشلىق قاتار مەشرىپى ۋە دەريا بويى سەيلى مەشرىپى ۋە باشقىلار. ھەر قايسى جايلارنىڭ مەشرەپلىرىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر ئورتاق مەنبەگە ئىگە ۋە بىر غول دەريانىڭ شاخاپچىلىرى بولغاچقا، ئۇلاردا يەنىلا ھەممىگە ئومۇمىي بولغان ئورتاق خۇسۇسىيەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ.

بۇنداق ئورتاقلىقنى ئۆزىدە بىر قەدەر مۇكەممەل جەملىگەن، قەدىمكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالالىغان ۋە ئالاھىدە مىللىي پۇراقتا ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغىنى دولان خەلق مەشرىپىدۇر. تۆۋەندە دولان خەلق مەشرىپىنى ئالاھىدە تونۇشتۇرىمىز.

* * *

دولان مەشرىپى، ئاساسەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكىت، مارالبېشى ناھىيىسىدە، ئاقسۇ ئاۋات ۋە يەكەننىڭ مەكىتكە تۇتىشىدىغان يېزا-قىشلاقلىرىدا كەڭ تارقالغان.

مارالبېشىنىڭ جەنۇبىدىكى چىقۇرچاق، يېڭىئۆستەڭ، ئاۋات يېزىلىرىدىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ، يەكەننىڭ ئالمەت، ئېلىشقۇ يېزىلىرىغىچە بولغان رايون كىشىلەر تەرىپىدىن

«دولان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. «دولان» رايونىنىڭ مەركىزىي قىسمىنى، يەنى مەكىت ناھىيىسىنى غەربىتىكى ناھىيىلەردىن يەكەن دەرياسى ئايرىپ تۇرىدۇ. شەرقتە بولسا تەكلىماكان چۆلى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ رايون باشقا ناھىيە مەركەزلىرى ۋە شەھەرلەردىن يىراقتا، قاتنىشى قولايسىز بولۇپ، شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ ۋە باشقا جايلارنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى ئاز ئۇچراپ كەلگەن. ئۇنىڭدە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئەينى پېتى ساقلاپ قالغان ياكى ئۆزگىرىش ئاز بولغان.

ئەسلىدە بۇ جاي توغراقلىق، جاڭگاللىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئۈچۈن شەرت-شارائىتى قولايلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جايدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى كەسپى بولغان ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. كېيىنكى چاغلاردا تارىم ۋە يەكەن دەريالىرى قىرغاقلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان دېھقانچىلىق ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدە ئۆزىنىڭ قەدىمكى كەسپىنىڭ ئىزلىرى چوڭقۇر ساقلانماقتا.

ھازىر دولان رايونىدا قەدىمكى بىلەن ئوينىلىدىغان قوش سېلىش، قارچۇغا ئوۋى، ئىت-تايغان بىلەن ئوۋ ئوۋلاش، ئوغلاق تارتىش ئادەتلىرى ئەينى شۇ قەدىمكى كەسىپنىڭ قالدۇقلىرىدۇر. بۇنداق ئىزلارنى ئۇلارنىڭ تاماقلىرىدىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ: دولان خەلقى ئەزىز مېھمانلىرىنى كۆپىرەك پىشۇرۇلغان گۆش بىلەن مېھمان قىلىدۇ. زىياپەتلەردە سويۇلغان قوينى پۈتۈن پېتى پىشۇرۇپ ئاندىن مېھمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا پارچىلاپ تارقىتىدۇ. دولانلىقلارنىڭ قىشتا مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ مېھمان كۈتىدىغان مەخسۇس چوڭ ئۆيى بولىدۇ.

دولان رايونىدا، بەزى دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ تەسىرى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى جەھەتتە، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردە ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئوخشاشلا ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ كەلگەن. ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىشى ئادەت بولمىغان. شۇنداقلا تەكلىماكان بويىدىكى دولاننىڭ مەركىزىي رايونلىرىدا ئىسلامدىن كېيىن باشقا ئورۇنلاردا بولغىنىدەك، نەغمە-ساز، ناخشا-ئۇسسۇل چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان. شۇڭا، بۇ رايوندا قەدىمكى ساز قوراللىرى ۋە ئاھاڭ-قوشاقلار بىر قەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغان.

دولان خەلقى ئەلنەغمە، ناخشا-ئۇسسۇلغا ھېرىس، مەشرەپكە ئامراق كېلىدۇ. بۇ رايوندىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئەر-ئاياللىڭ ھەممىسىنى مەشرەپ خۇشتارلىرى دېيىشكە بولىدۇ. دولان خەلقى «مەشرەپسىز ھايات — تەمسىز ھايات» دېيىشىدۇ. شۇڭا مەشرەپ ئۇلارنىڭ كەم بولمايدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلانغان ۋە «دولان مەشرىپى» ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان.

دولان مەشرەپلىرىگە ئەر-ئاياللارنىڭ بىرلىكتە قاتنىشىشى باشقا جاينىڭ مەشرەپلىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكتۇر.

چوڭ تىپتىكى مەشرەپ كۆپىنچە، ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈن كۈنلىرىدە ياكى ھەر خىل غەلىبە خۇشاللىقىنى تەنتەنە قىلىنىدىغان چاغلاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ خىل مەشرەپكە قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، بىر نەچچە يۇرتنىڭ ئەر-ئاياللىرىنىڭ مۇتلەق

كۆرۈپچىلىكى مەشرەپ مەيدانىغا جەم بولۇشىدۇ، كەڭ سەينا ئارزۇپ، شاد - خۇرام مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ كۆڭۈل ئاچىدۇ.

«دولان» مەشرەپىنى ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئوينىلىدىغان ئويۇنلىرىغا قاراپ، تۆۋەندىكى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن: 1. نەغمە - ساز ۋە ئۇسسۇل قىسمى، 2. ئويۇن قىسمى، 3. جازا قىسمى.

مەشرەپ ساز - نەغمە ۋە ئۇسسۇل بىلەن باشلىنىدۇ. دولان مەشرەپىنىڭ ئاساسىي نەغمىسى «دولان مۇقامى»دىن ئىبارەت.

«دولان مۇقامى» — ئۇيغۇر 12 مۇقامى بىلەن بىر قاتاردا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي مۇزىكا خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مىراسلارنىڭ بىرسىدۇر. دولان مۇقامى پەقەت دولان رايونىدىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ بىر قەدەر قەدىمكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھازىر مەكىت ناھىيىسىدە كەڭ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان مۇقام توققۇز، ئۇلار: زىل باياۋان، ئۆزھال، راك، مۇشاۋرەك، بوم باياۋان، جۇلا، سىم باياۋان، دۇگاھەت، خۇدەك باياۋانلاردىن ئىبارەت. ① ھەر بىر مۇقام مۇقەددىمىدىن باشقا چېكىتمە، سەنەم، سەنەتەس (سەلىقە)، سەردىلما دەپ تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. دولان مۇقامى دولان رايونىغىلا خاس بولغان سازلار — دولان قالۇنى، دولان راۋابى، دولان قول غىجىكى ھەم كىچىك داپنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا شوخ ئورۇندىلىدۇ.

مەشرەپ دولان مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدۇ، مۇقەددىمىنى بىر كىشى تەرىپىدىن بەلەن ئاۋاز بىلەن ئېيتىلىدۇ. مۇقەددىمە تۈگىشى بىلەن بىر قانچە كىشى تەڭلا داپ چېلىپ مۇقامنىڭ چېكىتمە قىسمىنى باشلايدۇ. مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرى ئەر - ئايال بىرجۈپتىن بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، ئۇسسۇلغا چۈشكۈچىلەرنىڭ سانى ئەلۋەتتە قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى ۋە مەشرەپ سەيناسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە باغلىق بولىدۇ. دولان ئۇسسۇلىنىڭ بۇ باسقۇچى بىر قەدەر سالماقلىق، ئاستا بولىدۇ. ئەرلەر قولىنى نۆۋەت بىلەن ئوڭ - سولغا تاشلاپ، ئوڭغا يېرىم، سولغا يېرىم ئايلىنىدۇ. ئاياللار بولسا، ئەرلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ماس ھالدا بىردە ئوڭ، بىردە، سول قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، گويا ئەرلەرگە مەشئەل بىلەن يورۇتۇپ بېرىۋاتقاندەك ھەرىكەت بىلەن ئوينايدۇ. پۈتۈن مەيداننىڭ ئاياغ، قول ھەرىكىتى بىردەك، رەتلىك بولۇپ، خۇددى بىر كىشى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

دولان مۇقامى ئىككىنچى باسقۇچتا، يەنى سەنەم باسقۇچىغا كۆچكەندە، ئۇسسۇلمۇ ئۆزگىرىدۇ: ھەرىكەت تېزلىشىدۇ، ئەر - ئايال قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ناھايىتى يېقىن، لېكىن بىر - بىرسىگە تەگمەستىن ئوڭغا ۋە سولغا نۆۋەت بىلەن تولۇق ئايلىنىدۇ. ئۇسسۇلنىڭ بۇ قىسمى ئىنتايىن تېزلىك ۋە ماھارەت بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

مۇقامنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى سەنەتەس (سەلىقە) باشلىنىش بىلەن ئۇسسۇلغا ئۆزگىرىدۇ: ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ھەر قايسى جۈپ ئاستا - ئاستا چوڭ بىر دائىرە ھاسىل قىلىدۇ، ئەمەلدىكى ئۇسسۇل دائىرە سىزىقى بويلاپ داۋام قىلىدۇ، ئۇسسۇلچىلاردىن تەشكىل قىلىنغان

① بۇ مۇقاملار 1981 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەكىت ناھىيە پانتاق يېزىسىدا لېنتىغا ئېلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسەن تۈزۈلدى.

چەمبىرەك ئۆز ئوقى ئەتراپىدا لەرزان ئايلىنىشقا باشلايدۇ.

مۇقام ئۆزگىرىپ سەردىلما باسقۇچىغا ئۆتكەندە، مۇزىكا ۋە داخشا رىتىمىگە ئەگىشىپ چوڭ دائىرە پارچىلىنىدۇ. ھەممە كىشى يەككە - يەككە ھالدا ساما سېلىپ پىرقىرايدۇ. پىرقىراش سۈرئىتى بارغانچە تېزلىشىپ بارىدۇ. چۆرگىلەپ ياكى بېشى قېيىپ پىرقىراش ئىقتىدارىدىن قالغانلار بىر - بىرلەپ مەيداندىن چىقىدۇ. ئاخىرىدا مەيداندا بىر نەچچە ياكى بىر - ئىككىلا كىشى قالىدۇ. بۇنداقلار ئۇسسۇل ماھىرلىرى سۈپىتىدە، مەشرەپ ئەھلى تەرىپىدىن ئالقىشلىنىدۇ. ئەنە شۇ تۆت باسقۇچلۇق ئۇسسۇلدىن كېيىن مەشرەپنىڭ بىر دەۋرەلىك نەغمە، ئۇسسۇلى تۈگەيدۇ. ئاندىن كېيىن، باشقا بىر مۇقام باشلىنىپ، يەنە بىر دەۋرەن ئۇسسۇل باشلىنىدۇ. ئۇسسۇل مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ رايى بويىچە بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، مەشرەپنىڭ باشقا ئويۇنلىرى باشلىنىدۇ.

ھەرىكەتتە بىرلىككە كەلگەن، قاتتىق ئىنتىزام - تەرتىپ بىلەن قېلىپلاشقان ۋايىغا يەتكەن دولان ئۇسسۇلىنى ئەلۋەتتە ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياننى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادلارغا مىراس بولۇپ، پىششىپ، مۇكەممەللىشىپ چىققان، دېيىشكە بولىدۇ. بىر يۈرۈشلەشكەن دولان ئۇسسۇلى ھەرىكىتىنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار. دولان خەلقى ئىچىدە بىر قەدەر كۆپ تارقالغان ۋە ئۇسسۇل تەتقىقاتچىلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان قاراش — دولان ئۇسسۇلى بىر قېتىملىق كەسكىن ئوۋ جەريانىنى ئىپادىلەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.① بۇ قاراش تارىخىي پاكىت ۋە ھازىرقى ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە بىر قەدەر مۇۋاپىق كېلىدۇ. دەرۋەقەتەنمۇ، ئۇسسۇل باشلىنىشتىن بۇرۇن يۇقىرى ئاۋازدا «ئاللا» توۋلاپ ئادەم يىغىش، ئاندىن ئاياللارنىڭ مەشئەل كۆتۈرۈشى، ئەرلەرنىڭ ئوق - سولىنى ئاقتۇرۇشى، كېيىن جەڭدىي ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى، ئوقيا ئېتىشنى ئەسلىتىدىغان ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىش، ئاخىرىدا چوڭ بىر قورشاۋ ھاسىل قىلىش، ھەقىقەتەن بىر قېتىملىق قەدىمكى زامانىدىكى ئوۋ ئوۋلاشنى ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا قارشى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇسسۇل خاتىمىسىدىكى ساما سېلىش ئەلۋەتتە، غەلىبىگە قىلىنغان تەنتەنىدۇر.

دولان مۇقامىنىڭ تېكىستلىرىنى خەلق ئەدەبىياتىمىزنىڭ زور بىر قوشاق بايلىقى دېيىشكە بولىدۇ. دولان مۇقامىدا ھەر بىر مۇقام ياكى مۇقامنىڭ بۆلەكلىرى ئۈچۈن مۇقىملىشىپ قالغان تۇراقلىق تېكىست يوق. مەشرەپنىڭ ۋەزىيىتى، ئېيتقۇچىنىڭ كەيپىياتى ۋە قوشاق سېلىنىپ ئېيتىلىدىغان تېكىستلىرى دائىم دېگۈدەك ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. دولان مۇقامىغا سېلىنىپ ئېيتىلىدىغان تېكىستلەر، ئاساسەن خەلق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت. خەلق قوشاقلىرىدىكى نىسبىي مۇستەقىللىق، يەنى ھەر بىر قوشاق ئۆزىنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە كېلىدىغان قوشاق بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن ئورگانىك باغلانماستىن، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر مەزمۇن ئىپادىلەيدىغان خۇسۇسىيەت مۇقام تېكىستلىرىنىڭ رەڭمۇرەڭ ۋە مەزمۇنغا باي بولۇشى ئۈچۈن «ئەركىنلىك» تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، بىرلا مۇقامدا ناھايىتى كۆپ مەزمۇندىكى خىلمۇ خىل قوشاقلار، بىر مەشرەپتە بولسا، تېخىمۇ نۇرغۇن قوشاق بايلىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرنىڭ

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» خەنزۇچە 1980 - يىل 1 - سان 80 - 81 - بەتلەر

uyghurkitap.com

بەدىئىي ھەۋەسلىرىنى كۆپ تەرەپلىمە قاندۇرىدۇ ۋە ئەينى ۋاقىتتا مەلۇم تەربىيىۋى رولىنىمۇ ئۆتەيدۇ. بىز بۇ يەردە، 81 - يىل 2 - ئايدا بېزىۋېلىنغان مۇقام تېكىستلىرىدىن بىر قانچىسىنى كۆزدىن كەچۈرەيلى:

شۇ كۆرۈنگەن قارا باغ،
مېنىڭ يايرىمىنىڭ باغىدۇر.
دېپىنىڭ ئۈنى كېلىدۇر،
دىدار كۆرۈشمەك قايدىدۇر.
(«زىل باياۋان» مۇقەددىمىسى)

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن،
چولپانغا ھەمراھ يوق ئىكەن.
ئاخۇنۇمدىن سورىسام،
ئاشىققا نىكاھ يوق ئىكەن.
(«ئۆزھال» مۇقەددىمىسى)

قارچۇغام كۆكۈلدا قالدى،
مەن يېنىپ كەلدىم بۇيان.
مەن يېنىپ كەلگەن بىلەن،
كۆڭلىمىز كۆكۈل سايان.
(«بوم باياۋان» مۇقەددىمىسى)

مەن بۇ يەرنى چۆل دېسەم،
چۆل ئەمەس گۈلزار ئىكەن.
توغرىقى ئالماغا ئوخشاش،
يۇلغۇنلىرى مازار ئىكەن.
(«ئۆزھال» چېكىتمە)

كۆيمەنا كۆيمەن،
قاشى قاراغا كۆيمەن.
كۆزلىرىنى ئويناتىپ،
جانىبى ئالارغا كۆيمەن.
(«راك» چېكىتمە)

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
ئەمدى سايرىماس بولدى.
ئاۋۋال قارىغان يارلار،
ئەمدى قارىماس بولدى.
(«زىل باياۋان» چېكىتمە)

تاماكىنى تارتىۋالاي چوغلارنى قويۇپ،
يايرىم بىلەن ئوينىۋالاي ئۇيقۇنى قويۇپ.
(«چوردەك باياۋان» چېكىتمە)

قاغا جىگدىگىنى يېمەيمەن،
چىشىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.
مەشۇقۇم يادىمغا يەتسە،
ئىچىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.
(«راك» سەنەقەس)

قويىڭىز بارمۇ خېنىم،
قويغا قوشۇپ قوي باقىلى.
مەيلىڭىز بارمۇ خېنىم،
كۆكرەككە تۆشنى ياقىلى.
(«زىل باياۋان» سەنەم)

چوكانىمۇ تېگەي دەيدۇ،
جۇۋانىمۇ خەۋەر سالدى.
ئانىسى يامان قېرى،
شايىدا چاپان سالدى.
(«بوم باياۋان» سىرىلما)

ۋاھ يايلىدۇق، يايلىدۇق،
ئاقسۇ، كۇچادا يايلىدۇق.
يۇمىلاق دۆڭگە چىقىپ
يايرىم قېنى، دەپ يىغلىدۇق.
(«سىم باياۋان» سەنەقەس)

سەيلىمۇ سەيلان كۆرگىلى كەلدىم،
ياخشىمۇ، يامانمۇ بىلگىلى كەلدىم.
(«مۇشاۋرەك» سىرىلما)

دولان مۇقامىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا، خۇددى باشقا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مۇقەددىمىسىگە ئوخشاش پەند - نەسىھەت خاراكتېرلىك قوشاق ۋە، پاكى غەزەللەردىن ئېلىنغان پارچىلار ئوقۇلىدۇ:

تەكەببۇر ئەيلىمە زىنھار مەگەر سەن ئاسمان بولساڭ،
ئۆزۈڭنى بارچىدىن پەس تۇت، سۇلايمان پادىشاھ بولساڭ.

..........................................................................

جاھاندا ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئاتى ئۆچكەيمۇ،
يامانلىق قىلغان ئادەمنى قايان باردىڭ دېمەس ھېچكىم.

(«ئىراك» مۇقەددىمە)

## مەشرەپ ئويۇنلىرى

مەشرەپلەرگە نەغمە - ئۇسسۇلدىن باشقا خەلق سەنئىتىنىڭ ھەر خىل ئويۇن شەكىللىرىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشكەن. بۇنداق ئويۇنلار مەشرەپلەرگىلا خاس بولۇپ، باشقا چاغلاردا ئوينالمىغاچقا، ئۇلار «مەشرەپ ئويۇنلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئويۇنلارنىڭ بىر قەدەر مەشھۇر بولغانلىرى دەررە ئويۇنى، چاي تۇتۇش، قوشاق ئېيتىش ئويۇنلىرىدۇر. مەشرەپتە بىر مەزگىل نەغمە - ئۇسسۇل بولغاندىن كېيىن، كىشىلەرگە ئارام بېرىش ھەم كۈلكە قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئويۇنلارنىڭ بىرسى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. دائىرىسى كەڭرەك مەشرەپلەردە ھەر ئىككى ئويۇن تەڭ ئوينىلىدۇ.

دەررە ئويۇنى كىشىلەردىن چاققانلىق ۋە ھوشيارلىقنى تەلەپ قىلىدىغان كومېدىيىلىك خاراكتېر ئالغان بىر خىل ئويۇندۇر. ئويۇن باشلانغاندا، ئارىدىن بىر كىشى ئېشىلگەن بەلباغنى پەتنۇسقا سېلىپ، خالىغان بىرسىگە تۇتۇپ ئۇنى ئويۇنغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئېشىلگەن بەلباغ، يەنى «دەررە»نى ئالغان كىشى ئۆزى خالىغان باشقا بىرسىنى ئويۇنغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا «دەررە» سۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى كىشىمۇ مەيدانغا چۈشىدۇ. ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا «دەررە تالىشىش ئويۇنى» باشلىنىدۇ. قائىدە بويىچە دەررە تۇتقۇچى بىلەن ئۇنى تالاشقۇچى يۈزمۇيۈز تۇرغاندا تالاشقۇچى دەررىنى تارتىۋېلىشى ياكى قارشى تەرەپ ئۆتۈنۈپ بېرىشى مۇمكىن ۋە مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە تۇرغاندا، دەررە تۇتقۇچىنىڭ قارشى تەرەپنى دەررە بىلەن ئۇرۇشى مەنئى قىلىنىدۇ، پەقەت ئارقىچە ياكى يانچە بولغاندىلا، ئۇرۇشقا يول قويۇلىدۇ، شۇڭا دەررە تۇتقۇچى قارشى تەرەپنى ئازغاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوڭ ۋە سولغا تېزلىك بىلەن ئايلىنىدۇ. قارشى تەرەپمۇ شۇ يۆنىلىشتە ئايلىنىشى كېرەك. قارشى تەرەپنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولۇپ، بىر ۋاقىتتا ئايلىنىپ بولالمىسا ياكى خاتا ئايلىنىپ قالسا، «دەررە» تۇتقۇچىغا ئۇرۇش پۇرسىتى تۇغۇلىدۇ-دە، «دەررە» ئۇنى تالاشقۇچىنىڭ دۈمبىسىگە چۈشىدۇ. «دەررە» تالاشقۇچى ئەپچىل، ھەرىكەتتە تېز بولسا، «دەررە» تەگكۈزمەيدۇ، ئەكسىچە بولغاندا تاياق يەيدۇ ۋە كۈلكىگە قالىدۇ. ئويۇننىڭ نەتىجىسىدە، يا تالاشقۇچى دەررىنى تارتىۋالىدۇ، يا دەررە تۇتقۇچى ئۇتالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتسە، دەررىنى ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. دەررىنى ئالغان كىشى يەنە باشقا بىرسىنى ئويۇنغا تارتىدۇ. مۇشۇ يوسۇندا ئويۇن داۋام قىلىدۇ. بۇ ئويۇن قىزغىنلىق ئارىسىدا بولغاندا، قىزىقتۇرۇشى تېخىمۇ كۈچلۈك، كۈلكە تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ. بەزىدە بۇ خىل ئويۇن مۇھەببەتداشلار ئوتتۇرىسىدا تىل بىلەن بايان قىلىپ بولمايدىغان ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاسىتىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. دولان خەلقى ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان دەررە ئويۇنى كومېدىيىگە ئوخشاش كۈلكە كۈچى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى، مۇھىمى ئۇ كىشىلەردە، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلاردا بايقاش سېزىمىنى ئۆستۈرۈشنى، ئۇلارنى ھەرىكەتتە تېز، ئەپچىل ۋە چاققان قىلىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەشرەپلەردە ئوينىلىپ، خەلق ئىچىگە ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەلمەكتە،

www.uyghurkitap.com

## چاي تۇتۇپ، بېيىت ئېيتىش ئويۇنى

چاي تۇتۇپ، بېيىت ئېيتىش ــ مەشرەپلەردە ئەڭ كۆپ ئوينىلىدىغان يەنە بىر خىل ئويۇن بولۇپ، بۇ كۆپرەك ھاللاردا ئەر ـ ئايال، قىز ـ يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئويۇننىڭ تەرتىپى مۇنداق: يىگىت بېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يېرىم چاي قۇيۇلغان ئىككى پىيالە پەتنۇسقا سېلىنىپ، مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ بىرسىگە تۇتۇلىدۇ. ئويۇنغا تارتىلغان كىشى تەزىم بىلەن چىنىنى ئالىدۇ ۋە ھەر ئىككى پىيالىنى بىر قولغا ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئاندىن پىيالىنى قولتۇق ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، ماھىرلىق بىلەن بىر پۇتىنى چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئايلاندۇرىدۇ ـ دە، بىر كۇپلېت قوشاق ياكى بېيىت ئېيتىپ، كۆڭلى خالىغان باشقا بىرسىگە تۇتىدۇ. پىيالە ئالغۇچى ئېيتىلغان بېيىتكە بېيىت قايتۇرۇپ، ئاندىن پىيالىنى قولغا ئالىدۇ ۋە ئاۋۋالقى ھەرىكەتنى تەكرارلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر جۈپ پىيالە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، پۈتۈن مەيداننى ئايلىنىشقا باشلايدۇ. ئەگەر پىيالە تۇتقۇچى پىيالىنى ئايلاندۇرۇشتا ماھىرلىق ئىشلەتمەستىن، چاينى چايقالدۇرۇپ تۆكۈپ قويسا ياكى پىيالىلەرنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتسە، ئۇ كىشى ئويۇننى بۇزغان ھېسابلىنىپ، «جازا»غا تارتىلىدۇ ـ دە، بېيىت ـ قوشاق ئېيتىپ بېرىشكە ياكى باشقا قىزىقچىلىق بىلەن مەشرەپ ئەھلىنى كۈلدۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

چاي تۇتۇپ، بېيىت ئېيتىش ئويۇنى ناھايىتى زور بىر ماھارەتنى تەلەپ قىلىدۇ: يۈزلىگەن جۈپ كۆزلەرنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا پىيالە ئايلاندۇرۇپ ماھارەت كۆرسىتىش، دوستلۇق ھېسسىياتى ۋە مېھرى ـ مۇھەببىتىنى مۇۋاپىق ۋە گۈزەل بېيىتلەر ئارقىلىق ئىزھار قىلىش، ئېيتىلغان بېيىتلەرگە لايىقىدا بېيىت قايتۇرۇش، ئەلۋەتتە، ئاسانغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ، مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىدىن يۈزلەپ بېيىت ـ قوشاقنى يادلاشنى ياكى ئىجاد قىلىشنى، بىلگەنلىرىنى داۋاملىق يېتىشتۈرۈش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، چاي تۇتۇپ بېيىت ئېيتىش ئويۇنى ئارقىلىق مەشرەپلەردە يېڭى ـ يېڭى بېيىت ـ قوشاقلار مەيدانغا كېلىدۇ، پىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دولان خەلق مەشرىپىنى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بۆلىقى، فولكلور خەزىنىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ھەر بىر مەشرەپ ئۇنىڭدا ئېيتىلىدىغان بېيىت ـ قوشاقلار ئارقىلىق دولان خەلقىنىڭ كەچۈرمىشى، تۇرمۇش ئادىتى، ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر ئەينەككە ئايلىنىدۇ.

مەشرەپتە ئېيتىلىدىغان بېيىت ـ قوشاقلار ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى، ئېيتقۇچىنىڭ سەرگۈزەشتىسى، مەقسىتى ۋە ئىچكى دۇنياسىغا باغلىق ھالدا، ناھايىتى باي مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. بەزىلەر تارتقان دەرد ـ ھەسرىتىنى ئىپادىلىسە، بەزىلەر كۈرەش مېۋىلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر ۋاپاسىزلىق ئۈستىدە شىكايەت قىلسا، بەزىلەر سۆيگۈگە بولغان سادىقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بولۇپمۇ ياشلار ئوتتۇرىسىدا ئېيتىلغان قوشاقلاردا سۆيگۈ ۋە ۋاپادارلىق تېمىسى جارىڭلايدۇ. بۇ قوشاقلار خۇددى دولان ياشلىرىدەك شوخ، تىزناپ دەرياسىدەك دولقۇنلۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ياش يۈرەكلەرنىڭ قايناپ ـ تېشىپ تۇرغان كۈچ ـ قۇۋۋىتى، ساپ، نازۇك سۆيگۈ ھېسسىياتلىرى ئىزھار قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، دولان مەشرەپلىرىدە خەلق ياخشى كۆرىدىغان كۈلكىلىك ئويۇنلارمۇ

ئوينىلىدۇ. بۇلار «يولۋاس ئويۇنى»، «تۆگە ياساش»، «ئىككى مۈشۈكنىڭ بەز تالىشىشى»غا ئوخشاشلار. بولۇپمۇ خەلق قىزىقچىلىرىنىڭ مەشرەپتە كۆرسەتكەن قىزىقچىلىقلىرى مەشرەپ ئەھلى تەرىپىدىن ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ.

## مەشرەپتە جازا

دولاندا ھەر بىر مەشرەپ ئىجتىمائىي بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مەشرەپلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قاتتىق ۋە مۇكەممەل تەرتىپ- ئىنتىزامى بولۇپ، بۇنداق تەرتىپ- ئىنتىزام ئەينى جەمئىيەتنىڭ قانۇن- قائىدىسى، كىشىلەر ئومۇمىي ئېتىراپ قىلغان ئەخلاق نورمىلىرى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ.

مەشرەپلەرنىڭ ئىنتىزامى ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىجرا قىلىنىپ كەلگەنلىكتىن، ئۇ ھەممە مەشرەپلەر ئۈچۈن ئورتاق ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ كەتكەن. مۇشۇنداق قاتتىق مەشرەپ ئىنتىزامى بولغاچقىلا دولان مەشرىپى ئەۋلادتىن- ئەۋلادقىچە ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قالالىغان. مەشرەپ ئىنتىزامى، بىر تەرەپتىن، ھەر بىر مەشرەپنىڭ قائىدە بويىچە تەرتىپلىك ئۆتۈشىنى تەمىن ئەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى جەمئىيەتتىكى ئەخلاق نورمىلىرىنى ھىمايە قىلىشنى، ئەخلاق ۋە ئۆرپ- ئادەتكە خىلاپ ئىشلارنى چەكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەشرەپ ئىنتىزامى ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتنىڭمۇ تەرتىپ- ئىنتىزامى ۋە ياش ئەۋلادلارغا ئۆرپ - ئادەت ئۆگىتىپ، ئۇلاردا ياخشى ئەخلاقىي خىسلەتلەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئوبدان بىر ئۇسۇلى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

مەشرەپ ئىنتىزامىنى ئوبدان ئىجرا قىلىش مەقسىتىدە ھەر بىر مەشرەپنىڭ قاتناشقۇچىلىرى يىگىت بېشى، قازى بەگ، مىرشاپ، دوغا بەگ ئوخشاش تەرتىپ باشقۇرغۇچىلارنى سايلاپ چىقىدۇ. ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەر خالىس، ئادىل بولۇشى ھەم مەلۇم ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسى ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، مەشرەپ ئەھلى ئۇنى ئېلىپ تاشلاپ مۇۋاپىق باشقا بىرسىنى سايلاپ ئالىدۇ.

مەشرەپ تەرتىپىنى بۇزغۇچىلار، مەسىلەن، بىرەرسى ئىجازەتسىز مەشرەپ مەيدانىدىن ئايرىلسا، كېچىكىپ قالسا ياكى نەغمە - ئۇسسۇل بولۇۋاتقاندا تەرتىپنى بۇزسا، ئەخلاققا خىلاپ ئىش- ھەرىكەت قىلسا، سەۋەبسىز قاتار مەشرەپكە كەلمىسە، ئۇنداقلار «جازا»غا تارتىلىدۇ. ئاۋۋال تەرتىپ بۇزغۇچى ئۈستىدىن بىرەرسى يىگىت بېشىغا «ئەرز» قىلىدۇ. يىگىت بېشى سوراق قىلىشنى قازى بەگكە تاپشۇرىدۇ. قازى بەگ سوراق ۋە گۇۋاھلار ئارقىلىق سوراق قىلىنغۇچىنىڭ «گۇناھ»ىنى دەلىللەيدۇ ۋە كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەيىبلەنگۈچىگە «جازا» كېسىدۇ. قازى بەگ كەسكەن «جازا» مەشرەپ ئەھلى ماقۇل كۆرگەن ۋە جازالانغۇچى رازى بولغان شەرت ئاستىدىلا، ئاندىن دوغا بەگ تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ.

مەشرەپتە بېرىلىدىغان «جازا» ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېرىلىدىغان «ناماقۇللۇق» جازاسى بولۇپ، بۇنىڭدا، ئەيىبلەنگۈچىنىڭ قىلغان گۇناھىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ، ئوخشاشمىغان ئىقتىسادىي سېلىق سېلىنىدۇ. بۇنداق سېلىقلارنىڭ كۆپى يېمەك - ئىچمەك، مېۋە - چېۋە بولۇپ، بۇلار يەنە شۇ مەشرەپ ئەھلى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بەزىبىر «گۇناھسى» ئېغىرلارغا بىرنەچچە قېتىم نۆۋەتتىن سىرت «ناماقۇللۇق مەشرىپى» ئۆتكۈزۈپ بېرىش سېلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.

مەشرەپ جازالىرىنىڭ ئىككىنچى بىر خىلى «سەۋەنلىك» جازاسى بولۇپ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچىگە گۇناھىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ ھەم كۈلكە، ھەم ئىبرەت بولىدىغان ھەر خىل چارىلەر قوللىنىلىدۇ: بەزىلەرنى قۇشلارنىڭ سايرىشى، ھايۋانلارنىڭ ئاۋازلىرى ۋە قىلىقلىرىنى دوراتقۇزىدۇ، بەزىلەرگە قوشاق ئېيتىش ياكى لەتىپە سۆزلەپ كۈلدۈرۈش «جازاسى»

قوللىنىلىدۇ. جازالار ئىچىدە، مەشرەپ ئۈچۈن ئادەتتە ئايلىنىپ كەتكەن، ھەتتا بىر كومېدىيىگە تۇسىگە كىرگەن«جازا» لار تېخىمۇ خاراكتېرلىكتۇر. ئۇنداق جازالار«ساماسا يېقىش»، «ئۆپكە قويۇش»،«جۇۋازغا قېتىش»، «مۇنەك تۈگۈش»، «سۈرىتىنى تارتىش»،«ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»كە ئوخشاشلار بولۇپ،بۇنداق جازانى شۇ جازانىڭ ماھىرلىرى ئىجرا قىلىدۇ.

«ساماسا يېقىش» جازاسىدا، جازالانغۇچىنىڭ ئۈچىسى تونۇرغا تەقلىد قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ساماسا يېقىلىدۇ.«ساماسا ياقغۇچى» ئالدى بىلەن جازالانغۇچىنىڭ بېشىنى ئىككى تەرەپكە يېنىك ئىرغىتىپ«ئۇن تاسقايدۇ»، كېيىن، جازالانغۇچىنىڭ دولىسىدا «خېمىر يۇغۇردۇ»، ئاندىن جازالانغۇچىنىڭ ئۈچىسىنى يالىڭاچلاپ، «تونۇرغا ئوت ياقىدۇ»، سۇ چېچىپ «تونۇرنى تاۋلايدۇ»، ئاخىردا، يالىڭاچ ئۈچىغا ئاستا چاۋاكلاپ «ساماسا ياقىدۇ»ۋە ئۇنى تۇتۇملاپ سويىدۇ. بۇنداق«جازا» جەريانى كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن كۈلكە بولسا، جازالانغۇچىغا بىر قېتىملىق تەنبىھ بولىدۇ.

بۇنداق جازالارنىڭ تېخىمۇ قىزىقى«ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» تۇر. بۇ جازا كۆپىرەك ئەھۋالدا، ئاياللارغا بولغان مۇناسىۋەتتە نورمال ئەخلاقنى بۇزغۇچىلارغا قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا، جازالانغۇچىغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ئىككى «خوتۇن»يەنى، قىزىقچى يىگىتلەردىن ئىككىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار جازالانغۇچىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە ياتقۇزۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى جازالانغۇچىنىڭ ئوڭ قۇلىقىدىن تارتىپ ئۆزىگە قارىتىپ «مۇھەببەت» ئىزھار قىلسا، يەنە بىرسى دەررۇ سول قۇلىقىدىن تارتىپ ئۆزىگە قارىتىدۇ-دە، ئۆز «مۇھەببىتى» نى ئىزھار قىلىدۇ. ئىككى «خوتۇن» ئارىسىدىكى قىزىق، كۈلكىلىك«ئەر تالىشىش كۈرىشى» خېلى ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ. كۆزەتكۈچىلەر «ئىككى خوتۇن ئالغۇچى»نىڭ خاراب ھالىدىن تازا كۈلۈشىدۇ، جازالانغۇچى بىئارام بولۇپ ئىزا تارتىدۇ. مەشرەپ مۇشۇنداق «جازا»لار ئارقىلىق ھەم تەرتىپ ساقلاش، ھەم قىزىقچىلىق قىلىش مەقسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

مەشرەپ جازالىرىنى ئەينى ۋاقىتتا مەشرەپ ئويۇنلىرى ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، بۇ جازالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، «سەنئەتلەشتۈرۈلگەن». بۇنداق جازا ئويۇنلىرىدا دولان خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى، ھۈنەر-كەسىپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ھەتتا بەزىلىرى كىچىك تىپتىكى خەلق كومېدىيىلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق «جازا»ئويۇنلىرىنى كىشىلەر ئېغىر ئالمايدۇ، بەلكى ئۇنى ياقتۇرىدۇ ۋە بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش، دەپ قارايدۇ.

## مەشرەپ تۈرلىرى

دولان مەشرەپلىرى باي مەزمۇنغا ئىگە بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرىدىگە، مەقسىتىگە قاراپ ئوخشىمىغان بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ:

**ھېيت - بايرام مەشرەپلىرى** ئاساسەن، بىر چوڭ بايرام، ياكى ھەممىگە ئورتاق تەنتەنە، مۇراسىم كۈنلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، بۇنداق مەشرەپلەرنىڭ دائىرىسى كەڭ، داغدۇغىسى چوڭ بولىدۇ.

**توي - تۆكۈن مەشرەپلىرى**نىڭ دائىرىسى ھېيت- بايرام مەشرەپلىرىگە قارىغاندا تارراق بولۇپ، بۇ ئاساسەن بىرەر توي مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنداق مەشرەپنىڭ دائىرىسى، ئاساسەن توي قاتناشقۇچىلىرى بىلەن چەكلىنىدۇ.

**قاتار مەشرەپ** دولاندا ئەڭ كۆپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپتۇر. بۇ خىل مەشرەپنىڭ

داكىرىسى تېخىمۇ كىچىك بولۇپ، بىر مەھەللە، ياكى بىر يۇرت كىشىلىرىدىنلا تەشكىل تاپىدۇ. مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ھەر قايسىسى ئۆۋەت بىلەن بىر قېتىمدىن مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. قاتار مەشرەپنىڭ قائىدە-تۈزۈمى نىسبەتەن چىڭ بولىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقان ئەر-ئاياللىنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنى ئۇلارنىڭ ياش قۇرامى ۋە ئىناۋىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. يىگىت بېشى مەشرەپ كوللېكتىپىنىڭ ھوقۇقلۇق باشلىقى سانىلىدۇ، ھەممە ئىش ئامىمىنىڭ رازىلىقى ۋە يىگىت بېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ. مەشرەپ بەرگۈچى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ مەشرەپ ئەھلىنى مېھمان قىلىدۇ. بۇنىڭدا مەجبۇرىي بەلگىلىمە بولمايدۇ. قاتار مەشرەپلەرقىش كۈنلىرى، كىشىلەرنىڭ يىغىم تېرىم ئالدىراشچىلىقىدىن قولى بوشىغاندا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىر قاتار مەشرەپنىڭ ئۆزى بىر كوللېكتىپ سانىلىدۇ. ئۇلار مەشرەپ ئويۇنلىرىنى ئوينىغاندىن باشقا، ھەر قېتىم يىغىلغاندا، مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ بەزى مۇھىم ئىشلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىدۇ، مەسلىھەت بېرىدۇ، بىرەر بالا-قازاغا ئۇچرىغانلاردىن ھال سورايدۇ ۋە ياردەم قىلىدۇ، يامان ئىش قىلغۇچىلارنى بولسا جازالايدۇ. بۇنداق بىر ئۆم كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ قالىدىغانلارنى پۈتۈن يۇرت ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇنداق مەشرەپلەرنىڭ ئەڭ ئېغىر جازاسى-بىرەر كىشىنى مەشرەپ كوللېكتىپىدىن چىقىرىپ تاشلاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەشرەپتىن ھەيدەلگەنلەر مەشرەپ ئەھلى ئالدىدا باش ئېگىپ ئۆز گۇناھىنى تونۇپ، ناماقۇل بولغاندىلا ئاندىن قايتا مەشرەپكە قاتناشتۇرۇلىدۇ. دولان خەلقى قاتار مەشرەپنى «بالا تەربىيەلەشنىڭ قېلىپى» دەپ قاراپ، ھەممىلا كىشى دېگۈدەك ئاشۇ مەشرەپ كوللېكتىپىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشىدۇ ۋە بۇنداق مەشرەپلەرنى ھىمايە قىلىدۇ.

تەكلىپ مەشرىپى — بۇ بىرەر كىشى تەرىپىدىن بىرەر مەشرەپ كوللېكتىپىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان مەشرەپتۇر. بۇنداق تەكلىپ مەشرەپلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرسى-بىرەر ئائىلە بويىغا يەتكەن ئوغۇل ياكى قىزنى مەشرەپ كوللېكتىپىغا قوشۇش ئۈچۈن بولىدۇ. دولان خەلقى ئىچىدە چوڭ بولۇپ قاتارغا قېتىلغان ئوغۇل-قىزلىرى مەشرەپ ئەھلى بولمىسا ئۇنى ئېغىر ئالىدىغان ئادەت بار. شۇڭا، ئۇلار بىر قېتىملىق تەكلىپ مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ، قىزى ياكى ئوغلىنى مەشرەپكە قاتناشتۇرۇشنى يىگىت بېشى ۋە مەشرەپ كوللېكتىپىدىن ئىلتىماس قىلىدۇ، شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇل ياكى قىزى «قاتارغا قېتىلدى» ھېسابلىنىپ، مەشرەپكە قاتناشتۇرۇلىدۇ.

«ناماقۇللۇق مەشرىپى» — ناماقۇللۇق ياكى جازا مەشرىپى قاتار مەشرەپلەردىكى نۆۋەتتىن تاشقىرى مەشرەپ بولۇپ، مەشرەپ ئەھلى تەرىپىدىن «جازالانغۇچى» ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەسلىدە، بىرەرسى مەشرەپ تۈزۈمىنى ئېغىر بۇزسا ياكى باشقا بىر ئەخلاققا خىلاپ ئىشلارنى قىلسا، مەشرەپ ئۇنىڭغا جازا ئورنىدا بىر «ناماقۇللۇق مەشرىپى» ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇيدۇ. ئاشۇ جازالانغۇچى ئۆتكۈزگەن مەشرەپ «ناماقۇللۇق مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى». بىر يۇرتتا ئىككى كىشى ئاداۋەتلىشىپ قالسا، يۇرت ئەھلى يىگىت بېشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر قېتىملىق مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. بۇ مەشرەپكە ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشى چاقىرىلىدۇ، مەشرەپ جەريانىدا يىگىت بېشى ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ ئاداۋەت سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ، بىر-بىرسىنى كەچۈرۈشنى،

ئاداۋەتنى يۇيۇپ تاشلاشنى ۋە بۇلارنى بىر-بىرسىگە چاي ياكى چىلىم تۇتۇپ بىر-بىرسىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئاداۋەتلەشكۈچىلەر بىر-بىرسىگە چاي ياكى چىلىم تۇتۇشقاندىن كېيىن ئاداۋەت يۇيۇلغان ھېسابلىنىدۇ. مەشرەپ شاد-خۇراملىق بىلەن داۋام قىلىدۇ. ئاداۋەتلەشكۈچىلەر ئىچىدە بۇ شەرتنى قوبۇل قىلمىغۇچىلار ياكى كۆرۈنۈشتە قوبۇل قىلىپ، كۆڭلىدە يەنە ئاداۋەت ساقلىغۇچىلار كىشىلەر تەرىپىدىن يامان قارشى ئېلىنىدۇ. شۇڭا، بۇنداق مەشرەپلەرنىڭمۇ ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاشتا رولى چوڭ بولىدۇ.

× × ×

دولان مەشرەپلىرىنى ۋە ئومۇمەن باشقا ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنى كۆزدىن كەچۈرسەك، بۇنىڭ پەقەت كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسىلا بولماي، بەلكى جەمئىيەت ئۈچۈن چوڭ بىر ئىجتىمائىي رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

ناھايىتى ئۇزۇن يىللارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى خەلق مۇكەممەللەشكەن ۋە ئىنتىزامى بولغان خەلق مەكتىپى دېيىشكە بولىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال، مەشرەپلەر خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپىدۇر. چۈنكى مۇشۇ سورۇن، مۇشۇ مەكتەپتە (ئەلۋەتتە باشقا ئامىللارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بىباي ۋە رەڭمۇ رەڭ خەلق سەنئىتى بارلىققا كەلگەن، تەدرىجىي يېتىلىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. بۇ مەكتەپنىڭ ئىجادچىسى ۋە ئوقۇتقۇچىسى بولغان خەلق تارقاق ھالدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ناخشا-قوشاق، ساز-نەغمىلەرنى، ئۇ يەر-بۇ يەردە ئوينالغان ئۇسسۇل ۋە قىزىق ئويۇنلارنى مەشرەپ ۋاسىتىسى بىلەن جەملىگەن ھەمدە مەشرەپ ئەھلىگە ئومۇملاشتۇرغان.

شۇنداقلا مەشرەپلەر بىر فولكلور مەكتىپىدۇر. چۈنكى مۇشۇنداق مەشرەپتە ناھايىتى نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرى مەيدانغا كەلگەن، شۇنداقلا، تارقاق بولغانلىرى توپلانغان ۋە رەتلەنگەن، ئۇلار مەشرەپتىن - مەشرەپكە، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قېلىپ، بارغانسېرى كۆپىيىپ، بارغانسېرى پىشىپ بارغان. شۇنداقلا، مەشرەپلەر خەلق كومېدىيىلىرى سەھنىسى بولۇپمۇ خىزمەت قىلىپ كەلگەن.

يەنە بىر تەرەپتىن، مەشرەپلەر كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ياشلارنى ئەخلاق، مىللىي ئۆرپ-ئادەت بىلەن تەربىيىلەيدىغان، مىللىي ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بىر مەكتەپ. مەشرەپلەر ئارقىلىق ياش ئەۋلادلار قائىدە-يوسۇن ئۆگىنىدۇ، مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىگە چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. مەشرەپلەر ئىجتىمائىي ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ كوللېكتىۋىزم روھىنى سىڭدۈرۈش ۋە مېھماندوستلۇقنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دولان خەلقى ئۆز مەشرەپلىرىنى قەدىرلىك بىر گۆھەر ھېسابلاپ، ئۇنىڭ زور ئىجتىمائىي رولى، قۇدرىتىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ كەلمەكتە.

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچى ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ مەزكۇر ماقالىسى 1981 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بورسا شەھىرىدە ئېچىلغان «2 - قېتىملىق خەلقئارا تۈرك فولكلور ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلۇپ يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئالقىشقا ئېرىشكەن. شۇ يىلقى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 11 - سانىغا بېسىلغانىدى.

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى ئىلمىي يارەنلىرىمىزنى ئۆرنەك بىلەن تەمىن ئېتىش مەقسىتىدە، ئاپتورنىڭ رازىلىقى بىلەن بۇ ماقالىنى ژۇرنىلىمىزدا قايتا ئېلان قىلدۇق.

— مۇھەررىردىن






سەئىد ئەھمەد (سوۋېت ئىتتىپاقى)

## كەسكىن تەنقىدچى

ئېرگەش تەھرىر بۆلۈمى خادىمى ئالدىغا كىردى.

ئېرگەش: رۇخسەتمۇ؟

خادىم: مەرھەمەت، كىرىڭ.

ئېرگەش: تۈنۈگۈن بېرىپ كەتكەن ماتېرىيالىمنىڭ نەتىجىسىنى بىلگىلى كەلدىم. گېزىتتە بېسىلامدۇ - بېسىلمامدۇ، ئۇقاي دېدىم.

خادىم: مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ. ماتېرىياللىرىڭىزنى كۆرۈپ چىقتىم. بەك جىددىي قىلىپ يېزىپسىز. ئەگەر يازغانلىرىڭىز راست بولسا، مۇدىرىڭىز خالمىرزايېۋ قاتتىق جازاغا تارتىلىشى كېرەك.

ئېرگەش: ھەممىسى راست، يازغانلىرىمغا ئۆزۈم جاۋابكار.



www.uyghurkitap.com

خادىم: خالمىرزايېۋ بۇ يىل 16 - مارتتا سىزدىن 200 سوم پارا ئالغان، توغرىمۇ؟

ئۆرگەش: توغرا. ساناتورىيىگە كېتىۋاتقىنىمدا، قايتىشىمدا ساڭا گىلەم ئېلىپ كېلىمەن، دېگەن باھانە بىلەن ئالغان. بۇ راست.

خادىم: گىلەم ئېلىپ كەلمىدىمۇ؟

ئۆرگەش: نەدىكىنى؟ بىرەر گىلەمنىمۇ ئېلىپ كەلمەپتۇ.

خادىم: مۇھەممەدوۋقا بىكاردىن بىكارغىلا گۇناھ يازغان، راستمۇ؟

ئۆرگەش: راست. مۇھەممەدوۋنىڭ كۈيئوغلى ئىنىستىتۇتتا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلەيتتى. قىزىمنى ئىنىستىتۇتقا كىرگۈزۈپ قويدىمىدىڭ، دەپ قەستەن ئۇنىڭغا گۇناھ يازغان.

خادىم: مۇدىر خالمىرزايېۋ ئىش ۋاقتىدا شوپۇرىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ تونۇر سالدۇرغان، شۇنداقمۇ؟

ئۆرگەش: شۇنداق. لايىنى ئۆزۈم ئېتىپ بەرگەنمەن.

خادىم: خالمىرزايېۋ شىركەت ئاشخانىسىدىكى كاۋاپخانىدىن ئىتتىغا سۆڭەك ئېلىپ پىكاپ بىلەن ئېلىپ كەتكەن، راستمۇ؟

ئۆرگەش: بۇنى ھەممە بىلىدۇ.

خادىم: قىسقىسى، سىزنىڭ يېزىشىڭىزچە، خالمىرزايېۋ بيۇروكرات، كادىرلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىدارىنىڭ دېرىزە پەردىلىرىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ، كونىسىنى ئەكېلىپ قويغان. قىزىنى ياتلىق قىلغاندا، ئىشخانىسىدىكى ئۈستەل - ئورۇندۇقلارنى ئىشلەتكەن. شىركەت ئاشخانىسى ۋە ماگىزىنىدىن نېمە ئېلىپ يېسە ھەققىنى بەرمىگەن، شۇنداقمۇ؟

ئۆرگەش: شۇنداق.

خادىم: ھازىر گېزىتىمىز رەسمىي ماتېرىياللار بىلەن بەنت. ئەگەر بۇ ماتېرىياللارنى بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئاۋۋال ئېلىپ كەلگەن بولسىڭىز بېسىپ چىقىرىۋېتەتتۇق.

ئۆرگەش: ئىككى - ئۈچ كۈن ئاۋۋال يېزىشقىمۇ، ئېلىپ كېلىشكىمۇ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى!

خادىم: نېمىشقا؟

ئۆرگەش: نېمە دېسەم بولىدىكىن، خالمىرزايېۋ ئۇ چاغدا مۇدىرلىقتىن قالدۇرۇلمىغان، تېخى ئۆتكەن كۈنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇلدى - دە.

خادىم: شۇنداقمۇ؟ دۈشمەن قاچسا باتۇر كۆپىيەر، دېگەن پەددە يېزىپ كەلگەن، دەڭ؟

ئۆرگەش: (تەمتىرەپ) ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئەمما ئۇ مۇدىر بولغاچقا، بىزگە ئوخشاشلاردىن ئۆچ ئېلىشى مۇمكىن ئىدى - دە. مەنسەپتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، نېمە كەمچىلىكى بولسا ئېيتىۋېرىشكە بولىدۇغۇ.

خادىم: شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا، سىزگە بىر يېڭىلىقنى ئېيتىپ قوياي: خالمىرزايېۋ، ئوبلاست باشقارمىسىدىن ناھەق خىزمەتتىن قالدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا مىنىستىرلىككە ئەرز بەرگەن. بۈگۈن ئەتىگەن رەھبەرلىك ئەرزىنى قاراپ چىقىپ، ئوبلاست باشقارمىسىنىڭ بۇيرۇقىنى بىكار قىلدى. خالمىرزايېۋ بۇنىڭدىن ئىككى سائەت ئاۋۋال شىركەت ماشىنىسىدا ئىشقا كەتتى، قانداق قىلىمىز، گېزىتكە بېسىۋېرىمىزمۇ؟

ئۆرگەش: ۋاي، سىز قايسى خالمىرزايېۋنى ئېيتىۋاتىسىز؟

خادىم: ئاشۇ سىز يازغان خالىمىرزايېۋنى - دە.

ئېرگەش: مەن ئۇ خالىمىرزايېۋنى ئەمەس، بۇ خالىمىرزايېۋنى يازغانمەن.

خادىم: ئۇ خالىمىرزايېۋىڭىز قايسى؟ بۇ خالىمىرزايېۋىڭىز قايسى؟

ئېرگەش: ئۇ مۇدىر خالىمىرزايېۋ، بۇ ئۆزۈم. يەنى ئۆز ئۆزۈمنى تەنقىد قىلىش تەرىقىسىدە يازغانمەن. يەنە بىر مۇنچە كەمچىلىكلىرىم بار. ماقالەمنى ياندۇرۇپ بەرسەڭىز تولۇقلاپ ئېلىپ كېلىمەن.

خادىم: (ئۇ دىگىنالارنى ئالدىغا قويۇپ) ئېلىڭ، بۇ خالىمىرزايېۋ، ئۇ خالىمىرزايېۋغا بىزدىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ، بولامدۇ؟

ئېرگەش: (چىقىپ كېتىۋېتىپ) خۇدا بىر ساقلىدى - دە، ئەمدى يولداش خالىمىرزايېۋنى ئۆز خىزمەت ئورنىغا قايتا بەلگىلىگەنلىكىنى تەبرىكلەپ كېلەي. گۈل ئالايمۇ ياكى بىرەر دوپپىمۇ؟ خالىمىرزايېۋ ئاكا ئىككىسىگىمۇ ئەرزىيدۇ.

(چىقىپ كېتىدۇ.)

## قىلىچمۇ، توخماق

(كېلىن بىلەن كۈيئوغۇل بىردىن چامادان ئۈستىدە ئولتۇرۇشىدۇ.)

ئەر: كېتىمەن، مەن كېتىمەن.

خوتۇن: ياق، مەن كېتىمەن.

ئەر: بۇ ئۆي مېنىڭ ئەمەس، تويدىن كېيىن ئىككىمىزگە بېرىلگەن. ئەر كىشى ھەر قانداق يەردە يېتىپ - قوپۇشى مۇمكىن، سىز قالىسىز.

خوتۇن: قالمايمەن دېدىم، قالمايمەن. سىز بىلەن تۇرغان ئۆيدە ھەرگىزمۇ قالمايمەن.

ئەر: شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا بوپتۇ مەن كېتەي. ھەممە نەرسە سىزنىڭ بولسۇن، ماڭا لاخشىگىر چىلىك نەرسىمۇ كېرەك ئەمەس.

(چامادانىنى كۆتۈرمەكچى بولىدۇ.)

خوتۇن: ئولتۇرۇڭ، مەھەللىدىن ئادەم چاقىرغانمىز، كۈتۈڭ، شۇلار بىر ياقلىق قىلغىچە مىدىرلىمايسىز.

ئەر: بولىدۇ، مەيلى. ئۇلار، نېمىشقا ئاجرىشىسىلەر، دەپ سورىشار.

خوتۇن: سورىشىدۇ. ھەممىسىنى ئېيتىمەن، بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئېيتىپ بېرىمەن.

ئەر: مېنى گەپ قىلمايدۇ، دەپ ئويلامسەن؟

خوتۇن: سەنلىمەي سۆزلەڭ.

ئەر: بولىدۇ. مېنى گەپ قىلمايدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ گەپ قىلىمەن، ھەممىسىنى ئېيتىمەن. (ئىشىك تاقىلدايدۇ، كېيىن بوۋايلار كىرىدۇ.)

1 - بوۋاي: ۋاي، ۋاي، يول بولسۇن، ساناتورىيىگىمۇ؟

2 - بوۋاي: كىسلاۋودىسكىگىمۇ، سوچىغىمۇ؟ يالتاغا بولسا كېرەك؟

ئەر: ئۇنىڭدىنمۇ نېرىراقتا.

2 - بوۋاي: چەتئەلگە ساياھەتكىمۇ؟

1 - بوۋاي: ھە، ئەزىمەتلەر تويدىن كېيىن مۇشۇنداق نىكاھ سەپىرى قىلىپ ئايلىنىپ كېلىش كېرەك.

خوتۇن: ئاجرىشىمىز.

ئەر: شۇنداق، ئاجرىشىمىز.

2 - بوۋاي: نېمىشقا، نېمە سەۋەبتىن؟ سۆزلەپ بېقىڭ، ئاڭلايلى.

ئەر: ئاجرىشىشىمىز شەرت بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن زادى بىللە ياشىيالمايمەن.

2 - بوۋاي: سەۋەب؟

خوتۇن: ئۇ...

1 - بوۋاي: سىز كېيىن ئېيتىپ بېرىسىز.

قېنى، قولىتىمىز سىزدە.

ئەر: تويدىن كېيىن تۆت ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ، بىرەر قېتىم كىر يۇيغىنى يوق، ئۆزۈم يۇيۇپ، ئۆزۈم دەزمال سالىمەن.

خوتۇن: ھەر كىم ئۆز كىرىنى ئۆزى يۇيۇشى كېرەك.

2 - بوۋاي: سىز سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، قىزىم. ئالدى بىلەن گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى.

ئەر: پولنى ئۆزۈم يۇيىمەن. تاماق يېگەندىن كېيىن ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق ئۇۋانغا يانپاشلىغان، قاچا - قۇچىنى ئۆزۈم يۇيىمەن. مانا، ئەھۋالنى كۆردۈڭلار، تۆكمەلىرىمنى ئۈچ خىل يىپتا قادىغانمەن، تۇرقۇم سېرىكچىگە ئوخشايدۇ. ئۇ، تۆكمە تۆكۈل، تۆكمىنىڭ تۆشۈكى نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. كىنو دېسە كەچتىكىسى بۇياقتا تۇرسۇن، كۈندۈزدىكىسىنىمۇ قالدۇرماي كۆرىدۇ.

2 - بوۋاي: سۆزلەۋېرىڭ، سۆزلەۋېرىڭ.

ئەر: يېڭى مودادىپ مېنىڭ شىمىمنى كىيىپ ماگىزىنغا چىقىپ كېتىدىغان قىلىق چىقىرىۋالدى. كىرىپ كۆرۈڭلارچۇ، ئۆيىۋالىنىڭ قاراردىغىلى بولمايدۇ، ئاق چىنىمۇ، ياكى قارا قازانمۇ، ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەتىگەن تۇرۇۋېلىپ قاشلىق ئەتكەن، ئۇپا سۈرتكەن، چېچىنى قوش چاڭگىسىدەك پاخماق قىلىۋاتقان. ئەمما دېرىزە پەردىسىنى يۇيۇپ، دەزماللاپ قوياي دېمەيدۇ، كۆرسەڭلار پەردىمۇ ياكى دەسمالمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. دېرىزە ئەينىكىگىمۇ زادىلا لاتا تەگمىگەن، پاسكىنىلىقىدىن سىرتنى كۆرگىلى بولمايدۇ. كېچىسى لامپۇچكىنى ئۆچۈرمەي ياتىدۇ. ۋاننىنىڭ سۈيى شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدۇ، جۈمەكنى ئەتمەي كوچىغا چىقىپ كېتىدۇ.

خوتۇن: بولغاندۇ، مەنمۇ سۆزلەپ باقاي.

1 - بوۋاي: قېنى، سۆزلەڭ، قىزىم. سىزدىنمۇ ئاڭلايلى.

خوتۇن: دېرىزە پەردىسىنىڭ كىرلىكى يۇيمىغانلىقتىن ئەمەس، ئەتىدىن - كەچكىچە تاماكا چەككەنلىكىدىن. پولنى يۇيمايمەن، بۇ راست. دەسلەپ يۇياتتىم، بىراق ئۆتىنىڭ لېيى بىلەن كىرىۋەدى، بوسۇغىغا لاتا قويۇپ قويدۇم، سۈرتۈپ كىرىڭ، دېسەم قۇلاق سالمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلسالا قىلە دەپ، پولنى يۇيماي قويدۇم. كوچىدا يۈرىدىغان ئەر كىشى ئۆينىڭ كەمكۈتىسىنى بىلىشى كېرەكتە. نەچچە قېتىم ئېيتىپ باقتىم، ئىككى - ئۈچ غالتەك يىپ ئالغاچ كېلىڭ، دەپ، ئېلىپ كەلمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆتەپ بېرىدىغا، دېدىم.. دە، تۆكمىسى ئۈزۈلسىمۇ كارىم بولمىدى. ئەلاجىسىزلىقتىن داستىخان پۆپۈكىدىن يىپ سۇغۇرۇپ تۆكمىسىنى قادايدىغان بولدۇم. دەزمال سالمايدۇ دەيدۇ، توغرا. دەسلەپتە دەزمال سالاتتىم، بىراق ئۆيىڭىزدىكى دەزماللانغان شىمى بىلەنلا ساماۋارخانىغا بارغان، ئۇيەردە بەددىشخان قورۇۋېلىپ، يېرىم كېچىگىچە ۋالاقلاپ ئولتۇرغان. كەلگەندە شىمى يېڭىمۇ - كونىمۇ بىلگىلى بولمىغان، بار، دېدىم - دە، دەزمال سالمايدىغان بولدۇم. كىر يۇيمايدۇ، دەيدۇ. ئاپپاقىنە، كىراخماللانغان كۆڭلەكلەرنى كېيدۈرۈپ قويسام ئاغىنىلىرى بىلەن ساماۋارخانىغا چىقىپ قارىغاي ئوتۇنى قالاپ، ئۆزى ئاش ئېتىپ يەردى، قارىغاي ئوتۇنىنىڭ تۈتۈنىدىن ئاپپاق كۆڭلەكلىرى ئىسلىشىپ قارىداپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ماڭە، دېدىم - دە، كۆڭلىكىنىمۇ يۇيمايدىغان بولدۇم. ھەر كۈنى كىنوغا بارىدۇ، دەيدۇ، ئۆزى كېچە - كۈندۈز ساماۋارخانىدا يۈرسە گەپ يوق، مەن ئۆيدە ئىچىم پۇشۇپ يالغۇز ئولتۇرامدىم؟ ماڭە، دېدىم - دە، ئۆيىمىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىنوخانىغا كىرىپ تۇردۇم. ئۇمىۋالىنى كىر بولۇپ قارىداپ كەتكەن دەيدۇ، يۈز يۇيىدىغان ئۇمۇۋالىنىكىتا پۇتىنى يۇيىدىغان زادى كىم. كۆڭلۈم تارتمىغانلىقتىن ئۇمۇۋالىنىكىنى يۇيماي قويغىنىم راست. كېچىسى ئېلېكترنى ئۆچۈرمەي ياتىدۇ، دەيدۇ. ئۇ كىشى ساماۋارخانىدىن كەلگىچە قاق يېرىم كېچە بولىدۇ، شۇنىڭغىچە چىراغنى

www.uyghurkitap.com

يېقىپ ساقلاپ ئولتۇردىمەن-دە، ئاخىرى بولماي ئۇخلاپ قالىمەن.

2 - بوۋاي: مەيلى، قىزىم، بۇ تەرىپى مەلۇم بولۇپ قالدى. ئەمدى نېمە قىلىسىلەر؟

ئەر: ئاجرىشىمىز.

خوتۇن: ئەلۋەتتە ئاجرىشىمىز.

ئەر: شۇ قىلغىنى ئۈچۈن بولسىمۇ باشقا خوتۇن ئالىمەن.

خوتۇن: ئەر دېگەن شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئەرسىز ئۆتۈپ كېتىمەن.

1 - بوۋاي: بەك قىيىن ئەھۋالدا قاپسىلەر.

2 - بوۋاي: ئوغلۇم، سىز باشقا خوتۇن ئالسىڭىز، بىراق بىللە ئۆتۈپ كېتىشىڭىزگە ئىشىنەمسىز؟

ئەر: نېمىدەپ ئىشەنمەيدىكەنمەن، ئىشىنىمەن.

1 - بوۋاي: خوش، قىزىم ئەگەر سىز باشقا ئەرگە تېگىپ قالسىڭىز، بىللە ئۆتەلىشىڭىزگە ئىشەنچ قىلالامسىز؟

خوتۇن: ئەلۋەتتە ئىشەنچ قىلالايمەن، بىلىمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيمەن. مەندەك خوتۇن تەگسە، ھەرقانداق ئەر جان دەپ ئالىدۇ.

1 - بوۋاي: باشقا ئەر بىلەن بىللە ئۆتەلىشىڭىزگە مەن زادى ئىشەنمەيمەن.

خوتۇن: نېمىشقا؟

2 - بوۋاي: بىز كۆپنى كۆرگەن كىشىلەرمىز. يەتتە - سەككىز نەۋرە كۆرگەن كىشىلەرمىز. ئاڭلاڭ: ئۆيگە بىرغالتەك يەپ ئېلىپ كەلمەيدىغان، پۇتىنىڭ لېيى بىلەن ئۆيگە كىرىدىغان، ئومۇۋالنىكىتە پۇتىنى يۇيىدىغان، ئەتىگەن-دىن كەچكىچە چايخانىدىن نېرى كەتمەيدىغان ئەر بىلەن قايسى ئاخماق بىللە ياشايدۇ؟ ئەمدى سىز ئاڭلاڭ، قىزىم: باشقا ئەرگە تەگسەم، ياخشى ئۆتىمەن، دەيسىز، ئۆتۈپ بولدىڭىز. كىر يۇمايدىغان، كىنودىن نېرى بولمايدىغان، تۈگمە قاداشنى بىلمەيدىغان، تاماق يېسە قاچا يۇيۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، قاچىنى نېرىغا ئېلىپ قويمايدىغان خوتۇن بىلەن قانداق ئەر بىللە ئۆتىدۇ!

1 - بوۋاي: ئەسلىدە ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا مۇناسىپ ئىكەنسىلەر. سىزدەك ئەر يەر يۈزىدە تېپىلمايدۇ، سىزدەك خوتۇنمۇ ئاسماندىن تېپىلمايدۇ.

2 - بوۋاي: ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا قوشۇپ قويغاندەك مۇناسىپ ئىكەنسىلەر. خوپ، ئەمىسە، بىز كەتتۇق. (ئىككىسى چىقىپ كېتىدۇ.)

خوتۇن: چاقىرغان ئادىمىڭىزنى قارىڭا.

ئەر: شۇنى دېگىنە، تۈزۈكرەك ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنىمۇ بىلمەيدۇ.

خوتۇن: ئۇلار بىزنى ئەپلەشتۈرۈپ قويماقچى ئەمەس ئىكەن - دە.

ئەر: خوتۇن، خەقنى ئارىلاشتۇرماي ئۆزىمىز ئەپلىشىمىز. ھازىر ئەر - خوتۇننىڭ يارىشىشى ئومۇمىي ئەھۋالغا ئايلانغان. ئۇرۇشۇپ قالغان ئادەملەر ئۆز - ئۆزىگە خىزمەت قىلىپ، ئۆزلىرى ئەپلىشىدىغان بولۇپ قېلىشقان. قېنى چىمچىلىقىڭىزنى بېرىڭ.

(خوتۇن چىمچىلىقىنى ئېرىنىڭ چىمچىلىقىغا چاتىدۇ.)

ئەر: قىلىچمۇ، توقماق؟

خوتۇن: قىرىق يىلغىچە ئورتاق.

## جىن

چېچى ئۆسۈپ يۈز - كۆزىنى يېپىۋالغان، پەقەت بۇرنىنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرغان قىياپەتتىكى يىگىت كىرىدۇ. ساددا، يېزا پاسوندا كىيىنگەن ئانا تەكلىمدە خېمىر يۇغۇرۇپ ئولتۇرىدۇ.

يىگىت: ئاپا، كونىيەك بارمۇ؟

ئانا: قانداق كۆڭلەك، بالام.

يىگىت: كونىيەك، يەنى كوكتېيىل. ①

ئانا: داداڭنىڭ كۆك چاپىنىنى ئەپچىقىپ بېرەيمۇ؟

يىگىت: يېزىدە، يېزا، يا كونىيەكنى، يا كوكتېيلنى بىلمەيدۇ بۇلار. پاپاشقا②قېنى؟

ئانا: . . .

يىگىت: ئانا، دادام قېنى دەۋاتىمەن؟

ئانا: ئاھ، بالام، داداڭسېنى تونۇلغان كۆردى-دە، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ماۋۇ چاچلىرىڭنى، ئەپت - بەشىرەڭنى بىر كۆرۈپلا يۈرەك كې-سەلى بولۇپ قالدى. ئەتىگەن دوختۇر ماشى-نىسى ئېلىپ كەتتى.

يىگىت: چۈشىنىشلىك. پاپاشكىنى دوختۇر-خانىغا بېرىپ كۆرۈپ كېلىشىم كېرەك.

ئانا: جېنىم بالام، بارما، بارغۇچى بولما، چاتاق بولىدۇ.

يىگىت: نېمىسى چاتاق بولىدۇ؟ تۇۋا!!

ئانا: بالام، ئەپت - بەشىرەڭنى بىر كۆ-رۈپلا يۈرەك كېسەلى بولغان داداڭ، يەنە بىر كۆرسە ئۆلۈپ قالىدۇ. سېنى تۇغماي ئۆل-سەمچۇ. بىر يىل بۇرۇن بۇ يەردىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىڭ تېخىچە كۆز ئالدىمدا. بېشىڭدا يېڭىدىن قېلىپتىن چىققان دوپپا، ئۇچاڭدا ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان كۆڭلەك، چې-چىڭ ئېلىنغان، تىرناقلىرىڭ ئېلىنغانىدى. بالام، مەن تۇغقان چاغدا سەن بۇنداق ئەمەستىڭ.

يىگىت: يېزىنىڭ ئىتلىرى نىمانچە كاسكا بولۇپ كەتكەن؟ تاك ئاتقىچە قاۋاپ ئۇخ-لاتمىشىدى.

ئانا: بالام، ئىتلار سەندىن قورقۇشۇۋا-تىدۇ. تاغاڭنىڭ ئىتى قېچىپ كەتتى. تونۇ-غان سېنى كۆرگەندە قۇيرۇقىنى قىسىپ، تام ئاتلاپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى.

يىگىت: ئىنتېرېسنىي؟ ③

(تام كەينىدىن خوتۇن كىشىنىڭ دادلا-ۋاتقىنى ئاڭلىنىدۇ.)

يىگىت: نېمىگەپ، ماماشكا، ④ تىنچلىقتۇ؟

ئانا: نەدىكى تىنچلىق ئىكەن، بالام. ئاي-شەم كىچىك ئاپاڭنىڭ كېلىنى ئېغىر ئاياغ ئىدى، ئىككى ئايدىن كېيىن تۇغاتتى. ئەتى-گەن كېلىنى كوچىدىن ئۆتۈپ ئەپت - بەشە-رەڭنى كۆرۈپ قورقىنىدىن بويىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ. ئايشەم كىچىك ئاپاڭ سېنى قاغاۋاتىدۇ.

يىگىت: ئىنتېرېسنىيا تېخى كېلىۋاتقىنىمدا رىزامەت بوۋا نېمىشقىدۇر مېنى سەت سۆزلەر بىلەن تىللىدى.

ئانا: خوتۇنى — بادام بۇۋى سېنى ياڭاق دەرىخى ئاستىدا كۆرۈپ قېلىپ، جىن، دەپ قورقۇپ كېتىپتۇ، كالپۇكلىرىغا ئۇچۇق چى-قىپ ۋاي دەپ يېتىپتۇ. ئاغزى قىڭغىر بولۇپ قاپتۇ. ھېچكىمنى يېنىغا يولاتمايدىكەن. كىم كەلسە، جىن، دەپ قوغلىغىدەك تېخى.

يىگىت: يېزىدە، يېزا. مەدەنىي ئادەم-لەرنى ئاز ئۇچراتقان. نېمە بولدى؟ تونۇلغون كوچىدا باللار كۆپ يۈرەتتى، بۈگۈن چىق-سام كوچىدا بىرمۇ بالا كۆرۈنمەيدۇ؟

ئانا: ئاتا - ئانىلار باللىرىنى كوچىغا چىقارماي قويۇشقان. باللار سەندىن قور-قۇپ ئىشىكلىرىنى ئىچىدىن تاقاپ ئولتۇرۇ-شۇپتۇ. بۈگۈن مەكتەپكىمۇ باللار كېلىش-مەپتۇ. مۇدىرى نېرىقى يېزىغا قېچىپ كې-تىپتۇ. سېنى ئىككى قېتىم كۆرگەنىكەن، كۆ-زىگە بىر تاغار يوك كۆرۈنگەندەك بوپتۇ.

يىگىت: تۇۋا!! ئاچامنىڭ يولدىشى ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ جيەنلىرىم قانداقراق؟ ئاچام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ئانا: ئاھ، ئاچاڭسېنى ماختاپ: ئۇكام سوق-سۇردەك يىگىت بوپتۇ، دېگەنىكەن. ئاچاڭنىڭ يولدىشى: سەتلەشمە، سەنمۇ ئۇكاڭغا ئوخشايسەن، دەپ ئاچاڭنى تالاق قىلىۋېتىپتۇ.

يىگىت: تۇۋا!! سىڭلىم قېنى؟

ئانا: سىڭلىڭ سېنىڭ كېلىشىڭنى ئاڭلاپ، دوستىنىڭكىدە قونۇپ يۈرۈيدۇ. ئاكام كەت-كەندە كېلىمەن، دېدى. كېچىسى كۆڭلەكلە-رىنى ئاپىرىپ بەردىم.

---

① كونياكنىڭ بىر خىلى. ② رۇس تىلىدا: دادام مەنىسىدە. ③ قىزىق. ④ ئانا مەنىسىدە

يىگىت: نېمىشقا دوستىڭىزنىڭكىدە قونمىدىڭىز؟

ئانا: ھايۋانات باغچىسىغا بېرىشقانىكەن، بىر دوستى مايمۇننى كۆرسىتىپ، ئاكاڭغا ئوخشايدىكەن، دەپتۇ. ئۆيگە كېلىپ تاڭ ئاتقىچە يىغلاپ چىقتى.

يىگىت: ئانا، ئەمىسە مەن كەتتىم.

ئانا: جېنىم بالام، ھازىر كەتمە. سەل قاراڭغۇ چۈشسۇن، يورۇقتا ماڭساڭ، چايخانىدىكىلەر قېچىپ كېتىشىدۇ. كېتىۋاتقىنىڭدا تۇغۇتخانىنىڭ يېنىدىن ئۆتمە. خوتۇنلار بالىلىرىنى چالا تۇغۇپ قويىدۇ. مانا، سەن كەلگەندىن بېرى ئىنىكىمىزنىڭ سۈتى تارتىلىپ كەتتى.

يىگىت: ئىنەك دېگەن ھايۋان. ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ.

ئانا: ھە، سادىغاڭ كېتەي، بالام. ئىنەك ھايۋان، سەن ئادەمسەنغۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكەشمە.

يىگىت: مانا بۇ گېپىڭ جايىدا.

(چىقىپ كېتىدۇ.)

ئانا: نېمە دېدىڭ؟ (تاشقىرىدىن بالىلار، خوتۇنلارنىڭ دادلىغان، قاچ، جىن، دېگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ.) سېنى تۇغقىچە ئۆلسەمچۇ؟!

## ئىلمىق - سىلمىق

(ئايشە ئۈستەل راسلايدۇ.)

ئايشە: ئەمدى نېمىدەپ بىلجىرلاپ يۈرۈيسىز؟ تاغىڭىزنى چاقىرمامسىز؟

راخمان: (كىرىدۇ.) ھازىر، ھازىر تېلېفون بېرىمەن. (تۈرۈپكىنى ئېلىپ نومۇرنى بۇرايدۇ.) ئاچامدۇ؟ قېنى، قېنى تاغاملار؟ ماڭدىمۇ؟ شۇنداق بولۇپ قالدى. قىز بالا خەقنىڭ ئەزىزى. ئىلمىق - سىلمىق ئۈستىدە مەن تۇرسام بولماس. بۇنداق ئىشلارغا تاغام ئۇستا. ئەلچىلەر پات ئارىدا كېلىپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ. بوپتۇ. رەھمەت. (تۈرۈپكىنى قويىدۇ.)

ئايشە: تاغىڭىزدىن باشقىسى ئەپلەلمەيدۇ بۇ ئىشنى. چوك - چوك دېسۇن. قىز چوك قىلىپ، ئىككى قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپ قالمايلى.

راخمان: ئەلچىگە بىر تون كىيدۈرۈش كېرەك، رەسمىي قائىدە شۇنداق.

ئايشە: ھە، ئىش تۈگىسۇن. تون كىيدۈرۈش؟ ئەلچىسى — ئۆز ھەدىسىنىڭ ئېرى، كۈيئوغۇلنىڭ ئۆزىگە بولسا باشقا گەپ ئىدى. بىر قولياغلىقمۇ بولۇۋېرىدۇ. (ئىشىك تاقىلدايدۇ، تاغا كىرىدۇ.)

تاغا: ساقلىتىپ قويدۇممۇ؟

راخمان: دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز. ئىشنى ئەمدى ئەپلەيمىز. ئاغزىڭىزغا پاتقىنىچە سوراۋېرىسىز.

تاغا: جىيەن، بۇ تەرەپنى ئۆزۈمگە قويۇپ بەر. خەقنىڭ رايىغا قاراپ ئولتۇرمايمەن. قېيپالىڭاچ قىلىپ يولغا سالىمەن. (ئىشىك تاقىلدايدۇ. ئىككىسى ئالدىراپ چىقىشىدۇ. بىردەمدىن كېيىن ئىككىسى كەينىچە مېڭىپ كىرىشىدۇ.)

تاغا: قەدەملىرىگە مۇبارەك.

راخمان: كەلسىلە، يۇقىرى ئۆتسىلە.

كەرىم: (كىرىدۇ، بېشىدا تۆمۈر يولچىلار شەپكىسى) ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

(ئولتۇرۇشىدۇ. ئايشە ئۇلارغا چاي قۇيۇپ، چەتكە بېرىپ تۇرىدۇ.)

كەرىم: ئەمدى ئەيىبكە بۇيرۇمايسىلەر. قايتىشىم كېرەك، بولىدىغان ئىشنى دەرھال پۈتتۈرۈپ ئالساق، ئىككى ياش بىر - بىرىنى يارىتىپتىمۇ، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇش.

ئايشە: ياق، سادىغاڭ كېتەي. بۈگۈن باشقا ئىشىڭىزنى قويۇپ تۇرۇڭ. پولو ئېتەي، قاتلىما

www.uyghurkitap.com

قىلاي. يەپ - ئىچكەچ سۆزلىشەيلى.

تاغا: شۇنداق بولسۇن.

راخمان: پولو يېمەي كەتسىڭىز، خاپا بولىمىز.

كەرىم: ئاۋۋال تېخىقان بولۇشۇۋالايلى، يېمەك - ئىچمەكنى كېيىن، پولو قېچىپ كەتمەس. خوش، تويىنى قانداق قىلىمىز؟ كۆڭۈل تەرەپكە نېمە تەلەپلىرىڭلار بار؟

ئايشە: ھېچنېمە،سادىغاڭكېتەي، ھېچنېمە. بىز يېڭى زامان ئادەملىرىمىز، تويلۇق سوراش ئۆيات، ئەيىب.

راخمان: ئەسلىدىغۇ كۆڭۈلنى قىيىنىماساق، دېيۈدۇق، ئەمما كېيىنكى كۈنلەردە قولىمىز سەل قىسقا بولۇپ قالدى. قىسىلىپمۇ قالدۇق.

ئايشە: ھە.سادىغاڭكېتەي، بىزچە بولغاندا كۆڭۈلنى زادى قىيىنىماساق، دەيمىز. مانا، بۇ.تاغىمىز كۆپنى كۆرگەن ئادەم. ئۇ كىشى نېمە دېسە بىزمۇ شۇ.

تاغا: ئىشىڭىز ئالدىراش ئىكەن، گەپنى سوزۇپ ئولتۇرمايلى. تويىنىڭ بولۇشى ئېنىق ئوخشايدۇ، بولمىدىغان يېرىنى دېيلۇق. گەپ مۇنداق؛ قىزنىڭ كىيىم - كېچىكى ھەققىدە ئۆزلىرى سۆزلىشىدۇ.بىز تويىنىڭ ئاش سۈيىدىن سۆزلىشەيلى. ئىككى قوي بېرىسىلەر.

كەرىم: قويىنى بىر قىلىپ، يەتمىگىنىگە قاسساپتىن گۆش ئېلىپ بەرسەك قانداق بولىدىكىن؟

ئايشە: ۋاي، بۇ قانداق بولغىنى، كۆز مۇنچاقتەك ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان قىزىمىنى قوشقوللاپقولىڭىزغا تاپشۇرۇۋاتسام، قاسساپنىڭ گۆشى بىلەن توي قىلساق دەيسىزغۇ.

تاغا: ئىككى تاغار ئۇن، ئىككى تاغار گۈرۈچ، تۆت يەشىكۋىنۇ، ئالتە يەشىك شامپانىسكى، يۈز شىشە مىنېرال سۇ، بىر يەشىك شاكىلات، بىر يەشىك كەمپۈت، بىر تونىنا كۆمۈر، بىر توننا ئوتۇن، بىر يەشىك كەسمە چۆپ، بىر تاغار سەۋزە، بىر تاغار ياڭيۇ، بىر تاغار پىياز، يېرىم كىلو قارىمۇچ، يۈز پاچكا «بېلومور» تاماكا، يۈز قاپ «پېرىدەنە» ماركىلىق سەرەڭگە، قىرىق بولاق تۇز.

كەرىم: (كۆزلىرى ئالىيىپ كېتىدۇ.) ھە... مانا... مانا...

تاغا: كىيىملىكتىن كېلەيلى: دادىسىغا پىلاش بىلەن ئاياغ، ئانىسىغا نامازشام ئەتلەس بىلەن بىر پەلتو، يەزنىسىگەۋېرىسى پەلتو، ئېغىرئاغرىق ياتقان ئاچىسىغا گىردىپتىشىن كۆڭلەك بىلەن رۇباشكا، كېلىنىنىڭ ئاكىسى تۆھمەت بىلەن تۈرمىدە ياتىدۇ، شۇ ئاكىسىغا بىر قۇر كاستۇم - بۇرۇلكا، ئايىغى بىلەن، مەرھۇم چوڭ ئاپىسىغا ستاپېل كۆڭلەك بىلەن ئامېرىكان مەسە- كالاچ، ئۆلۈپ كەتكەن بوۋىسىغا تون،كالاچ - مەسە، پۆپكىسى بىلەن، قىزنىڭ ئانىسىغا دۇخاۋا كۆڭلەك بىلەن كاپرون پايپاق، سىڭلىسىغا نىلۇن... بىلەن چېخوسلوۋاكىيىنىڭ مايكىسى، ماڭا قىلىدىغىنىڭلارنى ئۆزۈڭلار بىلىڭلار، ئەمما قىرىق ئىككىنچى ئاياغ، ئەللىك ئىككىنچى كاستۇم كىيىمەن. ھەراست، قىزنىڭ ئۇكىسىغا «زوركىي» ناملىق فوتو ئاپپارات، كىچىك ئىنىسىغا ئۇيۇنچۇق...

كەرىم: (بېشى قايغاندەك بولۇپ قالىدۇ.) ۋېلسىپىت، فوتو ئاپپارات، پاراۋوز، ئايروپىلان، تراكتور، ئېكسكوۋاتور كېرەك ئەمەسمۇ؟ يۈكىنى ئۆزى ئاغدۇرىدىغان ماشىنىچۇ؟ بەلكى يول چىگدايدىغان ماشىنىمۇ كېرەكتۇر؟ ئاكىسىغا سامولىيوت، سىڭلىسىغا ئۇپا - ئەتىر زاۋۇتى، ئۆلۈپ كەتكەن بوۋىسىغا يېڭى كېپەن، كېلىن ئاچىسىغا يەلپۈگۈچ زاۋۇتى، ئاچىسىغا كەمپۈت زاۋۇتى، دادىسىغا ھاراق زاۋۇتى، ئاغرىق ئاچىسىغا دورىخانا، ئۇكىسىغا زەمبىرەكنىڭ ئوقى. گۇم-گۇم،پاق - پۇق... ۋاي داد؟

(داستىخاننى بېشىغا ئېلىپ، ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.)

تاغا: ئاۋۋالقى قۇدىمىزمۇ سارالى بولۇپ قالغانىدى، ساراڭلار ئۆيىدىن چىقىتىمىكىن - ھە؟!

## بىرىنچى مۇھەببەت

مومای يۈلەنچۈكلۈك ئۆزۈن بەندىگەندە ئولتۇرىدۇ. بىر بوۋاي كىرىدۇ. ئۇ كۆزەينەك تاقاپ تۇرۇپ بەندىگەندىن ئۆزىگە ئورۇن ئىزدەيدۇ.

بوۋاي: مۇشۇ يەردە ئولتۇرسام بولامدۇ؟

مومای: ئولتۇرۇۋېرىڭ، ئولتۇرۇۋېرىڭ، بوۋا.

بوۋاي: نېمىشقا مېنى بوۋا دەيسىز، سىزدىن ياشراق بولسام كېرەك، موما.

مومای: دۇنيادا بەندىگىنى كۆزەينەك بىلەن ئىزدىگەننى بارمۇ؟

بوۋاي: ئالدىرىماڭ، ئالدىرىماڭ، كىم بولىسىز، ئاۋازىڭىز بەكمۇ تونۇشتەك قىلىدۇ.

مومای: ئانكىت تولدۇرماقچىمىسىز. ئېتىم خەدىچە، قورغانتېگى! مەھەللىسىدىن بولىمەن، مەنسۇربايىنىڭ قىزىمەن. بولدىمۇ ياكى يەنە سۆزلەيمۇ؟

بوۋاي: هوي، بولدى، بولدى. مانى قاراڭلار، خەدىچە بولامسەن؟ ۋاي سەن هايات ئىكەنسەنغۇ.

مومای: ئېمىشقا مېنى سەنلەيسىز. ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

بوۋاي: تونۇمىدىڭمۇ؟ مەن ئاشىقى بىقارارىڭ مۇقىمجانمەنغۇ. ئېتىمنى ئېيتالماي ماقامجان دەيتىڭغۇ، ئەمدى ئېسىڭگە كەلگەندۇ؟

مومای: ماقامجانمەن، دېگىن. مەن سېنى ئازادلىقتىن ئاۋۋال ئۆلۈپ كەتكەن، دەپ يۈرەتتىم. مانى قارا، هايات ئىكەنسەن، ئۆلمەپسەن.

بوۋاي: نېمىشقا ئۆلىمەن؟

مومای: كۆپ چېكەتتىڭ - دە، چىلىمنى قالتىس غولدۇرلىتاتتىڭكى...

بوۋاي: كېيىن پاپىروس چېكىشكە ئۆزگىرىۋالغانمەن، شورى - مورى دېگەن پاپىروس چېكەتتىم.

مومای: هېلىمۇ ئاشۇ ساۋاتسىزلىقىڭ تۈگىمەپتۇ. شورى - موري ئەمەس، چېرنوي موري دېيىش كېرەك.

بوۋاي: بەرىبىر، ئوخشاش گەپ. چېكىشنى بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئاۋۋال تاشلىۋەتكەنمەن.

مومای: تۇقسەنگە كىرمەي تۈگىشەپسەن، كۆزۈڭدە قوش كۆزەينەك، قولۇڭدا هاسا، بېلىڭ مۈكچىيىپلا قاپتۇ. قولىقىڭدا ئاڭلىغۇچ بولمىسا مۇرەڭدە ئاتوم بومبىسىنى پارتلاتسىمۇ ئۇيمىغىدەكسەن.

بوۋاي: مۇنداق تېز قېرىمايتتىم، خوتۇنۇم رەھمەتلىك يامان ئىدى - دە.

مومای: ئەرلەرنىڭ هەممىسى شۇنداق. باشقا خوتۇننى كۆرسە، دەرهال ئۆزىنىڭكىنى يامانلايدۇ.

بوۋاي: ۋاي، بۇ، مۇنداق دېگىن، ئېرىڭ ساق - سالامەت يۈرەمدۇ؟ ئېتى نېمە ئىدى، هە تاپتىم، ئاروپ قېرىق، ناسۋالچى ئىدى - هە؟

مومای: بىر قېتىم ناسۋال سېتىپ قويغىنىغا ناسۋالچى بولۇپ قالامدۇ؟ رەھمەتلىك بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئاۋۋال ۋاپات بولدى. ئۈچ ئوردېنى بار ئىدى، كاستيۇمىغا قاداپ قويدۇم. سېنىڭ نەچچە ئوردېنىڭ بار؟

بوۋاي: خوتۇنۇمنىڭ ئىككى ئوردېنى بار ئىدى. يېقىندا ۋاپات بولدى. خەدىچە، كەل سەن تۇل، مەن بويتاق ئىكەنمىز، هېلىقىدەك تېپىشىۋالايلى.

مومای: ۋاي، نېرى بارە لاۋزا... نەۋرىلىرىمگە نېمە دەيمەن، چەۋرىلىرىمگە نېمە دەيمەن، قۇدىلىرىمغا نېمە دەيمەن؟

بوۋاي: هەي، خەدىچە، هەر ئىككىمىزنىڭ هوزۇر - هالاۋىتى ئۆزى ئۈچۈن باشتىلا ماقۇل دېگەن بولساڭ، قوش كەپتەر بولۇپ يۈرەتتۇق.

مومای: بوشاڭ ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەندىن كېيىن ئەھۋال شۇ. ماقامجان.

بوۋاي: بوشاڭغۇ ئەمەس ئىدى، ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمنى داداڭ قولىغا تاياق ئېلىپ قوغلىۋەتتى-دە.

موماي: ئېلىپ قاچساڭ ئۆلەتتىڭمۇ.

بوۋاي: كەمبەغەللىك قۇرۇپ كەتسۇن. قانداقمۇ ئېلىپ قاچىمەن. ئېلىپ قېچىپ قانداقمۇ باقىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېشەك بىلەن قانداق ئېلىپ قاچىمەن.

موماي: بۇ يەردە نېمە قىلىپ سۆرۈلۈپ يۈرۈيسەن؟

بوۋاي: بىر نەۋرەم ئەرەبىستاندا تەرجىمان، يەنە بىرى كۇبادا. ئۇ: «بوۋا، سۈرىتىڭىزنى ئەۋەتىڭ» دەپ خەت يېزىپتۇ، سۈرەتكە چۈشكىلى كېلىۋېدىم.

موماي: سۈرەتكە چۈشسەڭ بۇ يەرگە نېمە دەپ كېلىپ يۈرىسەن؟ بۇ سۈرەتخانا ئەمەس، سابىس — پېنسىيەنى ئۆستۈرىدىغان ئىدارە. پېنسىيەم يېتىپ ئېشىۋاتاتتى، پوچتىچى قىز، ئانا، كېنىشكىڭىزنى ئېلىڭ، پېنسىيىڭىز ئۆستى، دېدى. شۇنىڭغا كەلگەنىدىم.

بوۋاي: بۇ يەر سابىس ئەمەس، سۈرەتخانا.

موماي: ياق، سابىس.

بوۋاي: كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىڭنى بىلىپ قوي. ئالدىڭدا ئەمگەك قەھرىمانى، پېشقەدەم مۇقىمجان ئولتۇرىدۇ.

موماي: ۋىيەي مانىڭ ماختانچاقلىقىنى قاراڭلار، قەھرىمان سەنلىمىدىڭ، مانا مەنمۇ «قەھرىمان ئانا». مەن ئۆزۈمنى ماختىغىنىم يوقتۇ؟

بوۋاي: مۇنداق دېگىنە. ماڭا قارا خەدىچە، كەل ئىككىمىز ھېلىقىدەك تېپىشىۋالايلى. قوش قەھرىمان بولۇپ يۈرۈيمىز.

موماي: ۋاي، نېرى بار، تېتىقسىز. گېپىڭنىڭ تايىنى يوق.

بوۋاي: شەھلا كۆزلىرىڭ كۆزۈمگە ئۇيقۇ بەرمەيتتى. قەلەمدەك قاشلىرىڭ يۈرىكىمگە خەنجەردەك سانچىلاتتى. قېنى قاشلىرىڭنى كۆرەي. (قارايدۇ.) ۋاي، قېشىڭ قېنى، تۈگەپسەنغۇ. ئالمىدەك يۈزۈڭ مېنى ساراڭ قىلاتتى. قېنى يۈزلىرىڭنى بىر كۆرەي. (قارايدۇ.) يۈزۈڭ قېنى. شاپتۇل قېقىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ قاپتۇغۇ. . .

(شۇ چاغدا يات بىر يىگىت ئۆتۈپ قالىدۇ.)

يىگىت: نېمىدەپ تەگىشىۋاتىسىلەر؟

موماي: پېنسىيە مەسىلىسى بىلەن كەلگەنىدىم.

بوۋاي: سۈرەتكە چۈشكىلى كەلگەنىدىم.

يىگىت: ماۋۇلارنىڭ گېپىنى، توۋۋا بۇ يەر سۈرەتخانىمۇ ئەمەس، سابىسمۇ ئەمەس.

موماي: ئەمىسە بۇ يەر قەيەر؟

يىگىت: بۇ يەر زاگس — نىكاھ خېتى ئالىدىغان يەر.

بوۋاي: خەدىچە، خۇدانىڭ شەپقىتىنى كۆردۈڭمۇ؟ نىكاھ خېتى ئالىدىغان يەرگە ئۆز ئايىغىمىز بىلەن كېلىپ قاپتىمىزغۇ. ماڭ، رويخەتتىن ئۆتۈپ چىقايلى.

موماي: ۋاي، نېرى تۇر، ئەقىلسىز، قېرىدىغىنىنى تۇيمىغان لاۋزا. (مۇكچىيىپ چىقىشقا باشلايدۇ.)

يىگىت: مومىيىڭىزمۇ ئۇ، بوۋا، ئاچچىقلاپ قالدىغۇ.

بوۋاي: مومىيىم بولاتتى، بولماي قالغان. (مومايىنىڭ كەينىدىن) كېلىشكەن قامەتلىدىن مۇقىمجان ئاكاڭ ئايلانسۇن! بىر كۈن ئەمەس بىر كۈن ئىشقىڭدا تۈگىشىمەن. 70 يىلدىن بېرى چۈشۈمگە كىرىۋاتىسەن، بىۋاپا خەدىچە. يۈرىكىم كۆيۈپ كېتىۋاتىدىغۇ، بىۋاپا!

يىگىت: بىر پىيالە مۇزدەك «تاشكەنت سۇيى» قۇيۇپ بېرەيمۇ؟

بوۋاي: مەيلى، بالام. ياق، ياق، ئانىڭنىم قوزغىلىپ قالمىسۇن.

يىگىت: ۋاي، ئانىڭىڭىز بارمۇ؟

بوۋاي: ئانىڭىنىڭ ئۆزى بولسىمۇ مەيلىدى، زىققام بار. مېنى سالامەتلىكىمدىن ئىلوگەشتۈرگەن مانا مۇشۇ خوتۇن.

يىگىت: (زالغا قاراپ.) بىردىنچى مۇھەببەت سۆت بىلەن كىرىپ جان بىلەن چىقىدۇ، دېگەن گەپ راست ئىكەن.

بوۋاي: (قولىقىدىكى ئاڭلىغۇچنى تۈزەتكەچ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ.) نېمە دېدىڭ، سۆت دېمەمسەن؟ مەيلى، ئىسسىقراق بولسا بولۇۋېرىدۇ.

## قولى قىچىشقان بوۋاي

سومكىا كۆتۈرگەن سادىر كىرىدۇ.

بوۋاي - موماي تاكاللىشىپ قېلىشقان بولسا كېرەك، مومايىنىڭ ئاۋازى باشقىچە.

سادىر: ئەسسالامۇئەلەيكۇم موما، تىنچ تۇردىلىمۇ؟

موماي: نەدىكىنى، مۇدىر بالام، جېنىمدىن تويۇپ كەتتىم.

سادىر: ئامان - ئېسەن بولسىلا بولدىغۇ؟

موماي: ئۆزىڭىزنى بىلمەسكە سېلىۋالماڭ، مۇدىر بالام. يازغان ئەرزىمنى ئوقۇغانسىز.

سادىر: ھە، شۇ ئەرزىڭىزنى ئوقۇپ كېلىشىم، ئۆزى قېنى؟

موماي: (ئاچچىقلىنىپ) ئىچكىركى ئۆيدە ياتىدۇ. قاپىقىدىن قار ياغىدۇ. بايا قاملاشمىغان گەپلەرنى دەپ مېنى جىلە قىلىپ كېزىپ كەتتى.

سادىر: چاقىرىۋەتسىلە بوۋاينى ...

موماي: سۆزلەشمەيمىز، ئۆينى ئايرىۋالغان. ئۆزىڭىز چاقىرىڭ. بىزنى ئايرىم قىلىپ قويۇڭ، ئاپامنىڭكىگە كېتىمەن.

سادىر: ئېغىر - بېسىق بولۇڭ، ئانا، ئېغىر - بېسىق. يەتتە نەۋرە، ئۈچ چەۋرە كۆرۈپ ئاجرىشامسىز؟ 60 يىل بىللە ياشاپ ئەمدى راھەت كۆرىدىغان چېغىڭىزدا - ھە؟ كۈيئوغۇللىرىڭىز، كېلىنلىرىڭىز، قۇدىلىرىڭىز نېمە دەيدۇ؟

موماي: ھەي، ھەر كىمنىڭ ئۆز كۆڭلى ئۆزىگە ئىكەن. ھەممىسى ئۆز يولىنى تېپىپ كەتتىكەن. مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا. ھەممىسى ئۆز بالا - چاقىسى بىلەن ئاۋارە.

سادىر: (ئىچكىركى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ) ئېرگەشباي ئاتا! ھەي، ئېرگەشباي ئاتا!

ئېرگەش: (ساقىلىنى سىلاپ چىقىدۇ.) ھە - ھە، ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مۇدىر ئوغلۇم. ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ؟ زاۋۇتلار گۈپۈلدەپ ئىشلەۋاتامدۇ؟

سادىر: زاۋۇت بەش يىللىق پىلاننى ئورۇنداپ بولغىنىغا ئالتە ئاي بولدى. ئۆزىڭىز قانداقراق، سالامەت تۇرىدىغانسىز؟

ئېرگەش: ساغلاملىقىمغۇ ساغلاممەن. ئۆي ئىچى تىنچ ئەمەس، ئاجراشماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز. زاۋۇتنىڭ كوللېكتىپ ياتىقىدىن بىر ئېغىز ئۆي ئېلىپ بېرىڭ، كېتىمەن.

سادىر: سىلەرنىڭ ئىشىڭلار قىزىققۇ؟

ئېرگەش: نەۋرىلىرىمنىڭكىگە باراي دېسەم، يۈزۈم چىدىمايدۇ. ياخشىسى كوللېكتىپ ياتاق. بىر چاپاننى مورەمگە ئارتىمەنۇ ھايت - ھۇيت دېگۈچە چىقىمەن، كېتىمەن.

موماي: مەن ئۇنچىقماي ئولتۇرىدىكەنمەندە، مەنمۇ كېتىمەن، ئانامنىڭكىگە كېتىمەن.

ئېرگەش: ئاناڭنىڭ قاپىقى ئارتىپ تۇرغاندۇ، ئاناڭ بۇ يىل توقسەن ئالتىغا كىردى، كۆزى كۆرمەيدۇ، قۇلىقىمۇ ئاڭلىمايدۇ. بارساڭ تونامدۇ - تونۇمامدۇ؟

موماي: تونۇيدۇ، نېمىشقا تونۇمايدىكەن! ئۆز بالىسىنىمۇ تونۇمامدۇ؟ ئاۋازىمنى ئاڭلىمىسا، يۈزۈمنى كۆرەلمىسىمۇ ھىدىمدىن بىلىدۇ.

ئېرگەش: سەندە ھىد بارمۇ؟ بەدىنىڭدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى بىكىتى

ئىسىدىق بىسىلەن ئاددىي ئەتىرنىڭ ھىدى پۇرايدۇ.

سادىر: ئۇششاق ئىشنى قويۇڭلارچۇ، زادى نېمە ئىش؟ غوۋغا نېمىدىن باشلاندى؟

ئېركەش: ئۇ ئېيتسۇن.

موماي: ئېيتمايمەن.

ئېركەش: ئېيتمىۋەر، ئېيت.

موماي: ئۇنىڭ بۈگۈن پېنسىيىگە چىققىنىغا توپتوغرا سەككىز ئاي يەتتە كۈن بولدى. يەتتە ئايدا يەتمىش يىللىق جېنىمنى ئالدى.

ئېركەش: تۆھمەت قىلما، توغرىسىنى ئېيت.

موماي: توغرىسىنى ئېيتىمەن. ئالغان پۇلىنىڭ بەرىكىتى يوق، راسخوتىمىزغا يەتمەيدۇ.

ئېركەش: ئۇنداق دېمە، نومۇس قىل، يۈز يىگىرمە سوم پېنسىيە پۇلى ئالىمەن. ھۆكۈمەت مەندىن باج ئالمايدۇ. گازمۇ تەل، ئېلېكترمۇ تەل، ئۆيمۇ تەل، ترامۋاي، ئاپتوبۇسلار تەل. نېمىشقا پېنسىيە پۇلۇم يېتىشمەيدىكەن؟ ئۇنداق خاتا سىياسىي گەپلەرنى قىلما.

موماي: ئالدىرىماي تۇرۇڭ، ھېسابلاپ بېرەي، يۈز يىگىرمە سومىڭىز نېمىگە يېتىدىكەن: بۇ ئادەمنىڭ قولى قىچىشىپ تۇردۇ. قولىغا نېمە چۈشسە ئىچىنى كولايدۇ. بىلمىدىم، ئۇ كىشى ئۆزىنى ئىنژېنېر چاغلامدىكىن؟

ئېركەش: ئىنژېنېر بولمىسامۇ، كاتتا بىر زاۋۇتتا چوڭ ـ چوڭ ماشىنىلارنى باشقۇراتتىم.

موماي: قالتىسكەنسىز، مەن سۆزلىگەندە تىلىڭىزنى تاڭلىيىڭىزغا بېسىپ تۇرۇڭا. تېلېۋىزوردا تامارا خانىمنىڭ كونسېرتى بار، دەپ ئاڭلاپ پولو ئەتتىم، نان پىشۇردۇم، كۆرپە سېلىپ، ئوتتۇرىغا ئاشنى ئۇسۇپ ئېلىپ كەلدىم، كۆك چايمۇ دەملەپ قويدۇم. بۇ كىشى كونسېرت باشلانغان چاغدا تېلېۋىزورنىڭ ئىچىنى كولىغىلى تۇردى!

ئېركەش: لاپ ـ لاپ قىلىۋېدى، ئىككىنچى دولقۇندا نېمە باردىكىن دېدىم.

موماي: ھېچبىر لاپ ـ لاپ قىلمىدى. لاپىلدىغىنى بىلەن ئويۇن باشلانغاندا بىلىنمەيتتى. قاراڭا، بۇرايدىغان جايىغا ئۇزۇن ئەتىۋېركىنى تىقىپ مۇنداق قىلغانىتى، لاپ قىلىپ ئۆچۈپ قالدى. پولو پولولىقىدا، چاي چايلىقىدا قالدى. غەزىپىم قايناپ نەۋرىلىرىمىزنىڭكىگە كەتتىم. مەن بارغىچە تامارا خانىم كونسېرتىنى تۈگىتىپتۇ. ئىسىت، بىر ھەپتە كۈتكەنىدىم! تېلېۋىزورنى توققۇز سومغا بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاران ياساتتىم.

سادىر: شۇنىڭغىمۇ بۇنچىۋالا قىلغان بارمۇ؟

موماي: سەۋر قىلىمىز، بالام. قېرىغاندا سەتلىشىپ كەپتەر باقىدىغان ئىش چىقىرىۋالدى. بالكونغا كاتەك ياسىدى. كەپتەرلەر قىشتا توڭلاپ قالدۇ، دەپ پاراۋايغا تۇرۇبا ئۇلىدى. ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلىپ قېلىپ، نوغاي ئۇستامنى باشلاپ كەلدى ـ دە، بۇزدۇرۇۋەتتى. قىرىق سوم جەرىمانە تۆلىدىم. بۇمۇ تۈگىمىدى. ئاشخانا تېمىنى تېشىپ، ئاۋۇ ئىس تارتقۇچنى ئورنىتىۋاتقانىدى، كوچا تەرەپ دېپ، قوشنىمىزنىڭ ئاشخانىسىغا تۆشۈك ئېچىپ قويۇپتۇ. يېرىم خىش ئۇلارنىڭ قازىنىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئالا چوقان باشلاندى. ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە ئوتتۇز سوم جەرىمانە ئالدى.

ئېركەش: ئاشخانا بۇس بولمىسۇن، دېگەنىدىم ـ دە، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان.

موماي: ھېچبىر بۇس چىقمايتتى، سىلى نەدىن بىلىدىلا، ئايدا بىر قېتىممۇ ئاشخانىغا كىرمەيدىلا ... راۋرۇس مېڭىۋاتقان تام سائىتىنى تاتىلاشتۇرۇپ ماڭمايدىغان قىلىپ قويدىلا.

ئۆرگەش: «كاككۇك» دەيدىغان قىلىپ ئوقۇشاي دېۋىدىم.

موماي: ئەنە، كاككۇكى چىقتى، ئوڭلاتقۇنى تۈزەيمەن دەپ بۇزۇپ قويدى.

ئۆرگەش: بۇزغىنىم يوق، پەقەت ئازراق گۈركىرەيدىغان بولۇپ قالدى، خالاس.

موماي: ھە، گۈركىرىمەي ئۆلسۇن. بىر گۈرۈلدەيدىغان بولسا، قوشنىلار «داد» دەپ كېتىشىدۇ. بۇرۇن سوۋۇتاتتى. ئەمدى ئىچىگە نەرسە قويسام قاينايدىغان بولدى. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي كىرئالغۇنى كولاپ باقتى.

ئۆرگەش: سوپۇن ئىشلەتمەي، كىر يۇيىدىغان قىلماقچى ئىدىم.

موماي: مانا ئەمدى ۋاننىنى كۆرۈڭ. كىر ئالغۇنى نەرسە - كېرەك ساقلايدىغان تۆمۈر بوچكا قىلىپ قويدى، ئىچىگە پۇرچاق سېلىپ قويدۇم. دەزمالنىمۇ بۇزدى. كىيىم تىككۈش ماشىنامنى بۇزدى. بولۇپمۇ گازپلىتىنى كولاشتۇرغىنىغا زادىلا چىدىيالمايمەن. نېمە قىلدى دەڭ، گاز يولىنى ئۇمۋالنىككىچە ئاپىرىپ، چاي قايناتقاندا ئۇمۋالنىككە چۈشىدىغان قىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ چايمۇ قاينىمايدىغان، ئۇمۋالنىكتىنمۇ سۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئادەم كېلىپ يەتمىش سوم جەرىمانە قويدى، گازنىمۇ توختىتىۋەتتى. قوشنىلارنىڭكىدە تاماق ئېتىپ يۈرىمەن. ئىشكنىڭ قۇلۇپىنىمۇ بۇزدى. يەنە ...

ئۆرگەش: ئاچقۇچ سالغاندا مۇزىكا چېلىنىدىغان قىلماقچى ئىدىم.

موماي: ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ دۇكانغا چىقسام ئىشكنى ئېتەلمەيمەن، قولىياغلىقىم بىلەن تۇتقۇچىدىن باغلاپ قويۇۋاتىمەن. تېلېۋىزورىمىزنىڭ بۇزۇلغىنىغا ئۈچ كۈن بولدى. رەڭلىك قىلىمەن، دەپ بىر يەشىك نەرسە كۆتۈرۈپ كەلدى - دە، ئىچىنى قۇرۇقداپ قويدى. بۇلتۇر «تاھىر - زۆھرە» قويۇلىدىغان كۈن، قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كۆرەلمىدىمەن؟ ۋاننىنى بۇزۇلغان، قازان تېشىلگەن، ئۇمۋالنىك بۇزۇلغان، سائەت بۇزۇلغان، سائەت قانچە بولدى، دەپ ئۇ قوشنامدىن سورايمەن، چاي قاينىتىۋالاي، دەپ بۇ قوشنامغا كىرىمەن. دەزمال سوراپ ئالتىنچى قەۋەتكە چىقىمەن، كىر يۇيۇۋالاي، دەپ بىرىنچى قەۋەتكە چۈشىمەن، يۇزۇمنى يۇيۇۋالاي، دەپ ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشىمەن. تۆنۈگۈن ئۆزىگە ئوخشاش پېنسىيىگە چىققان بىر كىشى بىلەن لېفىتقا قوڭغۇراقلىق تۈگمە ئورنىتىمىز، دەپ مەسلىھەتلىشىۋاتىدۇ. مانا ئەھۋالىم. سادىغاڭ كېتەي جۆدىر، يۈز يىگىرمە سوم پېنسىيىنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇز سوم قوشۇپ جەرىمانە تۆلەۋاتىمەن.

ئۆرگەش: ئوتتۇز سوم ئەمەس، ئون بەش سوم قوشقاندۇرسەن.

سادىر: ئاتا، بۇ قانداق بولغىنى، مۇنداقمۇ بولامدۇ؟

ئۆرگەش: بولمىسا قانداق قىلاي، ئۆمۈرۋايەت زاۋۇتتا ئىشلىگەنمەن. تېخنىكىنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن. بىكار ئولتۇرامدىمەن؟ چايخانىغا بارمايمەن، رېستورانىنى يامان كۆرىمەن، تانسىغا قىزىقمايمەن، پۇتبول ئويۇنى دېسەم مادار يوق، نېمە قىلىشىم كېرەك؟

موماي: ھۆكۈمەتكە دۇئا قىلىپ، ئۆيدە خاتىرجەم ئولتۇرۇڭ، ياخشى - ياخشى تاماقلار قىلىپ بېرەي، يېڭىچە تېلېۋىزور كۆرۈڭ، دېسەم زادى ئۇنىمايدۇ، ئۆزى بىلگىنىنى قىلىپ يۈرگەن. كېتىمەن، ئاناڭنىڭكىگە كېتىمەن. جېنىمدىن تويدۇم. نەۋرىلىرىدىنمۇ خىجىلمەن. «ۋولگا» ماركىلىق رادىئونى بۇزۇپ قويدى. كۈيئوغلۇمنىڭ ئۈنئالغۇسىنى ئايلانمايدىغان قىلىپ قويغىنىغا ئىككى ئاي

بولدى، قېچىپ يۈرىمەن. مېھمانغا بارساق يۈرىكىم پوكۇلداپ تۇرىدۇ. بىرەر نەرسىگە تەگمىسۇن، دەپ يېنىدا مىدىرلىماي ئولتۇرىمەن.

سادىر: بولدى. چارىسىنى تاپتىم. زاۋۇت كۇلۇبىغا مائاشسىز باشلىق قىلىپ بەلگىلەيمەن.

مومای: ياشاپ كېتىمىك، ئۆلمەك! ئەگەر مۇشۇ گېپىڭىز راست بولسا، بىر تون كىيدۈرىمەن.

سادىر: تونىنى ئېلىپ چىقىمىك.

ئېرگەش: ئەگەر شۇ گېپىڭىز راست بولسا، بېلىڭىزغا پوتا باغلاپ، بېشىڭىزغا دوپپا كىيدۈرىمەن.

سادىر: قېنى يۈرۈڭ، ئاتا!

مومای: ئەتىگەن سائەت توققۇزدا كېتىپ ئالتىدە كەلسۇن، چۈشلۈك تامىقىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن.

سادىر: كەتتۇق. (چىقىپ كېتىدۇ.)

مومای: (يالغۇز) مۇدىر بولساڭ بوۋاينى باشقۇر؛ كۇلۇبتا كىنو ئاپپاراتىڭنى تېشىپ، پىئانىنوينىڭنى بۇزۇپ، رادىئوينىڭنى چۇۋۇغاندا بىلمەسەن باياقى گەپلىرىڭنى؟ ۋاي ئۆلەي، ۋاي ئۆلەي، قۇلاقچىسىنى كىيەلمەي كېتىپتۇ، سوغۇق تېگىپ قالمىغىدى - ھە! چۈشلۈككە مېچىنەرسە ئالماپتۇ. دەرھال قاتلىما قىلىپ، كەينىدىنلا يېتىپ بارىمەن. بىچارە بوۋىيىم ئىشقىلىپ كۇلۇبتىن قوغلانمىسا بولاتتى. (يۈگۈرۈپ بېرىپ دېرىزىدىن تۆۋەنگە قارايدۇ.) ھەي، ماڭا قاراڭ، ئىشتىن كېيىن سوكۇلداپ يۈرمەي، دەرھال قايتىڭ، كەچ قالسىڭىز مەندىن كۆرگىلىكىڭىز بار! ئۆتۈكىڭىزنى مايلىۋېلىڭ. ساتراشقا كىرىڭ. يېنىشىڭىزدا ئىككى بولاق پەمىل چاي ئالغاچ كېلىڭ. ئاڭلىمىدى، گاس، گاس قېرى! گاس بولسىمۇ ساق بولسۇن بوۋىيىم. ئازراق خېمىر يۇغۇرۇپ، قاتلىما قىلىپ ئېلىپ باراي بوۋىيىمغا. (ئاشخانىغا كىرىپ كېتىدۇ. تېگى تۆشۈك جاۋۇر كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.) ۋاي ئۆلەي، خېمىر جاۋۇرۇمنىڭمۇ ئوتتۇرىسىنى تېشىپ قويۇپتۇ. بىر ئەپلىكلا ئويۇپ ئالغىنىنى، توۋا!!

## لامپا شىشىسى

(باشلىق كۈنۈپكىنى باسىدۇ، كاتىپ قىز كىرىدۇ.)

باشلىق: بۆلگۈنكى مەجلىسكە نوچىنىمۇ چاقىرىڭ!

قىز: نوچى دېگىنىڭىز كىم؟

باشلىق: ئالتە يىلدىن بېرى مۇشۇ ئىدارىدا ئىشلەپ، نوچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ نوچى پالانىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى خالتايېۋ - دە.

قىز: شۇنداقمۇ؟ خەۋىرىم يوق ئىكەن. يەنە كىمنى چاقىراي؟

باشلىق: قىلتىرىقنى، مەللىنى، جىبىلە جىبانىنى، بورۇنبايىنى، چارلىز چاپلىنىنى، پېتر پىرىنچىنى، نەسىرىددىن ئەپەندىنى، شۇ - شۇ ئەپەندىنى، قىزىقچىنى، خورازنى، ئۇلىماچاچىنى — ھەممىسىنى چاقىرىڭ.

قىز: كەچۈرىسىز، يولداش مۇدىر، ئېيتقان ئادەملىرىڭىزنىڭ بىرەرىنىمۇ تونۇمايدىكەنمەن.

باشلىق: ۋاي، سىز بۇ ئىدارىدا نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز؟ مۇھىم مەسئۇل خادىملىرىمىزنىڭ بىرەرىنىمۇ تونۇمىسىڭىز قانداق بولغىنى.

قىز: ۋاي ئۆلەي، بىرەرىنىمۇ تونۇسام كاشكى.

باشلىق: ئولتۇرۇڭلار، مەن سىزگە بۇ يولداشلارنى بىر تونۇشتۇرۇپ قوياي، قىمىز، قەلەم ئېلىڭ، ھەممىسىنى لۇغەت قىلىپ يېزىۋېلىڭ. شۇ چاغدىلا زادى ئۇنتۇپ قالمايدىغان بولىسىز. قىلتىرىق-كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئورۇق ئىسابايېۋ؛ مەللە-كاسىر، ساپسېرىق-پولاتوۋ، جىنەلە جۇبان-كۆك شىم، قىزىل كۆڭلەك كىيىپ، ئالا گالىستۇك تاقاپ يۈرىدىغان ھەمرايېۋ، بۇرۇنباي-مېنىڭ مۇئاۋىنىم-بۇرنى چوڭ كەردەۋۇ؛ چارلىز چاپلىن-بۇرنىنىڭ تېگىدە كىچىك بۇرۇتى بار موللابايېۋ؛ پېتىر بىرىنچى-باش بوغالتىر پېتىر ئىۋانوۋىچ؛ نەسىرىدىن ئەپەندى-خەت-چەك باشقۇرىدىغان خادىمىمىز، قىزىقچى كىشى بارغۇ، ھە، ئېتى نېمە ئىدى، ئەتتىگە؛ ھە، شۇ-شۇ ئەپەندىمنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئىككى سۆزىنىڭ بىرىدە شۇ-شۇ، دەپ تۇرىدىغان ھېلىقى قاسىمخانوۋ، ھە شۇ؛ زاكىلىقچى-مېنىڭ شوپۇرۇم مەھەممەت؛ خوراز-پېشانىسىدا قىزىلى بار ئاكا؛ ئۇلىما چاچ-ئاۋۇ پراكتىكىغا كەلگەن خۇررەمخان. بولدىمۇ؟ تونۇدىڭىزمۇ؟ ئەمدى يادىڭىزدىن چىقمىسۇن، بولامدۇ. مانا بۇ لۇغەت-رويىخەتنى ئۇستىلىڭىزدىكى ئەينەكنىڭ تېگىگە باستۇرۇپ قويۇڭ. بېرىڭ، شۇلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىڭ. سائەت ئۈچتە ھازىر بولۇشسۇن. قىسقىغىنە يىغىنىمىز بار. (قىز چىقىپ كېتىدۇ.) بۇ بىر بىپەرۋالىقمۇ، بىپەرۋالىق. ئادەم بالىسىغا ئازراق يەم-پاراسەت دېگەن نەرسىمۇ كېرەكتە. (ئۆزلۈكسىز تېلېفون جىرىڭلايدۇ، باشلىق كونۇپكىنى باسىدۇ. قىز كىرىدۇ.)

باشلىق: بۇ نېمە گەپ؟ باياتىن بېرى تېلېفون جىرىڭلاۋېرىپ قۇلاق-مېڭەمنى يەپ كەتتى. تۈرۈپكىنى ئالسىڭىز بولمامدۇ؟

قىز: ئېلىۋاتىمەن. ئېلىپ جاۋاب بېرىۋاتىمەن. ھەدەپ چاقىرىۋېرىدۇ.

باشلىق: كىم؟

قىز: كىملىكىنى بىلمەيمەن. سامساق-پىياز بارمۇ دەيدۇ، يوق، دېسەم، يەنە چاقىرىدۇ. ھەيرانمەن، بىزنىڭ ئىدارىدا سامساق-پىياز نېمە قىلىدۇ؟ يوق دېگىنىمگە قارىماي جىرىڭلىغىنى جىرىڭلىغان.

باشلىق: (كۆزلىرىنى ئالاق-جالاق قىلىپ) شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا، تۈرۈپكىنى سىز ئالماڭ، ئۆزۈم ئالىمەن.

قىز: خوپ. (شۇ چاغدا تېلېفون يەنە جىرىڭلايدۇ، قىز تۈرۈپكىنى ئالىدۇ-دە، باشلىققا ئۇزىتىدۇ.) ئېلىڭ، يەنە سامساق-پىياز دەۋاتىدۇ.

باشلىق: (تۈرۈپكىنى قولىغا تۇتۇپ) ھازىر، مەن. (قىزغا سىز چىقىپ كېتىۋېرىڭ، دېگەن ئىشارىنى قىلىدۇ.) ھە؟ ئۆزۈممەن سامساق-پىيازمەن. ئۆزۈڭ كىمسەن؟ شاپتۇل قېقى؟ ئابلا، ئاغىنە، ياخشىمىسەن؟! (قىز ئىشىك تۈۋىدە ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تۇرىدۇ.) تونۇمىغان-دە، سېنى تونۇمىغان. ئاشۇ كاتىپىم بولامدۇ، بىلىسەن، لامپا شىشىسىگە ئوخشايدىغان، ھە، ئاشۇ لامپا شىشىسى.

قىز: ۋاي، توۋا، مېنىڭمۇ ئېتىم ئۆزگىرىپ قالغانىكەنغۇ، خەۋىرىم يوق ئىكەن، لامپا شىشىسى. (ئۇياق-بۇيېقىغا قارايدۇ.) زادى ئوخشىمايمەنغۇ؟

---

ئاپتورنىڭ ئۆزبېكچە ئۈچ توملۇق «تاللانما ئەسەرلەر»ىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ



نىزامىددىن ھۈسەيىن

## 7. ئالدام كەشپىياتچىلىرى

### 1. «ئەۋلىيا» لىقتىن ئەجدىھالىققىچە

مىلادى 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن بىزنىڭ يۇرت - ماكانلىرىمىزدا «سەئىد» ۋە «سەئىد ئەۋلاد»لىرى كۆپىيىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدىكى، خۇددى «تەزكىرەئى پىرياران»دا كۆرسىتىلگەندەك: «... سەئىدلەر ئەۋلادى يوق بىرمۇ چاقار (كىچىك مەھەللە — ئا)، سەئىد يوق بىرمۇ كەنت، دېرەي يوق بىرمۇ مۆمىن ئائىلىسى قالمىغان... يەكەندىكى دىن چوڭلىرىنىڭ بىرمۇ سەئىد ئەمەسى يوق... قەشقەر، يېڭىسار، پەيزاۋات، مارالبېشى مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەممىسىلا «ئاق پەرلىق، ئاق مۇرت»... ئاقسۇ، كۇچا، كۆھنە، تۇرپان... تەرەپلەردە يۇرت - ئەل سورىغۇچىلارنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاقلىرىدىن تاكى ئەل - يۇرت چوڭلىرىغىچە بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىلا سەئىد ئەۋلادلىرى - ئەزىزلەر... خوتەن ئەھلى، قۇم ئەھلى (چاقىلىق، چەرچەنلىكلەر كۆزدە تۇتۇلغان — ئا)، قاراقۇز، قاراكۆل تاغ... ئەھلىلىرى (ھازىرقى قاراقۇرۇم، كۇئىنلۇن تاغ ئاھالىلىرى كۆزدە تۇتۇلغان — ئا) سەئىد ياكى سەئىدلەر ئەۋلادى ئەزىزلەردىن بولىدىغان ھەر قانداق ئاددەي ھۆكۈمرانىنىڭ ئەمىرى دالالەتلىرىنى قۇللاقلىرىدا تۇتمايدىغان...» بولۇپ كېتىشكەن. دېمەك، «سەئىد»لىك ياكى «سەئىد ئەۋلادى»لىق پۇل تېپىشنىڭ، ئەمەل تېپىشنىڭ، يۈز - ئابروي تېپىشنىڭ ئەڭ ئاسان دەسمايىسى بولۇپ كەتكەن.

تارىختىكى قومۇل خوجىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۆتمۈشىدىن قىسمەن مىساللار بۇ قارىشىمىزنىڭ مىسالى ئۈزۈنەكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، مىلادى 1605 - يىلىدىن مىلادى 1928 - يىلىغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ قومۇل رايونىغا ئاتالمىش «پەيغەمبەر ئەۋلاد»لىرى — «سەئىد» زاتلاردىن ئون ئەۋلاد خوجا بەگ، خوجا ۋاڭ 223 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. خۇددى قوموللۇق مۇھتەرەم تارىخچى ئىدىب مەرھۇم ئابدۇللا ئەھمىدى تەكىتلىگەندەك: «...ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئەۋلىيا، ياكى «خوجا نەسەبلىرىدىن» («قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»دىن) دەپ ئېلان قىلىشقان «سەئىد»لەر ھېسابلىناتتى. مىلادى 1605 - يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى — مۇھەممەد خان ئۆزى قول بېرىپ «پىر»



* بېشى ئالدىنقى سانلاردا

تۇتقان خوجا شادى خوجىنىڭ يارانى يەكەنلىك سەئىد مۇھەممەد شاھ خوجا بەگ (تارىخ-لاردا «غازى بەگ» دېيىلگەن — ئا)نى قومۇل مۇسۇلمانلىرىغا تۇنجى ھۆكۈمران - بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ «سەئىد» زات قومۇلغا ئاپىرىدە بولۇپ «خوجا بەگ»لىك تەختىگە چىققاندا بىرىنچى بولۇپ قومۇل ئاھالىگە ئەمىرنامە سۈپىتىدە خۇددى «بۇرقۇم ئەۋلىيا»دا تەكىتلەنگەندەك: «...خۇدا يولىدا يەكتان، يەكدىل، ئادىل جاھان تۇتۇشنى، دۇنيا ۋەسۋەسە-لىرىدىن خالى بولماقنى، ھارامى شۆھرەت، مەئىشەت، سەلتەنەت زوراۋانلىقى، زېپتە - زۇلمەتچىلىك، زىنابى گۇناھلاردىن دائىما ھەزەر ئەيلەپ، يىراقلاپ ئۆتمەكنى خۇدالىق-ئۇمۇردۇۋى ۋەدە، ئانت قىلغان...»لىقى ئاياندۇر. يەنە شۇ ئەسەردىن بىلىشىمىزچە: سەئىد مۇھەممەد شاھ خوجا بەگ ئۆزى ئۈچۈن ياساتقان بەگلىك مەھكىمىسىنىڭ قوبۇل خانىسى-نىڭ تۆرىگە مۇسۇلمانلارنى بىلسۇن ۋە ئەمەل قىلسۇن دەپ «قۇرئان كەرىم»دە قەيت قىلىنغان «سۈرە ساد»كە لىمىسىنى يەنى: «...ئەي داۋۇت سېنى بىز زېمىندا ھۆكۈمران قىلدۇق. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللانىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ. ئاللانىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنىنى ئۇنتۇ-غانلىقلىرى سەۋەبىدىن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ...» دېگەن كەلىمە - ئايەتنى ئۆزىنىڭ يۇرتدارچىلىق مىزانى سۈپىتىدە ھەممىدىن ئۈستۈن قىلىپ ئېسىپ قويغانىمىش. لېكىن قومۇلغا تۇنجى ئۇنىڭدىن «خۇدا يولىدا يەكتان، يەكدىل، ئادىل جاھان تۇتۇش»نى دىنىي ئانت ياكى دىنىي شەرت قىلىپ ئىش باشلىغان ئۇ زات ئۆزى «خوجا بەگ»لىكىگە چىققان مىلادى 1605 - يىلىدىن مىلادى 1668 - يىلى- ئۆلگىچە بولغان 63 يىللىق «خوجا بەگ»لىك ئۆمرىدە قومۇل تەۋەلىكىدە پۈتۈن ئۇيغۇر يۇرتلىرى بويىچە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مال-مۈلۈك ئىگىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. «تەزكىرە پىر ياران»دا دەلىل كەلتۈرۈلگەندەك: «بايلىق ئەجدىھاسى، غەنىيلىقتا تەڭداشسىز، ئىرقارا ماللىرىنىڭ دۈمبىلىرىگە تۇغايلار ئۇۋۇلاپ كەتكەن...تۇمەنلىگەن گادايلارنىڭ رىزقىنى تۇتقان سەراسەر (بايلىقتا تەڭدىشى يوق — ئا) مۈلۈكدارغا ئايلىنىپ...» بولغان. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى— «سەئىد» — ئەبەيدۇللا خوجا بەگدىن باشلاپ تاكى مىلادى 1928 - يىلىغىچە 323 يىل قومۇلغا «خوجا بەگ»، «ۋاڭ خوجام»، «گۆك خوجام»، «چىڭۋاڭ خوجام»... بولۇپ ئۆتكەن بىرلا نەسەب ئون ئەۋلاد «سەئىد ئەۋلادى»نىڭ «دىن» قالقىنى ئاستىدا «پىر»لىق، ھاكىمىي ئۇستاتلىق، سىياسەت-ۋازلىق، خەنجەر - قىلىچۋازلىق، قامچا، كىشەنخورلۇق، پۇل - مۈلۈكدارلىق...نىڭ بىرلەشمە گەۋدىسى بولغان ھەر بىر تاجدارنىڭ خۇسۇسىي ئىلكىگە خۇددى ئۇيغۇر تارىخچىسى ھۆر-مەتلىك ئۇستاز موللا مۇسابىنىي خوجا ئەيسا سايرامى بايان قىلىپ ئۆتكەندەك: سانىنى بىلگىلى بولمايدىغان سانسىز ئات پادىلىرى، ھەر بىر قوتىنى 700 دىن 1200 گىچە بولغان 230 قوتاندىن ئارتۇق قوي، بىر بەگ، ئۈچ مىرزا 5 ئايدا خەتلەپ بولالمايدىغان يەنە باشقا تىرىك مال - راۋان، ئاتلىق بىرەر ئاي مېڭىپمۇ ئايلىنىپ بولغىلى بولمايدىغان قىشلاق، يايلاق تەۋە بولۇپ تۇرغان. موللا مۇسا سايرامى مۇنداق يازىدۇ: «گەپنىڭ ھاسىلى شۇكى، قومۇلدا 15 مىڭ ئۇيىلىكتىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. بۇلار: «ھەممىمىز قومۇل ۋاڭىغا ئىشلەيمىز...ئۇلۇغ خان (مانجۇ خانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئا) بىزنى قومۇل زېمىنى بىلەن قوشۇپ قومۇل ۋاڭغا جۇلدۇ - جاساق قىلىپ بەرگەنىكەن. شۇڭلاشقا بىز قۇل قاتارىدا ئىشلەيمىز. جۇلدۇ-جاساق دېگەننىڭ مەنىسى شۇ، دەپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ ... ۋاڭ خوجا ھەر يىلى ئۇلۇغ خاندىن 74 يامبۇ، خان ئاغىچا پۇجۇڭ خېنىم 35 يامبۇ، بىنىر نەچچە

www.uyghurkitap.com

توپ تاۋار، دۇردۇن ... ئېلىپ تۇراتتى... بىر قېتىم بېيجىڭگە بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلىپ كەلگەندە ئاز دېگەندىمۇ 500 يامبۇ پايدا ئېلىپ كېلەتتى...» («تارىخىي ئەھمىدى» 290 ـ ، 292 ـ بەتلەر). بىلىشىمىزچە، بۇ «سەئىد»لەردىن 1876 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە 53 يىل قومۇلغا «ۋاڭ»لىق قىلغان شاھ مەخسۇتنىڭ شەخسىي مال ـ دۇنياسى 36 مىڭ 400 مو ئېكىن يەر، 25 كارىز، 16 باغ، 18 تۈگمەن، 200 قوتاندا 150 مىڭ تۇياق قوي، 5500 تۇياق ئات، 7200 تۇياق كالا، 8000 تۇياق تۆگە، بىر كۆمۈر كان (ھازىرقى تارانچى كۆمۈر كېنى ـ شۇ چاغلاردا بۇ كاندىن ھەر يىلى 67 مىڭ سەر كۈمۈش كىرىم بولۇپ تۇرغانىمىش ـ ئا)، 6 مىليون 500 مىڭ سەر كۈمۈشلۈك سودا تورى، 800 ئېغىزلىق ئۆي ...دىن ئىبارەت بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە 8 چارۋىچىلىق، 14 دېھقانچىلىق مەيدانىمۇ بولغان بولۇپ، خۇسۇسىي باقىبەندە بولۇپ تۇرغان چاكار ئاھالىلەرنىڭ سانى 6485 ئائىلە، 33 مىڭ 725 نوپۇس ئەتراپىدا مۇقىملاشقان.

دېمەك، ئىشنى «خۇدا يولىدا يەكتەن، يەكدىل، ئادىل»لىقتىن باشلاپ، «ئىسلام پېشۋاسى»لىقى، «ئەۋلىيا»لىقى، «سەئىددىل مۇبارەك»لىكى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا بۇقەرىدەك تۇرغۇن «ھالال دۇنيا»، «خۇدا بەرگەن ئادەت»، «ئىززۇۋالى چولك»لىق «تەقدىر» بىلەن نەتىجىلەندۈرۈشكەن بۇ خىل «سەئىد» خوجا ـ ئىشانلارنى ئازراق بولسىمۇ خۇدانى دىلىدا تۇتقان، دېگەندىن كۆرە، پۈتۈن مۇسۇلمانچىلىق قىلمىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھالال قانتەرىنى شوراشقا، دۇنيا يىغىشقا ئاتىغان بايلىق ئەجدىھاسى، زالىم «بولاڭچى» دېگەن تۈزۈك رەكتۇر. ئۇ زاتنىڭ «دىنىي ئەخلاقى»، «دىنىي پەزىلىتى»نىمۇ مۇنداق ئەسكەرتمە قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

1928 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «سەئىد» شاھ مەخسۇت ۋاڭ خوجا ئۆلگەندە ئۇنىڭ «دىنكوي» ـ «سەئىد زادە» ۋارىسلىرى پۈتۈن قومۇل خەلقىگە ئاق ماتەم كىيىمى كىيىشكە، ئۇنىڭ تۇرالغۇسىنى ئاق تور بىلەن يۆگەشكە ... بۇيرۇق چۈشۈرگەن. پۈتۈن قومۇل خەلقى ئۆلۈكنى چىقىرىشقا قوزغىتىلغان. يەتتە كۈنگىچە «ۋاي خوجام» دەپ يىغلىمىغان ھەر قانداق ئادەم قامچىلىنىپ تۇرغان. ئۆلۈك چىقىرىلغاندا موللا ۋە قارىيلار تۈركۈم ـ تۈركۈمى بىلەن ئۈنلۈك ئاۋازدا ئايەت ئوقۇپ ماڭغان ھەم ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، پۈتۈن قومۇل تەۋەسىدە يۈز كۈنگىچە ھېچقانداق ئادەم چاچ ئالدۇرماسلىق، ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلىشماسلىق، توي ـ تۆكۈن، ئويۇن ـ كۈلكە قىلماسلىققا يارلىق چۈشۈرۈلگەن. بۇ «ۋاڭ خوجا»نىڭ ئوغلى نەزەر خوجا توغرىسىدا قومۇللۇق مەرھۇم تارىخچى ئەدىب ئابدۇللا ئەھمىدى ئۆزىنىڭ «ئون ئەۋلاد قومۇل ۋاڭلىرى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «... نەزەر خوجا ناھايىتى تەكەببۇر بولۇپ، قومۇل خەلقىنى قول ئورنىدا كۆرگەن. ئۇ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەن شۆھرەتپەرەست ئادەم بولۇپ، ھاراق، نەشە، پاھىشىغا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن. «خوجا»لىق ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۇنىغا يېقىن كىشىنى ئۆزى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ئوغلى بېشىر خوجىمۇ ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھاراق، نەشە، ئويۇن ـ تاماشىلارغا بېرىلىپ، ئۇمۇ ئۆز قولى بىلەنلا بىر قانچە مۆمىن كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن...» (تارىخىمىزدا ئۆتكەن «ۋاڭ خوجا»لار جۈملىدىن قومۇل، تۇرپان... «ۋاڭ خوجا»لىرى توغرىسىدا باشقا ماۋزۇلىرىمىزدا ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ ئۆتىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە ئارتۇقچە توختالمىدۇق ـ ئا).

«سەئىد» ـ خوجا ـ ئىشانلار تارىختا مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ ئۇچراپ تۇرىدىغان يۇقىرىقىدەك «دىنىي خىسلەت»، «دىنىي ئەخلاق»، «دىنىي ئامەت»، «مەۋقە»لەرنى ھازىرقى چاغلارغىچە

ئۆزلىرىدىنى يەنىلا «سەئىد ئەۋلادى»مىز، «سەئىدلەرنىڭ كۆڭلىدە خۇدادىن باشقا ھېچقانـ
داق غەيرىي نىيەت يوق...» دەپ يۈرگۈچى ئالدامچى سوپىلار بىلەن، ئۇلارنىڭ تەرىپ - تەسـ
ۋىرىنى قىلىشقۇچى كىشىلەر قانداق ھېس قىلىشىدىكىن؟

ئۆزلىرىنى ئاتالمىش «ئەۋلىيا» ياكى «پەيغەمبەر نەسەبلىرى»دىن دەپ پەخىرلىنىشـ
تىن، قۇمۇلنىڭ يەرلىك خەلقىدىن مىجەز، قىلىقتىكى غەيرىلىكى، شۇ يەرگە كىمىدىك قانـ
لىق ئۇيغۇر ئاھالىلىرىدىن ئەجدادى ئەجنەبىيلىك تۈرق - ھالەتلىرى بىلەن پەرقلىنىپ كەلـ
گەن، بىزدىكى ھەر قانداق ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بېشىنى بىچارە، پېقىر، ناتاۋان مۇساپىر، «خۇ-
دايى مۇسۇلمان»، «پىر»لىق بىلەن ھەر قەدەمدە ئون قېتىمدىن «بىسمىللا» ئوقۇپ باشلاپ،
ئاخىرقى نەتىجە - خۇلاسىلىرىنى يۇقىرىقىدەك (قۇمۇل ۋاڭلىرىدەك) «خۇدا بەرگەن ئامەت»،
«ھالال دۇنيا - مەئىشەت»كە يۈكسەلدۈرۈپ ئۇتۇشنى كەسپىي مۇددىئا قىلىشىپ، ئالەمدىن
ئۆتكەن «ۋاڭ»، «گۇڭ»، «بەگ»، «تەيجى كالان» خوجىلارنى ھەم ئۇلارنىڭ يولىنى تىرىلدۈ-
رۈشكە ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن سوپى-زاھىدلارنى قانداقمۇ پەيغەمبەر يولىنى تۇتقان، ئۇنىڭ
ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن. ئۇلارنى تارىختىكى «دىن»دارلار،
«دىنىي زاھىد»لار دېگەندىن كۆرە، توپتوغرا قىلىپ تارىختا بىزنىڭ جاي - ماكانلىرىمىزدا شەـ
كىللەنگەن دىنىي فېئودال ئاقسۆڭەكلىك (ۋاڭلىق) تۈزۈمىنىڭ ئىجادچىلىرى، ئىجراچىلىرى
ھەم «ئاللادىن بېشىمىزنى قىل تەۋرەتمەسلىك» شوئارىنى ئەڭ ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ ئالغان ھارام
لوقمىلىق تويماس ئەجدىھا يىرتقۇچلار دېگەن توزۈكرەكتۇر، ئەلۋەتتە.

## 2. «ئەۋلىيا» — خائىنلار

تارىخىمىزدا ئۆز مەقسەت — مۇددىئالىرىنى كۆزلەپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي تەقـ
دىرى - قىسمەتلىرىگە زىيان سېلىش ھېسابىغا خائىنلىق ئىللەتلىرىنى سادىر قىلىشقان «ئەۋ-
لىيا» — خوجا - ئىشانلار دەرۋەقە ئاز ئەمەستۇر. مەزكۇر ماۋزۇيىمىزنىڭ ئىخچاملىق زۆرۈ-
رىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ھەقتە يېزىلغۇسى مىساللىرىمىزنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، مىلادى
19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا (ئاساسەن مىلادى 1863 - يىلىدىن 1871 - يىلىغىچە بولغان
ئارىلىقتا) ئىلى تەۋەسىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە خائىنلىق
بىلەن قەستۇرۇلۇپ، زىيانكەشلىك قىلىشقان بۇخارالىق «سەئىد» مەھمۇد خوجا بىلەن «سەـ
ئىد» ئەھمەدخان خوجىلارنىڭ خائىنلىق تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايىدۇر.

بىلىشىمىزچە، خائىن خوجا مەھمۇد (بەزى تارىخلاردا پوچى مەھمۇد دەپ يېزىلغان—ئا)
مىلادى 1863-يىلى كۈزدە ئىلىدا سەكسەن ئىككى يىل بويىچە خەلق بىرلىكى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن
ئىلى سۇلتانلىقى(خەلق كېڭەش قىلىپ سايلىغان مۇئەززامخان سۇلتان، ئابدۇرۇسۇل بەگ
ئەمىر بولغان ئۇيغۇر سۇلتانلىقى — ئا) قۇرۇلۇپ، ئارىلىقتىن ئاز كەم ئىككى يىل ئۆتكەنـ
دىن كېيىن (1865 - يىل رامىزاننىڭ 17 - كۈنى شۇ چاغلاردىكى ئىلىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى —
بايانداي سۇلتانلىق كۈچلىرى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن — ئا) ھازىرقى
غۇلجا شەھىرىگە «خۇدايى پەقىر»لىق قىلىپ پەيدا بولغان، كېيىنرەك ئاھالىلەر ئارىسىدا
ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى — «غەۋسۇل ئەززەم» پۇشتىمەن دەپ ئېلان قىلغان («غەۋسۇل ئەز-
زەم» — تەرىقەت مەزھىپىدە بەندىلەرنىڭ دەردۇبارىغا، ئاھۇ - زارىغا يەتكۈچى — ئاللانىڭ
بىۋاسىتە ۋاستىچىسى دېيىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن زاتتۇر. بۇ مەزھەپتىكىلەر ئۇنداق زاتنى
100 يىلدا بىرلا قېتىم دۇنياغا كېلىدۇ، دەپ تەرىپلىشىدۇ — ئا). بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بىر
قىسىم خوجاپەرەست نادان كىشىلەر خوجامغا مۇرت بولۇشقان، ئەگەشكەن، ئۆزلىرىگە «پىر»

قىلىپ، پايقەدەملىرىگە ياندىشىپ، دېگىنىنى قىلدۇرغان، دېگىنىنى بېرىدىغان، سېھىرىدىن چىقماي... دۇئاسىنى ئېلىپ «ساۋاب» تاپىدىغان «ئۇلۇغ خىسلەت»كە تۇتۇش قىلىپ كېتىشكەن. مۇئەززەمخان ھاكىمىيىتى كۈرەنى جۈملىدىن ئىلى تەۋەسىدىكى باشقا جايلارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن جىددىي چارە - تەدبىرلەرنى كۆرۈپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خوجا مەھمۇد ئىلىنىڭ سۇلتانلىق ئەمەلىنى تارتىۋېلىش ھىيلىسىگە كىرىشىپ كەتكەن. «... جەڭ قىلماي تۇرۇپ بىر ئەپسۇن بىلەنلا دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىنى باغلايمەن. بىر سۆز بىلەنلا دۈشمەنلەرنى بېشىنى ئېلىۋەتسىمۇ تۇيمايدىغان قىلىۋاتىمەن...» (ئىلى سۇلتانلىقىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن) دەپ ئۆزىنى كارامەت كۆرسىتىشكە «ئاتاپ» قويغان. ساددا دىل ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ بۇ «كارامەت»لىرىگە ئىشەنگەن. خوجا مەھمۇدمۇ خەلق سېپىدىن ئۆزىگە ئىشەنچىلىك «خۇدايى ياران»لارنى يېتەرلىك تاپقان. ئىلى مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا خېلى بالدۇر باش كۆتۈرگەن مەشھۇر «خوجا ئەھمەدخان ئەۋلىيا» بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ، ئىلى مۇسۇلمانلىرىنىڭ «نىجاد»لىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقان. گەرچە مۇئەززەم سۇلتان بۇ خوجىلارنىڭ ئالدامچىلىقى، سۇيىقەستچىلىكى ئۈستىدە كىشىلەرنى ھوشيار بولۇشقا چاقىرغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر: «بۇ ئالەم ئىشلىرى بىلەن پىرىمىزنىڭ كارى يوقتۇر...» (ئىلى سۇلتانلىقىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن) دېيىشىپ، «ئېتىقاد» بىخۇدلۇقى بىلەن بەخىرامان بولۇپ ئۆتۈۋېرىشكەن. ئاقىۋەت خوجا مەھمۇد بىر مەزگىل تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم «ياران»، «مۇرت»، «ئىخلاسمەن»لىرىنى باشلاپ سۇلتانلىقنىڭ زىندانىدىكى دۈشمەنلىرىنى قارامىلىق بىلەن قويۇپ بېرىشكىچە بېرىپ يەتكەن. ئىنقىلاب سېپى پارچىلانغان.

ئاخىرى خوجا مەھمۇد ئۆز شېرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە تۇيۇقسىزلا مەخپىي ھالدا مۇئەززەم سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان ھەم: «سۇلتان كاپىرلار تەرەپكە يان باستى، سىلەرنى ساتماقچى...» (ئىلى سۇلتانلىقىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن) دېگەن تۆھمەتنى توقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى شەھەرگە ئەۋەتىپ بەرگەن. سۇلتانلىقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن سۇلتاننىڭ ئىلكىدىكى بارلىق بەگ، مىرشاپلارنى «يۇقىرا نامىدىن» بۇيرۇق چىقىرىپ تامامەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سۇلتاننىڭ ئوردىسىنى ئۆز ئادەملىرىگە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدۇرغان. سۇلتاننىڭ ئوغلى 22 ياشلىق خىزىرزاتنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. سۇلتاننىڭ مەشھۇر ئادىمى — ئەئىلا پالۋاننى ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ زىندانغا سالغان. خوجىنىڭ ئادەملىرى يۈز - يۈزلەرگە تارقىلىپ، ھەر قايسى يېزىلارنىڭ ئىلگىرىكى يۇرت كاتتىلىرىنى، سۇلتانغا خىزمەت قىلغان كىشىلەرنى قىرغىن قىلدۇرغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆملۈكنى بۇزغان. يۇرتتا باشباشتاقلىق كۆتۈرۈلگەن. جاي - جايلاردا ئۆلتۈرۈش، كۆيدۈرۈش، تالان - تاراج ئەۋج ئالدۇرۇلغان. ياخشىلار خار، يامانلار ئېتىبارسىز ۋەزىيەت يارىتىلغان. شۇنداق قىلىپ خەلق ھاكىمىيىتى — يەنى مۇئەززەمخان سۇلتانلىقى خوجا مەھمۇد تەرىپىدىن تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇۋېتىلگەن. خوجا مەھمۇد سۇلتانلىقنى ئىگىلەپ، بىر ئايدىن جىقراق «ئىلى سۇلتانى» بولغان. ئۇنىڭ مۇئەززەمخان سۇلتانغا تۆھمەت قىلىش يولى بىلەن قىلغان خائىنلىق، قاتىللىق قىلمىشى خەلق تەرىپىدىن پاش قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ «سۇلتان»لىقىنىڭ 36 - كۈنى كېچىسى ئىلى ئاراتۇستەڭلىك تۇردى يۈز بېگى تەرىپىدىن جاۋاب قىساس بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، مۇئەززەم سۇلتاننىڭ ئىنتىقامى ئېلىنغان...

مىلادىي 1860 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىلى تەۋەسىگە پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى «پەيغەمبەر

ئۇلارى» — «سەئىد» ئاتاپ، بىر قىسىم كىشىلەرگە «ئۇلۇغ پىر»لىقى بىلەن تونۇلۇپ باش كۆتۈرگەن «سەئىد»— ئەھمەدخان خوجىنىڭ خائىنلىق قىلمىشلىرى توغرىسىدا «ئىلى سۇلتانلىقىغا ئائىت ماتېرىياللار»دا مۇنداق يېزىلغان: «...بۇ ۋاقىتتا غەيۇر تارانچى پالۋانلىرى ھەر بىر كەنتلەردىن كېلىپ كىرىدىن - كىرىگە كۆپەيدى. شۇ ئارىدا ئەھمەدخان خوجام دېگەن بىر ئالىي زات كېلىپ قوشۇلدى. ئەھمەدخان خوجام كەلگىنىگە تۆۋەن سىنىپتىكى خەلقلەر ناھايىتى خۇشال بولدى... ئەھمەدخان خوجام خەلق ئارىسىغا ئارىلىشىپ تاندىن كېيىن، رىياسەت مەسىلىسىنى چىقاردى. چۈنكى رىياسەتكە (سۇلتانلىقنى دېمەكچى — ئا) خوجىلارنىڭ ھەققى دەپ بىلەتتى. لېكىن باشقىلار رىياسەت مەسىلىسىنى چىقىرىش ۋاقتى ئەمەس دېيىشتى. لېكىن ئەھمەدخان خوجىنىڭ پىكىرىنى شۇ رىياسەت مەسىلىسى ئىشغال ئەتكەنىدى... بۇ خوجام ئۆزىنى خەلق ئارىسىدا كۆتۈرۈپ، مەنسەپكە مىنىش ئۈچۈن مۇتلەق باتۇرلۇق كۆرسىتىش لازىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچى پىرقىلىرى بىلەن بىرلىكتە بايانداي ئۇرۇشىغا ماڭدى... لېكىن ئىش خوجام ئويلىغاندەك بولمىدى. بايانداي سېپىلى تېگىدە خۇشلۇق بىلەن جان بېرىشكە ئالدىرىغان جەسۇر مۇجاھىدلەر (جەڭگە تەييار تۇرغانلار — ئا) ئەھمەدخان خوجامنى ئۈركۈتتى، شەھەرگە راۋان بولدى... ئەھمەد خەزىنىچى ئۇنى توسۇماقچى بولغاندا ئەھمەد خوجا ئەھمەد خەزىنىچى بىلەن ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ يەنە شەھەرگە ماڭدى. شەھەردە جىمجىتەي دېگەن باشلىق بار ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممە خەلق غەلىيانغا كەلدى...

بايانداينى پەتھ قىلىش (ئېلىش) ئۈمىدىدە تۇرغان كۆڭۈللەرنىڭ بىردە ئەھمەدخان خوجا ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنى يوقاتماقچى بولدى... بايانداي ئۇرۇشىنىڭ 3 - يىلى رەجەپ ئېيىدا ئەھمەدخان خوجا ئۆز ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ چېدىرىنى قورشىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەھمەدخان خوجىنى كۆرۈپ: «خوجام چىرايىڭىزنى مۇتەغىر (ئۆزگىچە) كۆرىمەن... نېمىدىن رەنجىدىڭىز...» دېدى. ئەھمەد خوجا: «سەن مۇسۇلمانلار ئەھۋالىدىن جىياڭجۈنگە يوشۇرۇن خەۋەر بېرىپ يۈرۈيسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى ئۆلتۈرىمەن...» دېدى، تىغ بىلەن قەتلى قىلدى... سۇلتانلىقنىڭ قازى كالانى نەسىرىددىن قازىنى زىندانغا سالدى.

پۈتۈن سۇلتانلىقنىڭ ئىشلىرى ئەھمەدخانغا تەۋە بولدى... سۇلتان ھەم خوجىدىن ئىزنىسىز ئىش قىلالماس بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىدىن مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئۇرۇشقا سۇسلۇق پەيدا بولدى. بۇ خەۋەرنى بايانداي چەنپەنلىرى بىلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئىسلام ئەسكەرلىرىدىن بىر قانچە كىشىنى شەھىد قىلدى... خوجىنىڭ ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئۆلتۈرۈشتىكى جىنايەتلىرى ئاشكارا ۋە ئايان بولدى. ئەھمەدخان خوجا قېچىپ تۇڭگان بارگاھ-ىرى بېرىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى...»

تارىختىن بۇيان ھەتتاكى ھازىرقى چاغلارغىچەمۇ خوجا - ئىشانلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئىخلاس قىلىپ، تەۋەنىپ، ئۇلارنى پەردازلاپ كېلىشۋاتقان بەزىبىر سوپى - ئىشانپەرەست يارەنلىرىمىزگە تارىخنىڭ بۇ بىر بېتىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ مەلۇم قىلىپ ئۆتۈشىمىزدىن مەقسەت: بىزگە تارىختا كەلگەن خوجا - ئىشانلار كۆتۈرگەن «سەئىد»لىك، «پىر»لىق، «دىنىي» شوئارلىرىنىڭ ئاقىۋىتى، نەتىجىلىرىنى ئەتراپلىقراق كۆزىتىپ بىر نېمە دېيىشكە سىگنال، ئىشارەت بايان قىلىشتىن ئىبارەت. ماۋزۇيىمىزنىڭ «ئەۋلىيا» — خائىنلار دېگەن نامىمۇ تارىخىي ئۆتمۈشتىكى ئەنە شۇنداق "پاكىتلار دۆۋىسىدىن تۈزۈلگەن رېئال نامدۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ئۆكۆزلەر



(پوۋېست)

خالىدە ئىسرائىل

ئۇنىڭ كېسەلىگە ئاجايىپ بىر چۈش سەۋەبچى بولدى.

بۇ قېتىم ئەجەل قۇشى ئۇنىڭ بېشىغىلا كېلىپ قالدى. ئۇ، يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۆتكەن غايەت زور قاپقارا قاناتلارنىڭ غۇيۇلدىغان ئاۋازىنى ۋە مۇزدەك شامىلىنى ھېس قىلغاندەك، پولات سىمىدەك ئىنچىكە، ئۆتكۈر تىرناقلارنىڭ كانىيىغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. نېمىشقىدۇر شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈمنى ئويلىسىلا ئۇنىڭ خىيالىغا ئاشۇ مۇزدەك شامال ۋە ئۆتكۈر تىرناقلار كېلىدىغان بولدى.

مانا ئەمدى، ئۇ، كېسەلخانىنىڭ يوپيورۇق، پاكىزلىقتىن ھەممە يېرى ۋاللىداپ تۇرىدىغان يالغۇز كىشىلىك ياتىقىدا يەڭگىل نەپەس ئېلىپ ياتىدۇ. تېخى بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قوتۇشۇن قۇيۇلغاندەك ئېغىرلاشقان، بىر پارچە سېسىق گۆشكە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى تاس قالغان يۈرىكى بۈگۈن بىر خىلدا، كۈچلۈك سوقۇۋاتىدۇ، پەقەت پۈت-قولى تېخى ماغدۇرسىز. دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىغا

قارىغاندا، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئەھۋالمۇ ئۆگىشىلىپ كېتىدۇ. ھازىر ئۇنىڭغا ئەڭ زۆرۈرى خاتىرجەملىك، تىنچلىق، ئازـئازدىن ئەمما قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلىنىش. دېمەك، دۇنيادا ھاياتلىقتىن ـ ساغلاملىق، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان ھاياتلىقتىن قىممەت نېمە بار؟ ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا دېگەنىكەن بېشىغا كەلگەندىلەر. ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدىن بىر قېتىم قۇتۇلدۇڭمۇ، دېمەك سەن يەڭگۈچى، ھايات تېخى سېنىڭكى. ئۇنىڭ سانسىز تەشۋىشلىرى، بۇ دۇنيانىڭ ھەم ـ ھەۋەسلىرى تامامەن ئەرزىمەس ئىشلار. ھېچنېمىسىنى ئويلىما، ھېچنېمىدىن ھەم قىلما. جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەر. دۇنيانى سەنلا چۆرگىلەتمەيسەن، يەر شارى سېنىڭسىزمۇ ئۆز ئوقىدا چۆرگىلەۋېرىدۇ. مەسىلىلەر ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە ئۆزى ھەل بولۇۋېرىدۇ. ساڭا زۆرۈرى ئۆزۈڭنى ئاسراش، 68 يىل توختىماي سوقۇپ، چوڭ رېمونتتىن چىققان ئەبجەق ماتورغا ئوخشاپ قالغان يۈرىكىڭنى ئاسراش ...

ئېسىگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇ شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدى. دوختۇر ـ سېستىرالار پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ چىقىپ كېتىشەتتى. ئۇنىڭ يېنىغا پەقەت ئايالىلا كىرەلەيتتى. ئۇمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا خۇددى سۇنۇپ كېتىشكە ئازانلا تۇرىدىغان قىممەت باھا بۇيۇمنىڭ ئەتراپىدا ماڭغاندەك ئاۋايلاپ مېڭىپ يۈرەتتى. قاچا ـ قۇچىلارنىڭ، ھەتتا قوشۇقلارنىڭمۇ تاراقشىدە قىلغان ئاۋازىنى چىقارمايتتى. چىرايىدىن مۇلايىم تەبەسسۇم ئۈزۈلمەيتتى. قىسقىسى، بىر خىل ئارامبەخش جىمجىتلىق، ئازادىلىق ئۇنى ۋاڭ ـ چۇڭلۇق دۇنيادىن، ئۇنىڭ قايغۇ ۋە شادلىقلىرىدىن ئايرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا بۇ جىمجىتلىقنىڭ، بۇ جىمجىتلىق ئىچىدىكى ھاياتنىڭ چېكى يوقتەك تۇيۇلغانىدى. ئەمما ... تۈنۈگۈنلا ئۇ بۇ خىل ھالەتنىڭ ئۇزاق داۋام قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە قانداقتۇر غەشلىك، تىنىچسىزلىق باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا نېمە سەۋەبچى بولدىكىن، قىزىنىڭ سولغۇن چىرايىمىكىن ياكى ئايالىمىكىن؟

قىزى ئۇنىڭغا ھەر قاچانقىدىنمۇ ياداڭغۇ، غەمكىن كۆرۈندى. تومبۇچكىنىڭ ئۈستىدە ئۇ ئېلىپ كەلگەن بىر تەخسە ئەنجۈر ــ ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق مېۋىسى تۇراتتى. ياغدەك سارغىيىپ پىشقان، دانە ـ دانە ئەنجۈرلەر قارىغان كىشىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. ئۈرۈمچىدىن ئەنجۈر چىقمايدۇ. مۇشۇنداق تومۇز كۈنلەردە 1500 كىلومېتىر يىراقلىقتىن مۇشۇنداق ئەنجۈرلەرنى ئۇنىڭ ساياھەت ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان كۈيئوغلىلا ئەكەلدۈرەلەيدۇ. ئۇ شۇنداق ھەممە ئىشنى قاملاشتۇرىدىغان، ھېچكىمنىڭ قولى يەتمىگەن يەرلەرگە قول يەتكۈزىدىغان يىگىت. بىراق، ئۇ بۈگۈن نېمىشقا قىزى بىلەن بىللە كەلمىدىكىنە؟

قىزى ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشا ـ ئەھۋاللاشمايلا قۇچىقىدا تىنىچ تۇرماي، قەغەشلىك قىلىۋاتقان بالىسى بىلەن بولۇپ كەتتى. بالا يەرگە چۈشۈپلا تايتاڭلاپ كارىدورغا قاچتى. ئانىسى ئۇنى تۇتۇپ كىرگەندە بولسا، قۇچاقتا پاتماي قالغاندەك تېپىرلاپ، كىچىككىنە، بوغۇم ـ بوغۇم قوللىرى بىلەن سىرتنى كۆرسىتىپ ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى گۇڭگىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نەۋرىسى نەقەدەر ساغلام، شوخ ۋە ئوماق ـ ھە. بىر چاغلاردا ئۇنىڭ قىزىمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق چىرايلىق، شوخ، ھەممە ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان قىزى بارلىقىدىن پەخىرلىنەتتى ...

ئۇ بۈگۈنمۇ قىزى بىلەن مۇڭدىشالمىدى. قاچانلاردىن تارتىپكىن قىزى ئۇنىڭغا يۈرەك سۆزىنى قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ بىر دەردى باردەك قىلاتتى. ئۇ، قىزىنىڭ كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ، بارغانسېرى ئانىسىغا ئوخشاپ كېتىۋاتقان چىرايىدىن، قايغۇ - ئەلەم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن بۇنى سېزەتتى. بەزى كېچىلىرى خىيال بىلەن ئۇيقۇسىز ياتقان چاغلىرىدا قىزى يادىغا كېلىپ قالسا، ئىچ ئاغرىقتىن يۈرەكلىرى پۇچۇلىناتتى، ئەتىسىلا قىزى بىلەن، كۆيۈنۈشلۈك بىلەن پاراڭلاشماقچى، يەنە قانداقتۇر بىر ئىشلارنى قىلماقچى بولاتتى، ئەمما تاڭنىڭ ئېتىشى بىلەنلا ھەممىنى ئۇنتاتتى. ئۇ خىياللىرىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ مۇھىم، چوڭراق ئىشلار ئىگىلەيتتى.

ئۇلار كەتتى. نەۋرىسىنىڭ يۇمران، سۈت پۇرايدىغان نەم لەۋلىرى، قىزىنىڭ ئانىسىنىڭكىدەك چۆچۈپ تۇرىدىغان، يوغان - يوغان كۆزلىرى ئۇزاققىچە ئۇنىڭ خىيالىدىن چىقمىدى، ئۇ كەچكىچە كەيپى بۇزۇلغان ھالدا ياتتى.

كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ تۇنجى قېتىم بالكونغا چىقتى. يۆلەنچۈكلۈك قومۇش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قاتمۇقات كۆل رەڭ بىنالارغا، بىنالارنىڭ ئارىسىدا بەكمۇ بىچارە، پارچە - پارچە كۆرۈنىدىغان يېشىللىقلارغا ناخۇشلۇق ئىچىدە قاراپ ئولتۇردى.

شەھەر ... مىغ - مىغ شەھەر خەلقى مانا مۇشۇ كۆل رەڭ بىنالارنىڭ ئىچىدە چاشقانلاردەك ھايات كەچۈرۈشىدۇ ... شۇمۇ ھايات بولىدىمۇ! قاياقىلا قارىساڭ سېمونت، بېتون، ۋاڭ - چۇڭ ئاۋازلار، ماشىنا - ئاپتوبۇسلارنىڭ، ھەر خىل ئىش ماشىنىلىرىنىڭ شاۋقۇنى، بۇلغانغان ھاۋا ...

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇمۇ 68 يىللىق ھاياتىنىڭ ئاز كەم 40 يىلىنى شەھەرلەردە ئۆتكۈزدى. ئەمما ئۇ ھېچقاچان ئۆزىنى ھەقىقىي شەھەرلىك ھېسابلاپ باققىنى يوق. ئۇ، يۇرتىنىڭ پايانسىز چۆللىرىنى، باغرى كەڭ ئۇزۇن ياز ئايلىرىنى، ئالدىراپلا كېتىپ قالىدىغان قىشىنى، چۆلنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە دىڭگىيىپ تۇرىدىغان، يوغان ھويلىلىق، ئايۋان سارايلىق كەڭتاشا ئۆيلىرىنى، تۇغراق كۆتىكى بىقىسىپ كۆيۈپ تۇرىدىغان، قاپقارا قورۇم باسقان ئۈچ بۇرجەك مورىلىق ئوچاقلىرىنى سېغىنىپ - سېغىنىپ ئەسلەيدۇ. ئىلگىرى ھەر قېتىم يۇرتىغا بارغىنىدا، يۇرتىغا بۇرۇلىدىغان دوقمۇشتىكى «چوكانيار» دېگەن يەرگە كەلگەندە كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالاتتى. يولدا ئۇچرىغان يالىڭاياغ، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، قاراقاش، شوخ قارا كۆزلۈك سەھرالىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بىر تۇغقانلىرىدەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. ھازىر ئۇنىڭ يۇرتىدا ھېچكىمى قالمىدى. ئۇ چوڭ بولغان ئۆيلەر، ئۇ ياماشقان دۆڭلەر، ئۈجمىلەردىن ئاللىقاچان ئەسەر قالمىغانىدۇ. ئۇ يەردىكى كىشىلەرمۇ ئۇنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەندۇ، ئەمما ئۇ، خىيالىدىكى ئاشۇ يېزىسىنى زادىلا ئۇنتالمايدۇ. بولۇپمۇ، ھارغان - تېلىققان، تۈگىمەس ئىدارە ئىشلىرىدىن زېرىككەن ۋاقىتلىرىدا ئۆزى يالغۇز بىر بۇلۇڭغا تىقىلىۋېلىپ ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرىگە چۆكۈپ كېتىدۇ ...

60 - يىللىرى ئۇ، جەنۇبتىكى چەت بىر يېزىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشقانىدى. بىر كۈنى قاتتىق چارچىغان، نېمە ئىشقىدۇر چېچىلغان ھالدا ئېتىز ياقىلاپ كېتىۋاتاتتى. يېرىم يولدا بىر توپ ئۈجمە تۈۋىگىلا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇخلاۋاتقان بىر دېھقانى

يىگىتنى ئۇچراتتى ۋە ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ھەۋەسلەندى.

يىگىتنىڭ بەدىنىنىڭ يۇقىرىسى يالىڭاچ ئىدى. ۋالىلداپ تۇرغان قىزغۇچ قوڭۇر تېرىسى، بۇرتۇپ چىققان بولجۇڭ گۆشلىرى، كۈچلۈك نەپىسىگە ئەگىشىپ دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم چۈشۈپ تۇرىدىغان كەڭ، بەقۇۋۋەت كۆكرىكى گويا پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ سىمۋولى ئىدى. يۈزىگە يېپىۋالغان مەلەمرەڭ شاپاق دوپپىسى قۇلاقنى يارغۇدەك خورەكتىن تىترەيتتى. ئەندىلا خەت تارتقان بۇرۇتى ئاستىدىكى يېرىم ئوچۇق لەۋلىرىدە ئاجايىپ بىر خىراماندىلىق، پاك ياشلىقزوقى قېتىپ قالغاندى.

بىر ياقتا، تەكشى ھەيدەلگەن قارامتۇل تۇپراق كۈز ئاپتىپىغا چىلىنىپ، ئۇيپۇققىچە پارقىراپ ياتاتتى. ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ساپان چوقچىيىپ تۇراتتى. سەل نېرىدا يوغان بىر تاغىل ئۆكۈز قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتقىنىچە بىر نېمىلەرنى كۆشەيتتى.

ئېھ، دېھقانىنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئاجايىپ بىر تۇرمۇشتە. ئاشۇ كۆرۈنۈش، ئاشۇ ھېسسىياتلار ئۇنىڭ كۆڭلىدە تاتلىق بىر ئەسلىمە بولۇپ، روشەن ساقلىنىپ قالدى. ئۇ ھەر قېتىم ئاشۇ ئەسلىمىلەر قوينىغا قايتقىنىدا روھى پاكلىنىپ، كۆڭلى - كۆكسى دەرىيادەك كىشىلەرنىڭ مۇناسىپ ئەۋلادىغا ئايلانغاندەك سېزەتتى. ئاشۇ ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن گويا ئارزۇسىدىكى ياپيېشىل بوستان، راھەتبەخش يېگانە ئارال ئىدى. كىمنىڭ كۆڭلىدە ئەنە شۇنداق بىر پارچە بوستانلىق، يېگانە ئارال بولمىسۇن. مۇنداق كۈنلەردە ئۇ مۇلايىم، چىقىشقاق بولۇپ كېتەتتى. ئەمما، بۇ ھالەت ئۇزۇن داۋاملاشمايتتى. ھايات تەشۋىشى، ئەمەل سورۇنىدىكى رىقابەت، يوشۇرۇن كۈرەشلەر، غەيۋەت - شىكايەتلەر، مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدىغان، شۇنداقلا يەنە كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان كۈندىلىك چوڭ - كىچىك ئىشلار ئۇنى يەنە ئەسلى ھالىتىگە ياندۇراتتى. شۇنداق، خىيال، ئارزۇ باشقا گەپ، رېئاللىق باشقا گەپ. دۇنياغا ئادەم بولۇپ تۆرەلگەنىكەنسەن، ئادەمدەك ياشىشىڭ كېرەك. چۈنكى دۇنيا ھامان كۈچلۈكلەرنىڭ دۇنياسى. ئەشۇ رەزىل، ئەرزىمەس كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالماسلىق، بەلكى ئۇلارنى ئالدىڭدا ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ تۇرىدىغان قىلىش ئۈچۈن ۋە يەنە بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلار ئۈچۈن كۈچلۈك - ھوقۇقلۇق بولۇشى كېرەك. ئىسسىت، ئۆمۈرنىڭ قىسقىلىقى، ۋاقىتنىڭ چاپقۇرلۇقى! مۇشۇ تاپتا ئۇ 40 — 50 ياشلىق ۋاقىتلىرىغا قايتالىسا، ئارماندا قالغان نى - نى ئىشلىرىنى قىلىۋالسا، خىزمەت دېگەننى چاك چىقىرىپ ئىشلەپ، دوست - دۈشمەنىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتسە ... ئەمما ۋاقىت ئۆتتى، ھەممە قولدىن كەتتى. مانا، يىللار ئۇنى 70 لەرگە يېقىنلاشقان، تامنى تۇتۇپ ئارانلا ماڭىدىغان پايىنەكباش بوۋايغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. قېنى ئۇ ياشلىق، خوتۇنلارنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقىدىغان قەددى - قامەت، قېنى ئۇيولۋاستەك چاغلار؟! قارىغاندا ئەندى تەن بەرمەي، ھوقۇقنى خىرىس قىلىپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنەرسىدىن ئايانمايدىغان ئاشۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ تاماشاسىنى كۆرمەي بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئايالىنى چۈشەنگەنىدىن بەكرەك چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتى، كۆڭلىدە سوقۇۋاتقان چوتلىرىغا قەدەر ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پاراسەتلىك، جىگەرلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىرىمۇ، كالتە پەم، خۇشامەتچىلەرمۇ، ئەمەلىي ئىشلەشنى بىلىدىغانلارمۇ، قۇرۇق ھاۋا سۆرەپ داڭ كۆتۈرۈپ يۈرىدىغانلارمۇ بار. ئۇ يەنە

www.uyghurkitap.com

شۇنىمۇ بىلمىدۇكى، ئاخىرقى ھېسابتا ھايات يەنىلا ئادىل، ئۇ ھەممىگە تۇغرا باھا بېرىدۇ. ھاياتتا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئورنىنىڭ نەدە بولۇشى ــ تۇرىدىغۇ ـ پەگادىمۇ ــ شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. يەنىلا كونا گەپ: جاھان كۆچلۈكلەرنىڭ.

ئۇ بالكون شادىسىنى تۇتۇپ ئورنىدىن تۇردى. بۇ يەردىن كېسەلخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى دەل ـ دەرەخلەر، گۈللۈك، چوڭ دەرۋازىغا قاراپ سوزۇلغان سېمونت يول كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يولدىن كېسەل يوقلايدىغانلار، ئاق خالات كىيىۋالغان دوختۇر ـ سېسترالار ئۆتۈپ تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاكاتسىيە بىلەن قارىياغاچ ئاستىغا ئورنىتىلغان ئورۇندۇقلاردا يوللۇق كىيىم كىيىۋالغان كېسەللەر ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەنە، ئۇنىڭ ئايالى كېلىۋاتىدۇ ... ئۇ ھەر قاچانقىدەك ياش، بىرلا كۆرگەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغۇدەك چىرايلىق. قىسقا بودۇر چېچى، بەدىنىگە چىپپىدە كېلىدىغان مودىلىق سېرىق كۆڭلىكى، كۆڭلەك ئىچىدە ئالاھىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى ئۇنى ئۆز يېشىدىن كۆپ كىچىك كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ يات ـ پاقلا ئىچىدە: مۇشۇنداق بىر ئايال مېنىڭ نېمەمنى ئارزۇلايدىكىنە، دەپ ئويلىماي تۇرالمايدۇ.

ئايالى قارشى تەرىپىدىن كېلىۋاتقان ياش دوختۇرغا كۈلۈپ سالام قىلدى. ئۇلار توختاپ پاراڭلىشىشقا باشلىدى. ئۇ ئادەتتە كېسەلخانا تەكشۈرۈپ كىرگەن ۋاقىتلاردىمۇ ئۇنىڭ ئايالىنى كۆرسە، ئالاھىدە ئېچىلىپ، تەكەللۇپ قىلىپ كېتىدۇ. شۇ تاپتا ئۇلار نېمە دېيىشىۋاتىدىكىنە؟ ئايالى كۈلۈپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى. كىچىككىنە سومكىسىنى تۇرۇپلا ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا يۆتكىسە، تۇرۇپلا مۇرىسىگە تاشلايتتى، مۇرىسىدىن ئېلىپ بېغىنى مىجىقلايتتى. دوختۇر بىرەر نەرسە دېدى بولغاي، تۇيۇقسىز ئۇ قىزىرىپ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۈلۈپ كەتتى، شۇ تاپتا كۆزلىرى، لەۋلىرىلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈلۈۋاتاتتى. ئايالى ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچقاچان مۇنداق ئېچىلىپ كۈلۈپ باققان ئەمەس. كىچىككىنە، ئاپئاق قولى بىلەن ئالدىغا چۈشۈۋالغان بىر تۇتام چېچىنى كەينىگە قايرىۋېتىپ، دوختۇرغا ناز ـ كەرەشمە بىلەن قاراپ تۇردى. خوتۇن خەق دېگەنزە، ھەي ... ئۇ گويا دوختۇرنىڭ ھاياسىز كۆزلىرىنىڭ پارقىرىشىنى، ئايالىنىڭ نېپىز كۆڭلەك ئىچىدىكى تېنىگە، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قىباراشلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. كۆڭلىدە رەشكتەك بىر نەرسىنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋۇجۇدىنى لەسسىدە بوشىتىۋەتكەن يېقىمسىز دىم سىقىلىش، بىئاراملىقنى سېزىپ قورقۇپ كەتتى. ياق، ئۇ ھاياجانلانماسلىقى كېرەك، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى مۇنداق ھاياجانلىنىشلارغا ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئاللىقاچان ئىككى يەردىن يوغان دەز كەتتى. ئەندى ئۈچىنچى دەز ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ ...

ئۇ يېڭى ياساتقان كەيمە چىشىنى ياتاقتا قويۇپ قويغانلىقىنى، چىشسىز ھالەتتە ئۆزىنىڭ نەقەدەر سەت، قېرى كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ياتاققا ئالدىرىدى، ئەمما ئۇنىڭ پۇتلىرى چىققان ۋاقتىدىكىدەك يەڭگىل ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە، ھەر بىرىدىگە مىڭ پاتماندىن تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇ، تامنى تۇتۇپ ياتاققا كىرىپ كېلىۋاتقىنىدا ئايالىمۇ ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ يۆلەۋالماقچىدەك بىر ھەرىكەت قىلدى، ئەمما ئۇ دىرىلدەپ تىترەۋاتقان

يۈتلىرىنى قەيسەرلىك بىلەن يۆتكەپ، ئايالنىڭ ئالدىدا كاردىۋاتقا يېقىنلاشتى. كاردىۋاتنى ئۇتتۇپ چاندۇرماي بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاستا ئۆزىنى كاردىۋاتنىڭ ئۈستىگە ئالدى. ئايالى بولسا قاس - قاس دەسسەپ بېرىپ، كېچىككىنە پارقىراق سومكىسىنى كاردىۋات بېشىدىكى تومبۇچكىغا تاشلاپ قويدى - دە، ئۇسسۇل ئوينىغاندەك چىرايلىق بىر ھەرىكەت بىلەن كەينىگە ئايلىنىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەركىلىگەندەك كۈلۈپ قاراپ:

— قانداقراق؟ بۈگۈن خېلى ماغدۇرىڭىزغا كېلىپ قالغاندەك تۇرىسىز، — دېدى، ئارقىدىن يەنە، — چىرايىڭىزمۇ خېلى قان يۈگۈرۈپ قاپتۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئۇ، ئايالىنىڭ داۋاملىق بىر خىللا كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان، ئۆلچەملىك گۈزەل ئاياللارنىڭ ھەيكىلىنى ئەسلىتىدىغان چىرايىغا، بولاقتەك كۆزلىرىگە خۇددى بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك تىكىلىپ قاردى. ئاشۇ كۆزلەرمۇ يالغان ئېيتارمۇ؟ ئاشۇ كۆركەم ۋۇجۇدنىڭ ئوراپ تۇرغىنى رەزىللىك، ئالدامچىلىقمىدۇ؟

ئاخىرى ئۇ، ئايالىنىڭ تاتىدىن - باغىدىن قىلغان سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ: بەلكىم ھەممە ئىش مەن ئويلىغاندەكمۇ ئەمەستۇ ... مەن ئالجىۋاتسام كېرەك، قېرىغاندا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىش نېمىدېگەن ئۇيات .. دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇ مۇندىن بەش يىل ئىلگىرىكى دېكابىر كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قەدىناس ئايالىنى شەھەر سىرتىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ بىر چېتىگە، مۇزدەك سوغۇق شېغىللىق تۇپراققا كۆمۈپ قويۇپ قايتقان چاغلىرىدا ئۆيلىنىشنى، بولۇپمۇ مۇنداق ياش ئايالغا ئۆيلىنىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ پېنسىيىگە چىقىپ، چوڭ بولۇپ كەتكەن ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ بەختىدىن ھوزۇر ئېلىش، ئۆز ئۆيىدە جىمغىنە قېرى جېنىنى جان ئېتىش، سالامەتلىكى يار بەرسە، بىرەر پارچە ئەسلىمە يېزىپ قويۇشتىن باشقىنى ئويلىمىغانىدى. ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى بولىدۇ. كەيپ - ساپا، ئىشقى - مۇھەببەت ياشلىقنىڭ ئىشى. قېرىلىق جاننىڭ ئارامىنى، لايىقىدا ئىززەت - ھۆرمەتنى خالايدۇ. ئۇ چوقۇم بالىلىرىنىڭ ئالدىدا ياخشى دادا، خىزمەتداشلىرى ۋە ئەل ئارىسىدا ئابرويلۇق مويسىپىت بولىدۇ. زېرىككەن ۋاقىتلىرىدا ھاياتلىقىدا قەدرى بىلىنمىگەن، ئۆزى بىلەن بىللە ئۆيىنىڭ پۈتكۈل خۇشلۇقىنى، راھىتىنى ئېلىپ كەتكەن قەدىناس ئايالى بىلەن خىيالىدا مۇڭدىشىدۇ ...

رېئاللىق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن باشقىچە چىقتى. ھەممە ئىش ئاشۇ بىر پارچە خەت بىلەن بۇزۇلدى. ئۇ ئاشۇ سومكىنى ئاقتۇرمىغان بولسا، ئاقتۇرغاندىمۇ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرمىگەن بولسا، ھەممىنى يىغىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتكەن ياكى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە.

ئاشۇ كۈنى ئۇ نېمىشقىدۇر ئۆيىدىكى كونا خۇرۇم چامادانىنى ئاقتۇرۇپ قالدى. بۇ چامادانىنى ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا، يېڭىدىن شەھەرگە كۆچۈپ كىرگەن چېغىدا، بىر يايمىچىنىڭ ئالدىدىن ناھايىتى ئەرزانلا سېتىۋالغانىدى. شۇ يىللاردا بۇ چامادان ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسىسى ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا مۇھىم دەپ بىلگەن نەرسىلىرىنى ۋە مېھمانلىق كىيىملىرىنىلا سالاتتى. كېيىن ... ئۇلارنىڭ ئۆيىدە مۇنداق نەرسىلەر كۆپىيىپ كەتتى. بارا - بارا بۇ چامادانىدا ئايالىنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدا كەيگەن ئۇزۇن - قىسقا كۆڭلەكلىرى، بالىلىرىنىڭ

قىرقى ئىچىدىكى ئىشتان - پايپاق، ئاياغ، يوسۇنغا ئوخشاش نەرسىلىرى ساقلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئايالى كونا ئىردىم - سېردىملارغا ئىشىنەتتى. مۇنداق نەرسىلەرنى زادىلا تاشلىمايتتى. بىر ھېسابتا بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن. كۆپ يىللاردىن كېيىن، ئاشۇ ئاسلاندەك بالىلار ھەر يىگىت، ھەر قىزلارغا ئايلانغاندا ئۆز ۋاقتىدا كىيگەن كىيىملىرىنى: ماۋۇ سېنىڭ ئىدى، ماۋۇ سېنىڭ ئىدى، دەپ كۆرسىتىشنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى قىزىق تۇيۇلىدىكەن.

ئۇ، كىيىم - كېچەكلەرنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ بېقىپ كۆرۈپ ئايالىنىڭ ياش، چىرايلىق ۋاقىتلىرىنى، بالىلىرىنىڭ گۆدەكلىك چاغلىرىنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. تۇۋا، خۇددى ئۆتكەن كۈنلەر بارلىق ئەسلىمىلىرى بىلەن مۇشۇ ساندۇق ئىچىگە سولاپ قويۇلغاندەك، بۈگۈن ساندۇقنىڭ ئېچىلىشى بىلەنلا، ئاشۇ كۈنلەر قايتىپ كەلگەندەك، ئۇمۇ ياش، ساغلام ۋاقىتلىرىغا يېنىپ قالغاندەك - ھە.

ئۇ، چامادانىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئايالى ئۆز ۋاقتىدا ئىشلىتىپ يۈرگەن كىچىككىنە سومكىنى تېپىۋالدى. سومكىنىڭ قات - قېتىدىن تارقىلىپ تۇرغان سۇسقىنە خۇش پۇراق — ھەقىقەت ئۆتمۈشكە، ئاشۇ يىللارغىلا تەۋە بولغان بىر خىل خۇش پۇراق ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ ئىختىيارىدىن تاشقىرى بىر ھالدا سومكا ئىچىدىكى ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى: ئالقانچىلىك ئەينەك، ئۇپا - ئەڭلىك، كىچىككىنە قورۇق ئەتىر قۇتىسى، قاش قەلىمى قاتارلىقلارنى، سارغىيىپ كەتكەن كونا ھۆججەت، قاچانلاردىدۇر سېتىۋالغان كىيىم - كېچەك تالونلىرىنى كۈچلۈك قىزىقىش ئىچىدە بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا ئايالىنىڭ تۇرمۇشنىڭ ئېرى ۋە بالا - چاقىلىرىغا تەۋە بولمىغان يەنە بىر تەرىپىنى ئېچىپ بەرگەنىدى. ئۇ، ئايالى ھايات ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ گىرىم قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرمىگەن؛ توغرىراقى، سەپسېلىشقا چولىسىمۇ تەگمىگەنىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئۇنىڭ ئايالى «ۋاپادار خوتۇن، كۆيۈمچان ئانا»لا بولۇشى، باشقىلاردىن ئالاھىدە بولغان ئورنىنى قەدىرلىشى، ئاددىي ئاياللار قىلىپ يۈرۈيدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. قارىغاندا، ھەر قانداق ئايالنىڭ ئايرىم بىر دۇنياسى، ئۆزىگە يارىشا مەخپىيەتلىكى بولسا كېرەك. ئۇ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

سومكىنىڭ يان يانچۇقى ئىككى قات ئىدى. ئىچكى يانچۇقىنى ئاسان پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. ئۇ قولىغا ئۇرۇلغان قاتتىق بىر نەرسىدىن — تۇمارچىلاپ قاتلانغان بىر ۋاراق قەغەزدىن ئۇ يانچۇقنى تېپىۋالدى. نامەلۇم بىر قىزىقىش، ھاياجان ئۇنى خەتنى ئېچىپ كۆرۈشكە ئۈندەيتتى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقاتتى، قەغەزنى ئاۋايلاپ ئېچىۋاتقان بارماقلىرى نېمىشقىدۇر تىترەيتتى.

ئالاھىدە بىر خاراكتېرنى ئىپادىلەيدىغان، بۇرجەك چىقىرىپ سوزۇپ - سوزۇپ يېزىلغان ناتونۇش پۇچۇركا... نە ۋاقىت - سائىتى، نە خەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ياكى خەت يازغۇچىنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان بىر پارچە خەت:

«ئەتە يولغا چىقىمەن ... نى بەكمۇ كۆرگۈم بار ئىدى. ئىشىكىڭلارنى نەچچە ئەگىدىم، ئەمما قايسى ئىككىمىزنىڭ ... ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدىم.

كۆڭلۈم تۇيار، ئىككىلىمىزنىڭلا كۆڭلى تۇيار، دەپ ئويلىۋېدىم، ئەپسۇس، ھېچبولمىسا سۈرىتىڭنى بولسىمۇ كۆرسەم ئىدىم ... ئارماندا كېتىۋاتىمەن. پەقەتلا بويىنى قىسىلىپ قالمىسا، ئاشۇ چوڭ ئەربابىنىڭ بالىلىرىدىن چېنىپ قالمىسا، دېگەن ئارزۇيۇم بار. بەلكىم ئەمدى كۆرۈشەلمەسمىز، ئەمما بىزنى باغلاپ تۇرىدىغان، ئۇنتۇلدۇرمايدىغان ... بار. شۇنىڭدىن بولسىمۇ تەسەللىي تاپىمەن.

خەير ...»

شۇ قېتىم ئۇنىڭ يۈرەك كېسەلى ئۈچىنچى رەت قوزغالدى. قوزغالغاندىمۇ قاتتىق قوزغالدى. كېيىنمۇ ئۇزاققىچە ئەسلىگە كېلەلمىدى. شۇ ئازابلىق كۈنلەردە ئۇ بارلىق تونۇش - بىلىشلىرىنى، ئايالى بىلەن خۇپىيانە بېرىش - كېلىش قىلىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق ئەر كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمما ھېچبىر خۇلاسىگە كېلەلمىدى. بالىلىرىنىڭ كىچىك ۋاقتىنى، چىرايىنى، مىجەز - خۇلقىنى، ئۆزى بىلەن ئانىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پەرقلىرىنى ئەسلىدى. بالىلىرىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ، قانداقتۇ گۇمانلىق بەلگىلەرنى تاپماقچى بولدى ... ئاقىۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، ئۆز - ئۆزىنى قىيناش بولدى، خالاس. بۇلارنىڭ ھەممىسى بېرىپ ئۇلاپ كەتكەن ئاشۇ رەھىمسىزلىككە بولغان ئۆچمەنلىك، غەزەپ، كۈچلۈك نارازىلىققا ئايلاندى. ئۇ، بالىلىرىنىڭ ئانىسىنى تىلغا ئېلىشىغا، ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ بېرىشىغا يول قويمىدى، ئۇنى تىللىدى، قارغىدى. ئۆيىدىن ئۇ قارغىش ئايالغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسىلەرنى يوقاتتى. بالىلىرى ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشكە ھەيران قېلىشتى. شۇنداقتىمۇ بالىلارنىڭ قەلبىدىن ئانىسىنىڭ خاتىرىسىنى يوقىتىۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئانىسىنى سېغىنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوشۇرۇنلۇقچە يوقلاپ تۇرۇشىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى.

دەل شۇ كۈنلەردە، كىشىلەر «تۇرمۇشتىن دىلى ئازار يېگەن چوكانكەن، چوڭراق بولسىمۇ ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان بىرەر كىشىنى خالايدىكەن» دەپ رەنانى تونۇشتۇرغاندا، ئۇ ئالدىراپ رەتمۇ قىلىۋەتمىدى، بىرىنچى كۆرۈشۈشتىلا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. بالىلىرى بولسا، ئۇنىڭ توي ئىشىغا ئەجەبلىنىپ كېتىشمىدى. ئەكسىچە، چۆلدەرەپ قالغان چوڭ ئۆيىنىڭ ياش ئايالنىڭ قولىدا پارقىراپ، جانلىنىپ كەتكەنلىكىنى، دادىسىنىڭمۇ ھەر قاچانقىدىن روھلۇق، خۇشال بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك يەڭگىللەپ قېلىشتى.

قىزىق يېرى، ئۇ قېرىغىنىدا توي قىلغىنىدىن كېيىن كۆڭلىدىكى ئىلگىرىكى ئايالىغا بولغان ئۆچمەنلىك ئۆزلۈكىدىن يوقىدى. بەلكىم بۇ قېرىغاندا ئويغانغان مۇھەببەتنىڭ كۈچىدۇ، ياكى ۋاقىت ئۇنىڭ دەردىنى ئۇنتۇلدۇرغاندۇ ...

كىم بىلىدۇ، ئايالىنىڭ بۇ ئىشىمۇ ئادالەتلىك ئىشتۇ، ئۇنى ئەيىبلىگىلىمۇ بولماس. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سان - ساناقسىز ۋاپاسىزلىقلىرىدىن بىر قېتىملىق ئۆچ ئېلىشتۇ. ئۇنىڭ ئايالى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئالدىدا ئۇنىڭ بىرەر قېتىملىق ئېزىشى، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىشى نېمىدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ بالىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ.

* * *

ئۇ كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى سېزەتتى - يۇ، كۆزلىرىنى ئاچالمايتتى. ئۇيقۇ خۇددى ھەممە نېمىنى يۇتۇپ كېتىدىغان تەگسىز سازلىقتەك ئۇنى بارغانسېرى ئۆزىگە تارتاتتى، ئەمما ھېلىقى كۆزلەر، بىر يېقىمسىز تەسىرات ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمەيتتى. ئۇ قۇرۇغان، چىڭ چاپلاشقان لەۋلىرىنى تاتىلىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس ئىڭراپ بىر نېمىلەر دېدى - دە،

كۆزلىرىنى ئاچتى، ئەتراپقا ئىنتىلىك كۆز يۈگۈرتتى. بۇ ھېلىقى چۈش ئىدى. ئۇنى كۈپ-كۈندۈزدە قارا باسقانىدى.

ياتاق ھەر قاچانقىدەك يورۇق، ئازادە، تېپتىنچ. ئوچۇق پورتۇچكىدىن كىرگەن شامال ئىپەك ئاق پەردىنى لەپىلدىتەتتى، يوغان شاردەك كۆپتۈرەتتى، ئارقىدىن بوشقىنە دىرىلدىگەن ئاۋاز بىلەن تۈرۈپتۈز قىلىپ ئەينەككە چاپلايتتى - دە، ھايال ئۆتمەي يەنە بايراقتەك لەپىلدىتىشكە باشلايتتى.

ھېلىقى كۆزلەر ... ئۇ بۇ كۆزلەرنى يات - ياتلا چۈشىدە كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھەر قېتىم مۇشۇ چۈشنى كۆرگەندە قورقۇنچتىن تەرگە چۆمۈلەتتى. بىر نەچچە كۈنگىچە دەككە-دۈككىدە كەيپسىز يۈرەتتى، مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ، ئۇزاققىچە ئاشۇ بىر جۈپ كۆزنىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلالمىدى.

ئۇ كۆزلەر بىر قارىماققا قىزىنىڭ گۇناھسىز، ئاجىز، مۇھەببەت ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان كۆزلىرىگە ئوخشايتتى. ئۇ يېقىندىن بۇيان قىزىنىڭ كۆزىدىن ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ روھىي ھالەتنى سېزەتتى. دادىسىنى يوقلاپ كەلمەي تۇرالمايتتى، كېلەتتى-يۇ، بىر چەتتە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ دادىسىغا تىكىلىپ قارىغىنىچە خىيال سۈرۈۋاتقاندەك ئولتۇراتتى. ئۇ، قىزىنىڭ قاراشلىرىدىن باشقىچە بولۇپ قالاتتى، ئەمما ھېچقاچان ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلمايتتى. ياق، ئۇنىڭ گۇناھى يوق. ئۇ ئۆز قىزىنىڭ بەختى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغاننىڭ ھەممىنى قىلدى. ئۇ ئۇنى ئۆز قولى بىلەن قۇداڭ بارمۇ دېسە، بار دېگۈچىلىكى بار ياخشى يەرگە ياتلىق قىلدى. كۈيئوغلىنى ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزۈپ ئوقۇۋاتتى، خىزمىتىنى يۆتكىدى. ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنى، ئائىلە شارائىتى ياخشى، ئۇلاردا باشقىلار ھەۋەس قىلىدىغان نەرسە-لەرنىڭ ھەممىسى بار. پەقەت، قىزى نېمىشقىدۇر ئەتىدىن - كەچكىچە ئېچىلالمايدۇ، سولغۇن، روھسىز يۈرىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەس ئىدى، شوخ، ئېتىك، ھەممە كىشىنىڭ ئامراق-لىقىنى كەلتۈرگۈدەك ئوماق قىز ئىدى. مىش - مىش گەپلەرگە قارىغاندا، كۈيئوغۇل تالاغا قارايمىش. ئەمما بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ؟ دادا بولغۇچىمۇ؟ ياق، ياق! بىر ئەرنى ئوقۇتۇپ ئوتالمىغان ئايال ئۆزى ئەيىبلىك. قىزى بەلكىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئىچپەش تارتىشىپ يۈرگەن ھېلىقى يىگىتى بىلەن توي قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن نارازىدۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا توغرا قىلغىنىغا ھېلىھەم ئىشىنىدۇ. مۇھەببەت، بەختلىك ئائىلە پەقەت باراۋەر ئىجتىمائىي ئورۇن، مەلۇم ماددىي شارائىت ئاستىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئۇ بەلكىم ئاشۇ يىگىتى بىلەن توي قىلغان بولسىمۇ، بەختلىك بولۇشى ناتايىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ... ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭ قىزىنى ئانچە ياخشى كۆرۈپمۇ كەتمىسە كېرەك. ئاشۇ قېتىم تەقسىمات ئالدىدىن، ئۇ ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ: «قىزىم بىلەن ئالاقىڭنى ئۈزسەڭ، كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنغا ئورۇنلىشىشىڭغا ياردەم قىلىمەن» دېگەنىدى. يىگىت ئۇنىڭ ئالدىدىن بەكمۇ قوپاللىق بىلەن چىقىپ كەتتى. كېيىن، قىزىغا گەپ - سۆز قىلماي، بىرەر پارچە خەتمۇ قالدۇرماي، يۇرتىغا - جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاشۇ چەت ناھىيىسىگە كەتتى. ياخشى كۆرسە شۇنداق قىلارمىدى!

ئۇ كۆزلەر ... ئەلكەردىكى ئايالىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشامدىكەن ... ئۇ ئۇنى بىر ئۆمۈر ئالدىدى. ئۇنىڭغا باشقا ئاياللاردا بەرگەن ئىششىق - مۇھەببىتىنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ بەرمىدى. ئۇنى پەقەت بالىلىرىنىڭ ئانىسى، ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى ھەم سادىق خىزمەتكارى سۈپىتىدىلا كۆرۈپ كەلدى. ئۇمۇ ئەسلىدە ئوقۇمىغان، مەلۇماتلىق، خىلمۇ - خىل ئىشلارنى قىلىپ كەتكۈچىلىكى بار ئايال ئىدى. ئۆمرىنى، ئىستىقبالىنى، سالامەتلىكىنى تامامەن ئېرى، ئۆيى ۋە بالىلىرىغا بېغىشلىدى. ئۇ، ئۇنىڭ بىردەم سوزۇلۇپ يېتىپ ئارام ئالغىنىنى، تاماقنى بىرەر قېتىم ئىسسىقىدا يېگىنىنى ئەسلىيەلمەيتتى. قاچانلا قارىسا مىدىرلاپلا يۈرەتتى. بەزى كېچىلىرى ئۇيقۇسىدا بىر قېتىم ئويغانغان چاغلىرىدىمۇ ئايالىنىڭ شىپىلدىتىپ كىر يۇيۇۋاتقانلىقىنى ياكى ماشىنىدا ئىش تىكىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇنى ئاشۇ تۈگىمەس مېھنەت، ئائىلىنىڭ چوڭ - كىچىك غېمى يەپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مىجەزى يوقلۇقىدىن تولا شىكايەت قىلىدىغان بولۇپ قالغان (بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەڭ ياقمايدىغان سۆزلەر ئىدى)، كېسەللىكى تېخى ئېنىقلانمىغان چاغلاردىكى ھارغىن چىرايى، زەئىپ تېنىنى تەسلىكتە سۆرەپ پول سۈرتۈۋاتقان، كۆكتاتقا، گۆشكە كېتىۋاتقان ئاشۇ قىياپىتى ئۇنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمايدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئايالىدىن چىرايلىقچە بىر ئېغىز ھال سوراپ قويمايتتى. ئۆمرىدە ئۇنىڭغا بىرەر سوۋغا تەقدىم قىلىپ باققان ئەمەس ئىدى. ئىدارىدىكى خاپىلىقلىرىنىڭ دەردىنى ھەمىشە ئاشۇ ئورۇق، چوڭ كۆزلۈك، قورقۇنچاق ئايالىدىن ئالاتتى. بالىلىرىچۇ؟ ئۇنىڭ بالىلىرى نېمىشقا ئانىسىنىڭ دەردىگە يەتمەيدىغان بالىلار بولۇپ قالغان بولغىيدى؟ ياكى ئۇنىڭ ئايالىغا قىلغان مۇئامىلىسى ئۇلارغىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتكەنمىدىكىنە؟

شۇنداق، ئۇنىڭ كۆرگەن راھىتى تارتقان جاپالىرى ئالدىدا ياماق بولالمايدۇ. ئۇ جاپا ئىچىدە ياشىدى، جاپا ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئاخىرقى كۈنلىرىدە جىگىرىنىڭ ئاغرىقىدىن تىرىك مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغان ئاشۇ كۈنلەردە ئۇ تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى كۆردى. ئۇ، بالىلىرى ئۇنىڭغا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدى.

شۇنداق، ئۇ، ئايالى ئالدىدا ئەيىبلىك. ئەمما دۇنيادا شۇنداق ياشايدىغان ئەر كىشى يالغۇز ئۇمىدى؟ ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى شۇنداق ياشاپ كەلگەن، ئەتراپىدىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق ياشاۋاتىدۇ. خوتۇن كىشى ئۆينىڭ ئىگىسى، ئۆي ئىشىنى خوتۇن كىشى قىلماي كىم قىلىدۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا، ئايالى ئۇنىڭ ھەممە ۋاپاسىزلىقلىرىدىن راسا كېلىشتۈرۈپ ئۆچ ئالدىغۇا ئۇنىڭ كۆڭلىگە تۈگىمەس گۇمانىنى، دوزاخ ئازابىنى تاشلاپ كەتتى. ئۇ ئۆلگىچە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ، ھېچقانداق قىلىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ ئالەمگە كەتكۈچە ھېچبىر بالىسىنىڭ كۆزىگە گۇمانسىز قارىيالمايدۇ ...

* * *

ئۇ كۆزلەر ... ئۇ كۆزلەر ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى يادىكارنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشامدۇيەم؟ يادىكارنىڭ يوغان - يوغان، چوڭقۇر قارا كۆزلىرى بىر قارىسا دادىسىنىڭكىگە، تولاراق ئانىسىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ياق، ھەر ئىككىسىگىلا ئوخشايدۇ. ئۇ بەزىدە يادىكارنىڭ كۆزلىرىگە قارىغىنىدا خۇددى ئۆزىگە ئۆچ ئادەم تىكلا قاراپ تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ، نېمىشقىدۇر ئەيمىنىپ كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچىدۇ. بۇ كۆزلەرنىڭ يىراقراق كېتىشىنى، ئۇنى

ئىككىنچى كۆرمەسلىكىنى خالاپ قالىدۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا يادىكارنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەتتا ئۆز بالىلىرىدىنمۇ چارەرەك. بەزىدە ئۇنى نېمىشقا شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالىدۇ. بەلكىم ئاشۇ خوتۇنغا ئوخشايدىغانلىقى، شۇنىڭ پۇشتى بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ...

بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىللار ئىلگىرى، ئۇ جەنۇبتىكى چەت بىر ۋىلايەتتە ئىشلەپ يۈرگەن چاغلار ئىدى. ئىدارە يۇقىرىدىن يۆتكىلىپ كېلىدىغان بىر مۇئاۋىن رەھبەرنى خېلىدىن بېرى كۈتۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۇرەككەپ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا خەۋەردار ئىدى. ئاخىرقى كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆي - سەرەمجان بېسىلغان ئاپتوموبىلنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. سورىغانلارغا ئايالىنىڭ ئارقىسىدىن ئايروپىلاندا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ چاغلاردا نەدىمۇ ھازىرقىدەك كۈندە ئايروپىلان بولسۇن، بىر كىچىك ئايروپىلان بىر - ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىملا قاتنايتتى.

ئۇلارغا ئابدۇرۇسۇللارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئايرىم بىر يۈرۈش ئۆي ئاجرىتىلدى. خىزمەتچىلەر ئۇلارنىڭ ئۆي - سەرەمجانلىرىنى توشۇۋاتقاندا، ئابدۇرۇسۇل ھويلىدا توختىتىپ قويۇلغان، قارامتۇل سېرىق پارقىراپ تۇرىدىغان يوغان پىئانىنونى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەنگەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئايالى بەش ياشلاردىكى ئوغۇل بالىسى بىلەن يېتىپ كەلدى. رەنا ئىسىملىك بۇ ئايال (ئۇنىڭ ئىسمىمۇ رەنا ئىدى!) كۆرۈمىنىڭ تەسەۋۋۇردىكىدىن تامامەن باشقىچە چىقتى. ئۇ پېشانىسىدىن تارتىپ قوللىرىنىڭ ئۇچىغىچە قورۇلۇپ كەتكەن جاپاكەش ئېرىنىڭ ئەكسىچە ياش، سەبىك ئىدى. ئوخشايدىغان يېرى بار دېيىشكە توغرا كەلسە، ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى بىر يوشۇرۇن دەرد، نامەلۇم بىر سوغۇقلۇقنى ئوخشىتىشقا بولاتتى. ئۇنىڭ يوغان، چوڭقۇر سىرلىق قاپقارا كۆزلىرى تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا ئابدۇرۇسۇلنىڭ قەلبىدە ھېچقاچان ئويغانمىغان ھېسسىياتلارنى ئويغاتتى. بۇ كۆزلەر ئۇنىڭغا تامامەن يېڭى، كىشىنى ئۆزىگە شۇنچە جەلپ قىلىدىغان بىر يېڭى مەنزىلنى ئېچىپ بەرگەنىدى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بەلكى، بۇ كۆزلەردىكى دەرد - ئەلەم، ئاياللاردا ئاز ئۇچرايدىغان، ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان قانداقتۇر بىر تەرەپلىرىمىكىن ... ئابدۇرۇسۇللار ئۇلارنى ئائىلىسى بويىچە چاقىرىۋېلىشتى. ئارقىدىن نۆۋەت بىلەن چاقىرىش باشلىنىپ كەتتى. بىر نەچچە ئاي داۋام قىلغان مېھماندارچىلىقتىن كېيىن، تۇرمۇش يەنە كونا ئىزىغا چۈشتى. رەنا ئىچكىرىدە مۇزىكا ئۆگەنگەنىكەن، سەنئەت ئۆمىكىگە ئورۇنلاشتى، ئەمما سەنئەت ئۆمىكىنىڭ پىئانىنوغا ئېھتىياجى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋاقتىنى كۆپىنچە ئۆيىدە ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئەر - ئايال ئىككىسى تالا - تۈزگە كەمدىن - كەم چىقاتتى. قولۇم - قوشنىلار بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى ئايىغانلىقىدىن ۋە ياكى بۇ چەت جايدا ئۆزلىرىگە لايىق ئۈلپەت تاپالمىغانلىقىدىندۇ. ئېرى كۆپىنچە تۆۋەندە، خىزمىتىنىڭ ئەڭ جاپالىق يەرلىرىدە بولاتتى، بۇنى ئۆزى تەلەپ قىلاتتى، باشقىلارمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىشاتتى. ئىشخانىدا، تۈرلۈك يىغىنلاردا كەمدىن - كەم بولاتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ۋىلايەتتە مۇشۇنداق بىر رەھبەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تېخى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئابدۇرۇسۇل

ئۇنىڭ قىسقا، مەنىلىك گەپ - سۆزلىرىدىن ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن كەم ئۇچرايدىغان بىلىم - پەزىلەت ئىگىسىگە، ئاجايىپ پىشقان، تەدبىرلىك رەھبەرگە خاس ئالامەتلەرنى بايقايتتى. پەقەتلا ئۇ شۇ چاغدا «سەۋدىيىلىك» ھېسابلىنىدىغان باشلىقلارنىڭ ئەكسىچە سىياسەت دەققىدە ئاز سۆزلەيتتى، مەدھىيە سۆزلىرىنى پەقەت قىلمايتتى. كۆپىنچە نەدە مەسىلە بولسا، قىيىنچىلىق بولسا، شۇنى تېپىۋالاتتى، ئېسىلىپلا ئالدىمۇ زادى قويىۋەرمەيتتى. مۇنداق چاغلاردا باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى، ئۆز ئورنى ياكى باشقىلار بىلەن ھېسابلاشمايتتى، زادىلا سولھ قىلمايتتى. ئۇنىڭدەك كىشىلەر ئۆزىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان بىرەر رەھبەرگە - قوللىغۇچىغا ئۇچراپ قالسا نى - نى ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئەمما ئۇلارغا ئۆلگۈدەك ئۆچلۈك قىلىدىغان يەنە باشقا بىر خىل رەھبەرلەر ۋە كۆز - قۇلاقلارمۇ بار، ئۇلار ھەممىلا يەردە ئاشۇلارنىڭ پېيىدە يۈرىدۇ، ئۇلار گېپىنى تەتۈرگە ئۆرۈيدۇ، قەدەمدە بىر قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ ئامالسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۇلار يا رەقىبلىرى بىلەن ئاشكارا ئېلىشىپ كۆكۈم - تالقان بولىدۇ، يا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۆمۈرۋايەت بىر بۇلۇڭدا بۇرۇقتۇرمىلىقتا ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. مۇئاۋىن باشلىق - رەھمجان ئابدۇرۇسۇلنىڭ كۆڭلىدە كۈچلۈك ھەسەتخورلۇق ئويغاتقان تۈنجى رىقابەتچى بولدى.

ئۇ ئۆزىنى ھېچقاچان باشقىلاردىن ئاجىز ھېسابلاپ باقمىغانىدى. لېكىن ئۇ يەنە رەھمجاننىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى چۈشىنىپ، كۆڭلىدە دەگىسەپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن خەۋپ بولالمايدىغانلىقىنى، بەلكى قىل ئۈستىدىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى، ھامان بىر كۈنى غۇلاپ چۈشىدىغانلىقىنى، ئەمما ئاشۇ ۋاقىتقىچە خېلى كۆپ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى، ۋاقتى كەلگەندە بارلىق تۆھپىسىنىڭ ئامان قالغانلارغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. چاندۇرماي، پىرىنسىپ، سىياسەتتىن چەتنىمەي ئۇنى قوللىدى، ئۇنىڭغا يار - يۆلەكتە بولدى، باشقىلارغا گويا ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقاندەك تەسىرلەرنى بەردى. ئۇلارنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى ئىككى ئائىلىگىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. تاكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا قەدەر ئىككى ئائىلە بەك قويۇق بولمىسىمۇ خېلى يېقىن مۇئامىلە قىلىپ ئۆتۈشتى. ئابدۇرۇسۇلنىڭ كۆڭلىدە ئاشۇ سىرلىق سەتەڭ ئايالغا بولغان قىزىقىش، ئارمانىمۇ ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالدى. ئۇ ئەزەلدىن خۇشامەتچىلەرنى كۆزىگە ئىلمايتتى، ئۇلارنى مۇكەممەل ئادەم قاتارىدا كۆرمەيتتى، لېكىن ھاياتتا ئۇلار بولمىسا بولمايدۇ، دەپ قارايتتى ھەم ئۇلاردىن ئايرىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئاياللارغا بولغان قارىشىمۇ خۇشامەتچىلەرگە بولغان قارىشىدىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى.

ئۇ ئەزەلدىن ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە، بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالىشىغا ئىشەنگەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھۈنىرى پەقەت ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، پۇل، بايلىق قوغلىشىش، مەنمەنلىك، غەيۋەت شىكايەت، ئۆي ئىشىدىنلا ئىبارەت، دەپ بىلەتتى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئەرلەر بىلەن تەڭ ئىشلەۋاتقان، بىرەر نەتىجە قازانغان ئاياللارنى بولسا سەت بولغانلىقى، ئەرلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى بولمىغانلىقتىن، ئامالسىز خىزمەت بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇندۇرۇپ يۈرگەنلەر، دەپلا قارايتتى. قورچاقتەك ياسىنىپ يۈرىدىغان ناز - خۇلقلىق ماشىنىستكا قىزلار، سېستىرالار، كۈتكۈچىلەر، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرىلا ئۇنىڭ دىققەت - نەزىرىنى تارتاتتى. ئۇلارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇشاتتى، بارلىق ئاماللار بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا تىرىشاتتى. ئۇمۇ كىچىككىنە خەيرىخاھلىق، ئىلتىپاتلار بەدىلىگە ئۇلارنى

ئاسانلا قولغا كەلتۈرۈۋالاتتى. ئەمما رەھمەتجاننىڭ بۇ سىرلىق ئايالى ئۇ تونۇيدىغان ئاياللارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۇنىڭغا باشقا ئاياللارغا قىلغان مۇئامىلىسىنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خېلى ماھارەت كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئېھتىيات بىلەن قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىشقا تىرىشاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ھەممە ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئېرى ئايلاپ - ئايلاپ سىرتتا يۈرسە، ئۇ ئايلاپ - ئايلاپ تالا - تۈزگە چىقمايتتى. ھەممە كىشىگە ئوخشاشلا تۈز، بەك ئىللىقمۇ ئەمەس، بەك سوغۇقمۇ ئەمەس مۇئامىلە قىلاتتى. ھەر كۈنى گۈگۈم پەيتىدە ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ پىئانىنو چالاتتى. ياۋروپانىڭ كلاسسىك مۇزىكىلىرى بۇ چەت ماكاندا، گۈگۈم قوينىدا لەرزان ياڭراشقا باشلايتتى. ئۇ پىئانىنونى، ياۋروپا مۇزىكىلىرىنى ئەنە شۇ چاغلاردىن تارتىپ ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ھەر كۈنى نامازشامدا ئاشۇ پىئانىنو ئاۋازىنى زارىقىپ كۈتەتتى، بىرەر كۈنى ئاڭلانماي قالسا، بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ قالاتتى.

بىر كۈنى، ھەر قاچانقىدىنمۇ گۈزەل، مۇڭلۇق بىر ئاھاڭدىن ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى، نالە - پەريادقا، مۇڭلۇق ئىلتىجاغا شۇنداقلا يەنە كىمدۇر بىرىنى چاقىرىۋاتقانغا ئوخشايدىغان بۇ سادا ئۇنىڭ تەشنا قەلبىنى بىردىنلا مەست قىلدى.

— ئۇمۇ بەلكىم مەن كۆچۈرۈۋاتقان ھېسسىياتلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدىغاندۇ، ھەر كۈنى بۇ كۈيلەرنى زېرىككەنلىكتىن چالىدىغاندۇ، بۇ كۈيلەر بىلەن بەلكىم مېنى چاقىرىۋاتقاندۇ...

ئۇ سىرتقا چىقتى، ئۆزى تەلپۈنىدىغان ئاشۇ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىك بوشلا يېپىلغانىدى، ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ چىراغ يېقىلمىغان مېھمانخانىغا كىردى.

بۇ چاغدا پىئانىنو ئاۋازى ئاللىقاچان توختىغان، جىمجىتلىق ئىچىدىن غەلىتە بىر ئاۋاز كېلەتتى. ئۇ دەماللىقتا بۇنىڭ نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى، ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئۇۋا قاراڭغۇلۇقتا پارقىراپ تۇرغان پىئانىنونى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېرىم گەۋدىسى بىلەن يىقىلغان، ئاپئاق بىلەكلىرى ئارىسىدىكى بېشى نازۇك گەۋدىسى بىلەن قوشۇلۇپ سىلكىنىپ - سىلكىنىپ تىترەۋاتقان ئايالنى كۆرگەندە ئۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى بىردىنلا چۈشەندى. ئۇ يىغلاۋاتاتتى. ئۆيگە بىرىنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىنى سەزمەي ياكى سەزسىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆزى بىلەن ھەلەك ئىدى، خۇددى قاتتىق ئازار يېگەن دىلى نازۇك بالىلاردەك بوش ئاۋازدا ھۆ تارتىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى.

ئۇ، ئايالغا خېلىغىچە ئۈن - تىنسىز قاراپ تۇردى، خېلىدىن كېيىن قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ قانداق كىرگەن بولسا، شۇنداق چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى ئۇ بۇ، سىرلىق ئايالنىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر يىلتىزلاپ كەتكەن بىر جاراھەت، ئۆمۈرلۈك بىر دەرد بارلىقىنى سەزدى. ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە ئادەملىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇنى ئويلىماسلىققا، ئېسىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىپ يۈردى. كېيىن.... «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلاندى، رەھمەتجانلارنىڭ ئائىلىسى تۇنجى بولۇپ ئىنقىلاب زەربىسىگە ئۇچرىدى. كىشىلەر رەنانىڭ پىئانىنوسىنى چېقىپ تاشلاشتى. ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ پۇلىنى بىكار يېتىپ خەجلىگەنلىكى، بۇرژۇئازىيىچە تۇرمۇش ئادىتى توغرىسىدا ئۇرغۇن چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلاندى. «مەدەنىيەت»تىن باشلانغان ئىنقىلاب بارا - بارا كەسكىنلىشىپ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ھاياتىغا، مال - مۈلكىگە تاقىشىشقا باشلىدى.

ھەممە يەردە تۈرلۈك «ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات»لار ۋە ئۇلارنىڭ زور تۈركۈمدىكى ئەزالىرى پاش قىلىنىپ تۇرمىلەر، ئامما ئۇ تەشكىلاتلارنىڭ يىغىۋېلىش ئورۇنلىرى «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى»، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى»لار بىلەن تولۇپ كەتتى. رەھىمجان بىلەن ئابدۇرۇسۇلمۇ بىر كېچىدىلا تۇتۇلدى. ئەمما ئىككىسىلەنگە قىلىنغان مۇئامىلە ئوپتىمۇ ئوخشىمايتتى. ئابدۇرۇسۇل سىم كاراۋات، تاۋار يوتقانلىرى بار، ئايرىم ئۆيگە «سولاندى»، بالا - چاقىلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ تۇرالايتتى. تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنى پات-پات يوقلاپ كېلەتتى. چوڭ ئىشلاردا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇلار بىر يۇمىلاپلا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان پۇرسەتپەرەسلەر - دە، ئۇلاردا تەجرىبە، تەدبىر نېمىش قىلسۇن. رەھىمجان بولسا، «مەخپىي تۈرمە»گە سولاندى، ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

بىر كۈنى كېچىدە ئابدۇرۇسۇلنى بىر كاتتىباش ئىزدەپ كەلدى. ئۇ پاراڭ ئارىسىدا رەھىمجاننىڭ تەشكىلات مەسىلىسىنى پاش قىلماي جاھىللىق قىلغىنى ئۈچۈن تاياق يەپ ئۆلەر ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى، بەزىلەرنىڭ ئۇنى «قولىدىن ئىش كېلىدىغان خەلققە كېرەكلىك ئادەم»دەپ قاراپ قۇتقۇزۇۋېلىش كويىدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

«قولىدىن ئىش كېلىدىغان، خەلققە كېرەكلىك ئادەم» بۇ سۆزلەر ئابدۇرۇسۇلنىڭ يۈرىكىگە يىڭنىدەك سانجىلدى، ئۇ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئۆزىنى شۇنداق دەپ تەرىپلىگىنىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئۇ نېمىشقىدۇر ئۆزىنى بىئارامداي قالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئېغىز سۆز بىلەن رەھىمجاننىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىنى، ئۇ كاتتىباشنىڭ ئۇنىڭغا بۇ سۆزلەرنى دەپ بېرىشى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇ چاغدا: «رەھىمجاننىڭ تارىخى مۇرەككەپ، ئۇنىڭ مەسىلىسى بىز ئويلىغاندىنمۇ ئېغىرراق...» دېگەنلىكىنى، بۇ سۆزنىڭ ئاغزىدىن قانداقلارچە چىقىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئەمما پەقەت بوغۇق ئاۋازدا شۇنداق جاۋاب بەرگەنلىكىنىلا بىلەتتى، شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا كاللىسى ئېلىشىپ كەتتى، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. مېھمان چىقىپ كەتكۈچە شۇنداق ھالەتتە ئولتۇردى. كېچىچە ئىچى قىزىغاندەك بولۇپ، ئۇيياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى.

ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ نەگىدۇر بارماقچى، ئاغزىدىن چىقىپ بولغان گەپنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولدى، ئەمما پۇتلىرى مېڭىشقا بويسۇنمىدى. ئىككى كۈننى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزدى. ئىككى كۈندىن كېيىن رەھىمجاننىڭ تاياقتىن ئۆلگەنلىك خەۋىرى كەلدى. شۇ كېچىسىلا مېيىتنى ئۆيىگە چىقىرىپ بېرىشتى. ئەتىسى پېشىن ۋاقتى بىلەن ئونغا يەتمەيدىغان كىشى رەھمەتلىكنى تۇپراق بېشىغا ئېلىپ چىقتى. بۇ بەلكىم ئاشۇ جاينىڭ تارىخىدىكى ئەڭ داغدۇغىسىز، جىمجىت ئۆتكەن ئۆلۈمدۇ. كىشىلەر تاۋۇت ئارقىسىدىن باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ جىمجىتلا مېڭىشاتتى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن قايغۇ ياكى خۇشاللىق بىلىنمەيتتى، پەقەت ھەممىنىڭ ئالدىدا بېلىگە ئاق باغلاپ كېتىۋاتقان بىر كىچىك ئوغۇل بالىنىڭ بوغۇق نالە-پەريادىلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ئاڭلىغان كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتەتتى. ئابدۇرۇسۇلمۇ ئاشۇ كىشىلەر بىلەن بىللە تۇپراق بېشىغىچە باردى. ئەمما ئۇلار تۇپراق بېشىغا

بىبارغاندا، ئۇ يەردە ئالدىراقچان ھازىرلىنىپ تۇرغان بىر توپ قوراللىق كىشىلەر: «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار، تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئىنقىلابىي ئاممىا بىلەن بىر يەردە يېتىشىغا رۇخسەت يوق» دەپ، ھېيىتنى يەرلىكتە قويۇشقا يول قويمىدى. كىشىلەر ئامالسىز ئۇنى يول بويىدىكى بىر يارلىققا قويۇپ قويدى. رەھىمجاننىڭ كىچىككىنە ئوغلى ئېگىز دۆڭدە يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن يالغۇز قەبرىگە ئۆزىنى ئېتىپ، بوغۇق ئاۋازدا: «دادا، دادا... سەن نېمىشقا ئۆلۈپ كەتتىڭ دادا...» دەپ ئۇزاق يىغلىدى. كىشىلەر مەجبۇرىي تارتىپ ئېلىپ ماڭغاندىمۇ كەينىگە قاراپ - قاراپ يېتىم قوزىدەك بوزلاپ ماڭدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئابدۇرۇسۇل ئىنقىلابىي كادىرلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ئىنقىلابىي كومىتېتقا كىرگۈزۈلدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ باشقىلارنىڭ رەھىمجاننىڭ بالا - چاقىسىنى ئۆيىدىن كۆچۈرۈۋېتىشىگە يول قويمىدى. ئۇلارغا بىلىندۈرۈپ، گاھ بىلدۈرمەي كۆپ ياخشىلىق قىلدى. رەنانىڭ خىزمىتى، مائاشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئېرىنى قايتا دەپنە قىلىش، بالىسىغا بېرىلىدىغان تۇرمۇش ياردەم پۇلى مەسىلىلىرىگە قەدەر ئۆزى ئارىلىشىپ ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ بەردى. رەنا بىلەن ئوغلى ئۇنىڭدىن مىننەتدار ئىدى. ئۇ ئەندى رەنانى ھېچقانچە كۈچىمەيلا قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى.

كۈتمىگەندە، رەنا توغرىسىدا باشقىچە بىر پاراڭ تارقىلىپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشخانىسىغا يېڭىدىن تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن ياش يىگىت بىلەن ئوينايدىغانلىقىنى، دەرۋازا باقىدىغان بوۋاينىڭ ئۇلار ئىككىسىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى سۆزلىشىپ يۈرۈشتى. بىر كۈنى، كىچىك بالىسىنىڭ يىغىسى، داد - پەريادىدىن چۆچۈگەن كىشىلەر رەنانىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىشكىنىدە، گۇناھكار ئايالنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ يېتى، قاپقارا بولۇپ قېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈشتى. ئۇ، زەھەر ئىچىۋالغانىدى.

كىشىلەر بالىغا ئىچ ئاغرىتىشتى. بەزىلەر كۆز يېشىمۇ قىلدى. رەنانىڭ بىر يۇرتدىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بالىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

ئۇ ئاشۇ يادىكار ئىدى. ئاتا - ئانىسى ئۆز قىسمەتلىرىنى ئالدىن بىلگەندەك ئۇنىڭغا «يادىكار» دەپ ئىسىم قويۇشقانىكەن. ئابدۇرۇسۇل ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىشكە تەييارلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، بىر كۈنى ئۇنى كوچىدا، ساقچىنىڭ ئالدىدا كۆردى. دۈمبىسىدە ئۆڭگەن ئاچيېشىل يۇڭ ئەدىيالغا ئورالغان يوتقان - كۆرپىسى بار ئىدى. كىيىملىرى يىرتىق، ئۆزى جۇدەڭگۈ، روھسىز ھالدا كېتىۋاتاتتى. ئابدۇرۇسۇل شۇ يەردىلا ساقچىنى يولغا سېلىۋېتىپ، يادىكارنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. نېمىشقىدۇر شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ بالىغا باشقىچە مېھرى چۈشۈپ كەتتى. بەلكى ئاتا - ئانىسى ئالدىدىكى جىنايىتىنى يۇيۇش، ۋىجدان ئازابىنى يەڭگىللىتىش كويىدا ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغاندۇ. يا بولمىسا ئۆزىدە ھېچكىم قوزغىيالمىغان ھېسسىياتلارنى قوزغىغان ئاشۇ ئايالنىڭ بالىسى بولغاچقا، كۆزىگە مېھرىلىك كۆرۈنىدىغاندۇ... ئەمما ئۇ ھېلىھەم يادىكارنىڭ كۆزلىرىگە قارىيالمايدۇ. بەزىدە گويا يادىكار ھەممىنى بىلىدىغاندەك، ھەممىدىن خەۋەرداردەك بىلىنىپ ئۆزىچە دەككە - دۈككىگە

چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ، يادىكارنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ھېچنەرسىسىنى ئايىمىدى. ئۇ بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆمرى تۈرمىلەردە ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتىغۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ساۋابلىق ئىشىنى كىشىلەرگە سۆزلەپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. كونا بۇرادەرلەر، تونۇش - بىلىشلەر كېلىپ قالسا، يادىكارنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— مانا بۇ رەھمەتجاننىڭ بالىسى، چوڭ بولغانچە دادىسىغا ئوخشاپ كېتىۋاتقىنىنى قاراڭلار، رەھمەتلىك بىباھا ئادەم ئىدى، مىللەتنىڭ بايلىقى ئىدى-دە، ھەي... دەپ خۇرسىنىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ كونا سەپەرداشىنىڭ يېتىم بالىسىنى بېقىپ قاتارغا قوشقىنىنى ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كېتىشىدۇ. بۇ گەپلەردىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدۇ. گاھىدا ئۆزىمۇ رەھمەتلىك كارىنىڭ ئۆزىدىن ئۇ ئالەم، بۇ ئالەم رازى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپمۇ قالىدۇ.

* * *

ئايالى كەلدى. بۈگۈن ئۇ سۇسىيېشىل چەت ئەل رەختىدىن تىكىلگەن ئاق تۈگمىلىك ئۇزۇن خالات، پۇتىغا يېڭىك ئاق تۇپلەي كىيىۋالغانىدى. قولىدىكى كىچىككىنە سومكىسىمۇ ئاق رەڭلىك ئىدى. كېلىشكەن، سۈيۈملۈك ياش چىراي، پاكىزە يېشىل ۋە ئاق رەڭلەر كىشىدە ئازادىلىك ۋە بەخت تۇيغۇسىنى قوزغايتتى. بۇ تۇيغۇ ھەر قاچانقىدەك ئۇنىڭغا تۈگىمەس لەززەت بېغىشلىمىدى، ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ تۇيغۇنىڭ ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. بىراق، ئۇنى ئىلكىگە ئالغان بۇ تۇيغۇنىڭ قايسىدۇر بىر بۇرجىكىدە سەت، قېرى، مايمۇن سۈپەت بىر مەخلۇق چىشسىز قىپقىزىل ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئۇنىڭغا قاراپ خىرىلداپ كۈلۈۋاتقاندەك: ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنچىۋالا ياسىنىدۇ؟ ئۇ كىم ئۈچۈن ياسىنىدۇ؟ ئەجەبا سېنىڭ ئۈچۈنمۇ؟ ئەخمەق! قىپقىزىل ئەخمەق... دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ، خىيالىدىكى ھېلىقى مەخلۇقنى راستىنلا قوغلىماقچى بولغاندەك ئىختىيارسىز قوللىرىنى سىلكىدى ۋە كۆزىنى ئايالىغا يۆتكىدى. ئايالى كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىدىكى دېۋاندا پوپايكا توقۇپ ئولتۇراتتى، چىرايىدا يەنە ھېلىقى ئۆزگەرمەس تەبەسسۇم، خۇددى رەسىمگە چۈشۈۋاتقاندەك ياكى تېلېۋىزور ئېكرانى ئالدىدا رول ئېلىۋاتقاندەك. پات - پات بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىشىككە كۆز تاشلايتتى، كۆزلىرى نېمىنىدۇر، كىمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك ئىدى. بەلكى ھېلىقى ياش دوختۇرنى ئىزدەۋەتكەن... قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ بەكمۇ يېقىشلىق ئايال. ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە يېنىمدا مۇشۇنداق بىر ئايالنى كۆرۈپ تۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھوزۇر.

ئايالى بۈگۈن ئۇنىڭغا چوڭ ئوغلىنىڭ خېتىنى ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئەركىن ئىككى يىلدىن بېرى توكيودا ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ، ئوغلىنىڭ خېتىنى ئېچىشقا ئالدىرىمىدى، كۆزىنى ئايالىدىن ئۈزمەي، ئەمدى ئۇنىڭ بىر پارچە يېشىل بۇلۇتتەك يەڭگىل مېڭىپ يۈرۈشىگە قاراپ جىمىدە ياتتى. چۈنكى ئۇ، ئوغلىنىڭ سۈتتەك ئاق، يالتىراپ تۇرىدىغان ياپون قەغىزىنى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان، كىشىنى خۇشال قىلمايدىغان، بەكمۇ غەلىتە گەپ - سۆزلەر بىلەن توشقۇزۇپ ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ گەپلىرىنى كۆتۈرەلمەيمۇ قالاتتى. خاپا بولۇپ، بىر نەچچە ئايلارغىچە خەتمۇ يازمايتتى. ئەمما، نېمىلا قىلغان بىلەن بالىدە، تېخى ياش، ئاق - قارىنى، دۇنيانىڭ ئوي - دۆڭىنى بىلمەيدۇ. يەنىلا دادا بولغۇچىنىڭ مەسلىھەتىگە، يول كۆرسىتىشىگە مۇھتاج بولىدۇ. ئاخىرى يەنە چاندۇرماي

سىلىققىنە پەندى ـ نەسىھەتلەرنى قوشۇپ خەت يازاتتى. ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە يەنە ھېلىقىدەك جاۋابلار، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، تولۇمدىن توخماق چىققاندەك ئاجايىپ كېپلەر كېلەتتى.

ئۇ، خەتنى كەچتە، كارىدوردىكى ئاياغ ئاۋۇشلىرى، گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋازلار ئۆچۈپ، ئەتراپنى كېچىنىڭ جىمجىتلىقى قاپلاشقا باشلىغاندا ئۆزى يالغۇز ئاچتى. دەسلەپتە ئۇنىڭ قولىغا بىر پارچە رەڭلىك سۈرەت چىقتى. ئۇ ـ ئەركىننىڭ پاراخوت رېشاتكىسىغا يۆلىنىپ تۇرغان كۆرۈنۈشى ئىدى. يان تەرەپتىن ھەشەمەتلىك پاراخوت سەھنىسىنىڭ بىر قىسمى، سايىۋەنلىك ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشقان كىشىلەر چالا ـ بۇلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئارقا تەرەپ پايانسىز، كۆپكۆك ياپون دېڭىزى ئىدى. يىراقتا بېلىقچى قۇشلار ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى...

ئۇ ئوغلىغا تىكىلدى. ئۇ قېنىق رەڭلىك كاستيۇم كىيگەن، گالستۇك تاقىغانىدى، سەل بۇدرە كەلگەن سارغۇچ قوڭۇر چاچلىرى شامالدا ئۇچۇپ تۇراتتى. قويۇق قاشلىق قوشۇمىسى چىڭ تۈرۈلگەن، چوڭ ـ چوڭ، قاتلىرى كەڭ كۆزلىرىدە بىر خىيال، ئىنچىكە بۇرۇتى ئاستىدىكى سەل يوغانراق ئەمما چىرايلىق كەلگەن ئاغزى خۇددى بىرەر سۆزنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك مەھكەم يۇمۇلغانىدى. بەستىدىن ياشلىق، ساغلاملىق ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ يىگىت ئۇنىڭ ئوغلى. بەزىلەر ئۇنى ئۆزىگە ئوخشىتىدۇ. ئۇ، ئەركىننىڭ قايسى تەرىپى ئۆزىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، مۇشۇنداق سۆزلەرنى ھوزۇرلىنىپ ئاڭلايدۇ.

ئۇ، سۈرەتنى بىر چەتكە قويۇپ قويدى. ئوغلىنىڭ ھەر قاچانقىدەك قەغەزنىڭ تەييار سىزىقىنى تاشلاپ يازغان، چېچىلىپ تۇرىدىغان، نېمىسى بىلەندۇر ئۆزىنى ئەسلىتىدىغان خەتلىرىنى كۆرگىنىدە ئىختىيارسىز قوشۇمىسىنى تۈردى. ئوغلى خېتىدە ئۆزىنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى، تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ياپونىيىنىڭ شىمالىدىكى ئۆلكىسى بېيخەيداۋغا بارغانلىقىنى، ئۇ يەرنىڭ پايانسىز يايلاقلىرىنى كۆرۈپ، يۇرتىنى، تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى يايلاقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنلىكىنى، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قىزغىن، مېھماندوستلۇقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىندىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئىنگلىزچىدىمۇ خېلى ئىلگىرىلەپ قالغانلىقىنى، بەزى مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى، كاللىسىدا يېڭى پىكىر، يېڭى قاراشلارنىڭ قايناپ ـ تېشىپ تۇرغانلىقىنى يازغانىدى. ئۇنىڭ پەرىزى خاتا چىقمىدى. ئوغلى بۇ قېتىممۇ ئۇنى رەنجىتىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇ، خېتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ باللىق ۋاقىتلىرىنى ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «... بىلەمسەن دادا، كىچىك ۋاقىتلىرىمدا سەن ھوقۇقۇڭ، سالاپىتىڭ، گەپ ـ سۆزلىرىڭ، قەھرىلىك چىرايىڭ ۋە باشقا ھەممە، ھەممە تەرەپلىرىڭ بىلەن نەزىرىمدە گويا كۆز يەتكۈسىز زور تاغ ئىدىڭ. مەن چۈشۈمدىمۇ، ئويغۇمدىمۇ ئاشۇ تاغنى كۆرەتتىم. ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى ئاسماننىڭ، دۇنيانىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى توسۇۋالاتتى. تاغنىڭ ئارقىسىدىكى كۆپكۆك ئاسمان، پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشلار، ياپيېشىل يايلاقلار، باغلار، ئېتىزلار مېنى شۇنچىلىك ئۆزىگە تارتاتتى. مەن ئاشۇ قۇشلارغا ھەۋەس قىلاتتىم، ئاشۇ قۇشلاردەك قانات چىقىرىپ ئېگىز ئۇچۇشنى، تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆزۈم ئارزۇلىغان ئاشۇ كەڭرى دۇنياغا چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما ئاشۇ تاغ ھامان مېنى توسۇپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ غايەت زورلۇقىنى بىلەتتىم، قاراپ كۆزۈم يەتمەيتتى. مەن خېلى چوڭ بولغىچە بۇ ھېسسىياتنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىدىم، مەن ھېلىھەم خىيالىمدىكى ئاشۇ تاغقا كۆز تىكىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئويلايمەن... راستىنى ئېيتسام، ساڭا نىسبەتەن بەك چوڭ كۆرۈنىدىغان

ئەرسىگە يىراقتىن قاراش كېرەك ئىكەن، پەقەت شۇندىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايدىكەنسەن. ئۇ ھەقتە يۈرەكلىك پىكىر يۈرگۈزەلەيدىكەنسەن.

بىر ئىش يادىڭدىمۇ دادا؟ ئون ياش ۋاقتىلىرىم بولسا كېرەك، تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ قالدىم. ئانام بىچارە ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئايلىناتتى. تاپىلىشىڭ بويىچە دوختۇر كەلدى. شۇ يات كىشى چىرايىدا ماڭا كۆپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. باش - كۆزۈمنى سىلىدى. مەن بىلەن ئۇزاققىچە چوڭ ئادەم بىلەن پاراڭلاشقاندەك پاراڭلاشتى. سەن ئادەتتىكىدەك كىرىپ - چىقىپ يۈردۈڭ. بىر قېتىممۇ مېنىڭ كاردۇتىمىنىڭ يېنىغا — ساڭا مۆلدۈرلەپ قاراپ ياتقان ئوغلۇڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ باقمىدىڭ. بىرلا قېتىم، ئۇخلاۋاتقان چېغىمدا پېشانەمنى تۇتۇپ كۆردۈڭ. ئۇ قىش پەسلى ئىدى. سەن تالادىن كىرگەچكە قوللىرۇڭ مۇزدەك ئىدى. مەن ئويغىنىپ كەتكەن بولساممۇ، قوللىرىڭنى تارتىۋېلىشىڭدىن قورقۇپ قىمىر قىلماي ياتتىم. ئىچىمدە يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى. مەن سېنىڭ بىرەر ئېغىز مۇلايىمراق سۆز قىلىشىڭنى، ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىمدا بولسىمۇ، ئەركىلىتىپ قويۇشۇڭنى ئۈمىد قىلغانىدىم، ئەكسىچە سەن:

— ھۇ، ئىتنىڭ بالىسى... ماڭا تېپىپ بەرگەن ئاۋارىچىلىقلىرى ئازدەك، يەنە بۇ بالانى تاپقىنىنى قارا! — دېدىڭ.

شۇنداق، دادا. سەن ئەزەلدىن ئۆز بالىلىرىڭنى چۈشەنمەيتتىڭ، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايتتىڭ. دۇنيادا ھەممىدىن مۇھىم ئادەم سەن، ھەممىدىن مۇھىم ئىش سېنىڭ ئىشىڭ، ھوقۇقۇڭ ئىدى. باشقىلار ئادەم ھېسابلانمايتتى، باشقا ئىشلار ئىش ئەمەس ئىدى. ھەممە ئادەم، ھەممە ئىش، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاغرىپ قېلىشىمۇ سېنىڭ ئارزۇيىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى. دادا، مەن ساڭا، ئائىلىمىزگە، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتكەن يىللىرىمغا ئېچىنىمەن. سەن ھوقۇق ئۈچۈن ياشىدىڭ، كۈرەش قىلدىڭ. (بۇ ئەمەلىيەتتە سەندىكى ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكنىڭ باشقىچە ئىپادىلىنىشى). ھوقۇققا بولغان خۇمار، ئاچكۆزلۈك سېنىڭ نەزىرىڭدىكى دۇنيانى غەلىتە، قىيسىق ھالەتكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. بىز ئەنە شۇنداق غەلىتە، قىيسىق ھالەتتە، نورمال بولمىغان مۇھىتتا ئۆستۇق. گۆدەك قەلبىمىزدە يېتىلىشكە باشلىغان بارلىق گۈزەل ھېس - تۇيغۇلار مايسا ۋاقتىدىلا يۇلۇۋېتىلەتتى. بىز شوخلۇق قىلالمايتتۇق، باشقا بالىلار دادىسىغا ئەركىلىگەندەك ساڭا ئەركىلىيەلمەيتتۇق. كۆڭلىمىزدىكى سۆزلەرنى دادىل سۆزلىيەلمەيتتۇق. باشقىلارغا خالىغانچە ھېسداشلىق قىلالمايتتۇق ياكى خالىغانچە دوست تۇتالمايتتۇق. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى، ھەممىسى سېنىڭ رايىڭ بويىچە بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئەمما سەن بىزگە ئەزەلدىن نەزىرىڭنى سېلىپ قويمايتتىڭ. كۆز نۇرۇڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن تامنىڭ، ئۆي جاھازلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەندەك تېز ئۆتۈپ كېتەتتى. بىز بىلەن پەقەتلا كارىڭ بولمايتتى. بىزنىڭمۇ يۈرىكى تېپچەكلەپ تۇرغان، مېھرى - مۇھەببەتكە تەشنا ئىنسان بالىسى ئىكەنلىكىمىزنى ھېسابقا ئالمايتتىڭ. ئانام سېنىڭ ئالدىڭدا تىترەيتتى. بىزمۇ سەندىن قورقاتتۇق. راسا ئوينىۋاتقان بولساق، سېنىڭ ئاياغ تىۋىشىڭ - ئاشۇ ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئاياغ تىۋىشىڭ ئاڭلىنىشى بىلەنلا بۇلۇڭ - بۇلۇڭغا بېرىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالاتتۇق. قاچانلاردىن تارتىپكىن، مېنىڭدە سەن بىلەن، مەكتەپتىكى سېنىڭ نامىڭنى ئاڭلىسىلا چىرايىدىن سۈنئىي تەبەسسۇم ياغدۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قارشىلىشىش ئارزۇسى پەيدا بولدى. بۇ تەرسا ئارزۇ مېنى نابۇت قىلغىلى تاس قالدى. ئەمما ئۇ يەنە مېنى شامالغا قاراپ لىڭشىپ تۇرىدىغان، ئادەتتىكىچە، چاكىنا ئادەم بولۇپ قېلىشتىن ساقلاپ قالدى. بۇ

www.uyghurkitap.com

كېيىنكى گەپلەر. شۇنداق، دادا، بىزدە نەشۇنداق چولڭ بولدۇق. ئانام جاپا - مۇشەققەت، دەككە - دۈككە ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتتى. مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئىشتىن ۋاز كېچىپ، سېنىڭ ئارزۇيۇڭ بويىچە ئاشۇ تىقما - تىقماق ئەمەل سورۇنىغا قىستىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. سىڭلىم تۇرمۇشتا بەختسىز بولدى. ئىنىم ئەكبەر ئاشۇ ھوقۇققا بەك ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن جىنايەت يولىغا ماڭدى. يادىكار بەلكىم ئائىلىمىزدىكى ئۆزى خالىغان يولغا ماڭالىغان بىردىنبىر كىشىدۇ. بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆز پۇشتۇڭ ئەمەسلىكى سەۋەبچى بولغاندۇ. ئەمما مەن ئاشۇ يادىكارغا بەكمۇ ھەۋەس قىلىمەن.

مەن بەزىدە مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۈزەتكىلى بولماسمۇ؟ دەپ ئويلاپ كېتىمەن. دادا، جۇڭگو ئىشىكىنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى بۇرۇنراق يولغا قويغان بولسا، سەنمۇ بۈگۈنكى دۇنيانى كۆرگەن بولساڭ - ھە؟ سەن شۇ چاغدا ئاشۇ تار مۇھىتتا بەك مۇھىم دەپ قارىغان ئىشلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەسلىكىنى، ئىنساننىڭ ئەقىل - پاراسىتى، ئىجادىي كۈچى ۋە ھاياتلىق پائالىيەت دائىرىسىنىڭ ئۇنداق تار، ھەممىسى بىر قېلىپتا ئەمەسلىكىنى، سەن توغرا، قىل سىغماس ھەقىقەت دەپ قاراپ كەلگەن تۇرمۇش ئەقىدىلىرىڭنىڭ ئەمەلىيەتتە ئادەمنى نابۇت قىلىدىغان بىر چۈشەكتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بالدۇرراق تونۇپ يەتكەن بولاتتىڭ...

ئۆتكەن يىلى مەن ئۆيگە قايتقان ۋاقتىمدا زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدا ھوقۇقپەرەسلىكنىڭ بەكمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم (مەن ھەقىقىي تەشكىلاتچىلار ۋە ئىقتىدارلىق باشقۇرغۇچىلارغا ھۆرمەت قىلىمەن). ئۇ خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشاش، چاپلاشقانلىكى ئادەمنى كاردىن چىقارماي قويمايدىكەن. ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغان ئادەم ئەقەللىي ئىنسانىي تۇيغۇلىرىنى، باشقا بارلىق گۈزەل پەزىلەتلىرىنى يوقىتىپ، خۇددى بىر قېلىپتىن چىققاندەك، ھەممىسى بىر خىللا ئويلايدىغان، بىر خىللا سۆزلەيدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇتىدىغان سۈرلۈك - سىپايە ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالىدىكەن.

دادا، سەن بىلەمسەن؟ جۇڭگو دۇنيا بويىچە ئەمەلدار ئەڭ كۆپ دۆلەت. بىزنىڭ مەلۇم بىر ئۆلكىمىزدىلا 1 مىليوندىن ئارتۇق ئەمەلدار بار. ئۇنداقتا مەملىكەت بويىچە قانچىسى باردۇ؟

مەن شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ، نى - نى ئىشلارنى قىلىپ كەتكۈچىلىكى بار بەزى كىشىلەرنىڭمۇ ئاللىقاچان تىقما - تىقماق بولۇپ كەتكەن ئاشۇ ئەمەل سورۇنىغا نېمانچە ئۆزىنى ئۇرىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمەيمەن.

بۇ، نەچچە مىڭ يىللىق فېئودالىق تۈزۈم كىشىلەرنىڭ قان - قېنىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن زوردىن، ھوقۇقتىن قورقۇش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ داۋامىمۇ ياكى نوپۇسنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ كېتىشى ۋە ۋاقىتلىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئۈمىدسىزلىك، روھىي جەھەتتىكى جەددىيلىكنىڭ ئىپادىسىمۇ؟ ۋە ياكى ئىنسان روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ھۇجۇم قىلىش، ئىگىلىۋېلىش، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئارقىلىقلا ئارام تاپىدىغان تۇغما پىسخىك ھالەتنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىمۇ؟

توغرا كېلىپ قالغىنى ئۈچۈن، يەنە بىر ئىشنىمۇ قىستۇرۇپ دەپ ئۆتەي: يېقىندا مەن مەلۇم بىر پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى بىر تەتقىقاتچى بىلەن بىرگە بولۇپ قالدىم. ئۇ بىر

ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىمىزنىڭ تەركىبىدە بۇ يەرگە كەپتىكەن. ئۇ ئۆز سۆزىدە ئىلگىرى ئۆزلىرى تۈزۈپ ئىشلىگەن ئۇزۇن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئوغرىلاپ كېتىلگەنلىكىنى، بەزىلەرنىڭ ئىلگىرىكىلەر ئاللىقاچان ئىشلەپ بىر يەرگە ئاپارغان تېمىلار توغرىسىدا تېرىپ - ئۆشەپ خۇلاسە يېزىپ مۇكاپات ئېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا: سىلەر ئاشۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە نېمە ئۈچۈن ئىگە بولمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئىشنى ئۆزۈڭلار ئاخىرىغا ئېلىپ چىقمايسىلەر؟ ھەممىڭلارنىڭ پىكىر - خىيالى ئەمەلدىلا بولسا، باشقىلار تەييارغا ھەييار بولماي نېمە قىلاتتى؟ دېدىم. مەن يەنە: سىلەر — بىزنىڭ بەكمۇ ساناقلىق تەتقىقاتچىلىرىمىز، ئالىملىرىمىز، پروفېسسورلىرىمىز، باشقىلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەۋلادلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرمىسەڭلار، مىللىتىمىز ئىچىدىن ھەقىقىي باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىش — ئىزدىنىش روھىغا ۋە كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە بىر ئەۋلاد (بىر نەچچە يۈز، بىر نەچچە مىڭ ئەمەس!) كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولارمۇ؟! بۇ يەردە: كىمنىڭ ئەۋلادى يارامىلىق بولسا، 21 - ئەسىر شۇنىڭغا تەۋە دەيدىغان سۆز بار، دېدىم. بۇ مېنىڭ چوڭ سۆزلىگىنىم ئەمەس. يۇرتىمىزدا كىشىلەر دادىلىراق سۆزلەيدىغانلارنى چوڭ سۆزلەيدىغانلار، دەيدۇ. ئەمما مەن بۈگۈن شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەنكى، ئۈمىد ھەرگىزمۇ باشقىلار نېمە دېسە، خوپ دەپ ئولتۇرىدىغانلاردا ئەمەس، بەلكى ئاشۇنداق تار رامكىنى، بىر تەرەپلىمىلىكنى، يالغان سۆزلەرنى ۋە ئادەت كۈچلىرىنى بۆسۈپ چىقالايدىغان، تېخىمۇ يىراققا ۋە كەڭلىككە نەزەر سالالايدىغان كىشىلەردە.

ئويلىغانلىرىم كۆپ ئىدى. پىكىرلىرىم چېچىلىپ كېتىپ تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەي قالدىم. سېنى يەنە رەنجىتكەندىمەن. ئەمما، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، دادا. كىچىك بالا ۋاقتىلىرىمدىلا مەن سەندىن پەخىرلىنەتتىم... مېنى چۈشىنەرسەن. ئىنى، سىڭىللارغا، ھەدىمىزگە مەندىن سالام ئېيت.

ئوغلۇڭ ئەركىن.»

ئۇ، خەتنى پۈرلاپ يەرگە ئاتتى. ئۇنىڭغا قانائەت قىلماي ھاسىسىنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ تازىلىق ئۆيىگە، ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىۋېتىپ چىققاندىن كېيىنلا ئاچچىقى بىر ئاز پەسەيگەندەك بولدى. لېكىن، ھاسىردىشىنى خېلىغىچە باسالمىدى، يۈرىكىمۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەندەك ئېگىز - پەس سوقاتتى. قولىنى ئۇزىتىپ ئايالى قۇيۇپ قويغان سوغۇق چاينى غورتۇلدىتىپ ئىچتى ۋە خەتنى، ئىنسابسىز ئوغلىنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتىشكە ھەرىكەت قىلىپ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆرۈلۈپ جىمىدە ياتتى. لېكىن، ھېچقانداق قىلىپ خىيالىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. ئاخىرى ئورنىدىن قوپۇپ ياستۇقنى ئېگىزرەك قويۇپ، ئارقىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. كۆرپىنىڭ تېگىدىن ئېھتىيات ئۈچۈن تىقىپ قويغان بىر قاپ تاماكىنى ئالدى، تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئۇنىڭدىن بىر تالنى ئېلىپ ئوت ياقتى ـ دە، نىكوتىنلىق ئاچچىق ئىسنى كۈچەپ ئىچىگە تارتىشقا باشلىدى.

— ئەركىن، ھەي ئەركىن... كىچىكىڭدىنلا سەن شۇنداق تەرسا، ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان بىر بالا ئىدىڭ... بىراق، سەن ھازىر چوڭ ئادەم بولۇپ قالدىڭ، ئاتا - ئاناڭنى، ئاتا - ئاناڭ ئۈچۈن سېنى بېقىپ قاتارغا قوشۇشنىڭ ئاسانغا چۈشمىگەنلىكىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك ئىدي... ئەجەبا، قانداق چوڭ بولغىنىڭنى، ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ

ھە، ئىنسابسىزا ئۇ، قويۇق تاماكا ئىسى ئىچىدە كۆزلىرىنى قىسقىنىچە قەيەرگىدۇر تىكىلىپ قالدى...

ئەركىن ئۇلار توي قىلىپ خېلى يىللاردىن كېيىن، ئۇ، ئايالىنى تونۇماسلىقتا ئەيىبلەپ قويۇۋەتەكچى بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا تۇغۇلدى. شۇ يىللىرى ئۇ، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى يېڭىدىن داڭ چىقىرىشقا باشلىغان بىر ياش ناخشىچى بىلەن يوشۇرۇنچە ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ، ئايالىنىڭ ئېغىر ئاياغ بولغىنىنى بىلگەندىن تارتىپ، باشقا ئاياللار بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىسىنى چورت ئۈزدى. قىسقىسى، ئەركىن ئۇلارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئائىلىسىنى قۇتقۇزدى. ئارقىدىن ئەكبەر، گۈلشەنلەرمۇ دۇنياغا كەلدى. ئەمما، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئايالى كېسەلچان بولۇپ قالدى. بارا ـ بارا ئۇ ھېلىقى ئارتىس ئايال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. ئارقىدىن يەنە باشقا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ يۈردى. ئۇ، ئايالىنىڭ يېنىغا ئايدا ـ يىلدا، بەزى كەيپ بولۇپ قالغان چاغلىرىدىلا كېلەتتى. ئايالى ئۇنىڭغا ئىتائەتلا قىلاتتى، ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلمايتتى. ئايالى گەپ قىلمىغىنى بىلەن، ئۇ، ئايالىنىڭ كۆڭلىدە ئازابلىنىدىغانلىقىنى، كېچىلىرى يوشۇرۇنچە كۆز يېشى قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. تۇرۇپلا ئايالىغا ئىچى ئاغرىپمۇ قالاتتى. ئۇنىڭغا يەنە ۋاپاسىزلىق قىلماسلىق توغرىسىدا ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدىمۇ بېرىپ باقاتتى، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى توسۇپ قالالمايتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يىراقلىشىشتىن پەيدا بولغان ھاڭ بارغانسېرى زورىيىۋەردى. بۇ ھالەت بالىلارغىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. بولۇپمۇ ئەركىن ئانىسىغا يېقىن ئىدى. ئۇ، ئوغلىنىڭ ئۆزىگە گۇمان بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالغانلىقى، چۈشىنىدىغانلىقىنى سېزەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ قاراشلىرى تاكى چوڭ بولغىچە ئۆزگەرمىدى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ مىجەزىدىكى غەلىتىلىك، تەرسالىق مانامەن دەپ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ مۇشتەك ۋاقىتلىرىدىلا ئۆزىدىن بىرلا ياش كىچىك ئىنىسى ئەكبەر بىلەن چىقىشالمايتتى. ئەكبەر گېپى تاتلىق، ئاتا ـ ئانىسىغا، بولۇپمۇ دادىسىغا ياخشى كۆرۈنۈشنى خالايدىغان بالا ئىدى. رەتلىك، پاكىزە كىيىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۆزىمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭدەك بالىنى كىممۇ ياخشى كۆرمىسۇن. ئۇ داۋاملىق ئاكىسىنىڭ ھەر خىل كەپسىزلىكلىرىدىن ئاتا ـ ئانىسىنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇراتتى. ئەركىن تولاراق ئۇنىڭ شۇ ئىشىغا چىدىيالمايتتى. ئۇلار ئىككىسى چۈجە ـ خورازلاردەك ياقىلىشىۋاتقاندا، كىچىككىنە گۈلشەن قولىدىكى قورچاقنى تاشلىۋېتىپ، ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلايتتى، ئەركىن ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈشى بىلەنلا، ئەكبەرنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتەتتى-دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ يەردىكى قورچاقنى ئېلىپ سىڭلىسىغا تۇتقۇزاتتى، دومىلاق مەڭزىلىرىدىكى ياش يۇقىنى سۈرتۈپ، ئۇنى ئوينىتىپ كېتەتتى، گۈلشەنمۇ ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئامراق ئىدى. كېيىن ئۇ مەكتەپكە كىردى ۋە شۇ كۈندىن تارتىپلا ئوقۇتقۇچىلىرىنى قاخشىتىشقا باشلىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ كەپسىزلىكىگە ھەيران قېلىشاتتى، ئارقىدىن تەسەللىي ئۈچۈن: «بالا تېخى كىچىك، چوڭ بولسۇنچۇ قېنى، چوڭ بولغاندا بىراقلا بېسىقىدۇ» دېيىشەتتى. نەدىكىنى، ئۇ چوڭ بولغانچە قىلىقلىرىمۇ بىللە چوڭىيىدى. باشلانغۇچ مەكتەپتە بەك بولسا مەكتەپتىن قاچاتتى، ئوتتۇرا مەكتەپكە

چىققاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قارشىلىشىدىغان، ئۇلاردىن كەلسە - كەلمەس سوئاللارنى سوراپ دەرس تەرتىپىنى بۇزىدىغان، بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىگە پەقەتلا كىرمەيدىغان بولۇۋالدى. ھەتتا بىر سىنىپ ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەممىسىنى كەينىگە سېلىۋېلىپ، سىنىپنى قورۇق- داپ قويغان، ئوقۇتقۇچىنى دەرس ئۆتۈشكە ئامالسىز قىلىپ قويغان ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. ئاخىرى بىر كۈن ئۇنىڭ سىنىپ مۇدىرى ئابدۇرۇسۇلنى ئىزدەپ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ قاتتىق ئازار يېگەن قىياپەتتە ئىدى. قوللىرى، ئاۋازى تىترەيتتى، ھەتتا يىغلامسىرايتتى. ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا ئەركىنىنى ئەندى ئۆز سىنىپىدا ئوقۇتالمايدىغانلىقى، مەكتەپتىكى باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ ئۇنى سىنىپىغا ئېلىشنى خالىمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭغا نېمە ئامال بولسۇن. شۇ چاغدا ئۇ، ئەركىنىنى ساۋاق ئالار، ئەندى ئادەم بولار، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئابدۇرۇسۇل ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئاشۇ ئوقۇتقۇچىلار ئالدىدا، ماتارىپ بۆلۈمىدىكى ئاشۇ ئەرزىمەس كىشىلەر ئالدىدا نەچچە قىزىرىپ، تاتاردىكى، شۇڭا ئەركىنىنى كۆرسىلا ئۇنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى تۇتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەركىنمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى ئوچلۇق تىكەنلىرىنى سىرتقا قارىتىپ تۈگۈلۈۋالىدىغان كىرپىدەك ھۈرپىيىۋالاتتى. ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى «ياق» ياكى «ماقۇل» دېمەي قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە ئاڭلايتتى. چىقىپلا يەنە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلاتتى.

ئۇ شۇ پېتى كېتىۋەرگەن بولسا، ئاقىۋىتى قانداق بولاتتىكىن. ئويلىمىغان يەردىن ئەركىنىدەك توسۇن ئاتنى كۆندۈرىدىغان بىر چەۋەنداز چىقىپ قالدى. ئۇ ئاشۇ مەكتەپنىڭ بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ، ئەركىنىنىڭ باشقىلار كەچۈرەلمەك دەپ قارىغان تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى «تېپىلغۇسىز خىسلەت» قىلىپ كۆككە كۆتۈردى. يەنە نېمىلەرنى قىلىدىكىن، ئىشقى- لىپ ئەركىنىنى ئۆزىگە قارىتىپلا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، دەرسلەردە بىردىنلا ئىلگىرىلەپ كەتتى. ھەممە كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ھېچكىم كۈتمىگەن يەردىن چىقاتتى. ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئابدۇرۇسۇل ئوغلىنىڭ مۇشۇ تەرىپىدىن زادىلا خاتىرجەم بولالمايتتى.

ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقلىرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئۇ پېداگوگىكا ئىنىستىتۇ- تىدا ئوقۇيدىغانلىقىنى، كەلگۈسىدە ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئابدۇرۇسۇل ئۇنىڭ بۇ قارارىغا يا تېرىكىشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي قالدى. دېمىسىمۇ، ئون يىللىق ھايا- تىنى ئوقۇتقۇچىلار ـ ئاشۇ خالىس، جاپاكەش كىشىلەر بىلەن قارشىلىشىپ ئۆتكۈزگەن، ئاشۇ كىشىلەرنى يەتكۈچە ئازابلىغان، قىينىغان بىر بالىنىڭ ئاخىرى بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنى نېمىدەپ چۈشىنىش مۇمكىن!

ئۇ، پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىغا كىردى. كىرە - كىرمەي مەكتەپلىرىمىزدىكى تەربىيە ئۇسۇللىرىمىزنى شەكىلۋازلىقتا چىقىرىپ سۆككىلى، كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان، ھېچكىم كۈتمىگەن، ئاجايىپ - غارايىپ كۆز قاراش، تەسەۋۋۇر، پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغىلى تۇردى. گېزىت - ژۇرناللاردا ماقالىلىرىنىمۇ ئېلان قىلدى. بىر مەزگىل جەنۇبىي شىنجاڭدا ماتارىپ ئىشلىرىنىڭ ئارقىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەتىلا بىر نەچچە ساۋاقدىشى بىلەن پۇل يىغىش

قىلىشىپ، بىر دوكلات ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرماقچى، جەنۇبقا بېرىپ شەھەر - يېزىلاردا مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىمەكچىمۇ بولۇشتى. دۇنيادا [illegible] ئۇنداق 2 — 3 سولتەكىنىڭ ۋارقىراپ - جارقىرىشى بىلەن ھەل بولۇپ كېتىدىغان ئىش بولسۇن! يەنىلا ئابدۇرۇسۇل ئۇنىڭ بۇنچىۋالا سەكرەپ كېتىشىگە يول قويمىدى. ئۇنىڭ خىزمەت تەقسىماتىغا بىۋاسىتە قول تىقىپ، ئوغلىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئەرزىمەس ئىشلار ۋە زىيانلىق ئوي-پىكىرلەردىن قۇتۇلدۇردى. ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىشىگە، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىشىغا ياردەم قىلدى. ئەجەبا ئۇ يامان قىلىپتىمۇ؟ ھەر قانچە دادا بولسىمۇ ئۇنىڭچىلىك يا قىلار، يا قىلالماس. ئوغلى نېمىشقا مۇشۇلارنى ۋىجدان بىلەن ئويلاپ باقمايدۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ يۈرىدۇ؟ ئۇ دادىسىغا ئەمەس، ئۆزىگە ئېچىنسۇن، ئۆزىگە!

خىياللار ئۇنىڭغا ئارام بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ، روھىي جەھەتتىمۇ ئازادىلىشىپ، يەڭگىللەپ قالدى ۋە ئاشۇ يەڭگىللىك ئىچىدە قانداقلارچە ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ يېنىدا نۇردەك ئاپئاق، جىمىرلاپ تۇرىدىغان بىر گەۋدە پەيدا بولدى. ئۇ ئۇنىڭ پاكار ياكى ئېگىزلىكىنى، ئەر ياكى ئاياللىقىنى پەرق ئېتەلمەيتتى، چىرايىنىمۇ كۆرەلمەيتتى، ھېچقاچان ھەم كۆرەلىگەن ئەمەس. پەقەت ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنىلا ھېس قىلاتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سېزەتتى، ئورنىدىن قوپماقچى، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىماقچى بولاتتىيۇ، مىدىر-سىدىر قىلالمايتتى، ئاۋازى چىقمايتتى. كىمدۇر بىرى پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن بېسىۋېلىۋاتقاندەك دېمى سىقىلاتتى، قورقاتتى، بوغۇلاتتى، تىپىرلايتتى...

ئۇ دەھشەتلىك بىر ۋارقىراپ كۆزىنى ئاچتى.

ياتاق ھەر قاچانقىدەك بوش، تىپتىنچ ئىدى. يېشىل ياپقۇچلۇق ئۈستەل چىرىغى سۇس نۇر چېچىپ تۇراتتى. نېپىز، ئاق شايى پەردە كېچىنىڭ غۇر - غۇر شامىلىدا بىلىنەر - بىلىنمەس تەۋرىنەتتى.

ئۇ ئەندى ئۇخلىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. قاچانلاردىن تارتىپكىن ئۇنىڭدا بۇ خىل ئازابلىق ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى پەيدا بولغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ تاپتا ئۇنىڭدىكى بايىقى روھىي يەڭگىللىكتىن ئەسەر قالمىدى، كۆز ئالدىدا گاھ ھېلىقى گەۋدە بولاتتى، بارغانسېرى زورىيىپ ئۆيگە پاتماي قالغاندەك، ئۆينىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن سانسىز كۆزلەر تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. گاھ قۇلاق تۈۋىدە ئوغلىنىڭ: «مەن ساڭا ئېچىنىمەن، مەن ساڭا ئېچىنىمەن...» دېگەن ئىداسى تەكرارلىناتتى. بۇ، ئىدا بارغانسېرى كۈچىيەتتى، ئۇنىڭ سادالىسىدىن مېڭىسى جىزىلداپ، قۇلاق پەردىلىرى تېشىلگۈدەك بولاتتى. پۈتۈن بەدىنىدىكى تومۇرلارنىڭ سەكرەپ چىقىپ كېتىدىغاندەك لوقۇلداۋاتقانلىقىنى، ۋۇجۇدىدىكى بارلىق قانىنىڭ مېڭىسىگە قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى...

سېستىرا كىردى. ئۇ ئۇنىڭ بايىقى ۋارقىرىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۈن - تىنسىز كاردىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ چىپ - چىپ تەرلىگەن پېشانىسىنى، تومۇرىنى تۇتتى، قان بېسىمىنى ئۆلچىدى، ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئوكۇل ئۇردى، تاكى ئۇ تىنچلىنىپ ئۇيقۇغا كەتكۈچە يېنىدىن ئايرىلمىدى.

* * *

ئەندى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى تامامەن بۇزۇلدى. ئۇ ئۆزىنى ئويلىماسلىققا، ھاياجانلانماسلىققا

مەجبۇرلىنىيالمايتتى. ياق، ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۇ، ئۆز ھاياتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنىڭ، بېسىپ ئۆتكەن يولى، ھاياتىدىكى ھەممە ياخشىلىق - يامانلىقلىرى ئۈستىدە ئادىل يەكۈن چىقىرىشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. كىم بىلىدۇ، شۇندىلا كۆڭلى تىنچىپ خاتىرجەم بولۇپ قالار، ئازابلىق خىياللاردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى تېپىلىپ قالار. تاسادىپىي ئۆلۈپ كېتىپ قالسىمۇ، كۆڭلى ئوچۇق كېتەر...

ئۇ خىيالچان، كەمسۆز بولۇپ قالدى. ئايالىنىڭ، قىزىنىڭ، يادىكارىنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئەندىشە، ساراسىمە چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران ئىدى. ئۇ بولسا ئۈنچىقمايتتى، ئۇلاردىن يۈزىنى ئۆرۈپ دېرىزىگە تىكىلگەن كۆزلىرىنى گاھ يوغان ئېچىپ، گاھ يۇمۇۋېلىپ توختىماي خىيال سۈرەتتى. ئۇنىڭ ھاياتى راستىنلا ئېچىنىشقا تېگىشلىكمۇ؟ ئۇنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق بىكاردىن - بىكار ئەھمىيەتسىز ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟ ئۇ، ئائىلىسى، بالا - چاقىلىرى ئۈچۈن شۇنچە ئىشلارنى قىلدى-يۇ، نېمىشقا ئۇ، ئايالى، بالا - چاقىلىرىنى بەختلىك قىلالمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ھەممە كىشى ئۇنىڭدىن ئاغرىنىدۇ، ئۇنىڭدىن نارازى؟ نېمىشقا؟ زادى نېمىشقا؟!

ماڭغان يولىنىڭ ئىزى قالىدۇ، كۆيگەن ئوتنىڭ كۈلى. ئاسمانپەلەك دەرەخمۇ بىر كۈنى يىقىلىدۇ، بۈركۈتمۇ بىر كۈنى قېرىيدۇ. قېرى بۈركۈت ھامان كۆككە تەلپۈنەرمىش، ئۇ ئاشۇ كۆك ئاسماننى، قاناتلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن شامالنىڭ ۋىڭىلدىشىنى شۇنچە سېغىنارمىش. ھاياتمۇ شۇنداق. بەزىلەر ئاسماندا پەرۋاز قىلىدۇ، بەزىلەر ئۆمۈرۋايەت يەردە ئۆمىلەيدۇ. ئۆمىلەپ ئۆتكەن ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن. يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال، دېگەن، كونىلار. ئۇ، ھاياتنى يەردە ئۆمىلەپ ئۆتكۈزگىنى يوق، بەلكى ئاسماندا پەرۋاز قىلدى، ئۇ بۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ. دەرۋەقە، مىلتىق كۆتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ئاشۇ قايناق يىللاردا ئۇنىڭ قەلبىدە بىر ئېتىقاد، ئۇلۇغ بىر ئىستەك بار ئىدى. ئاشۇ ئىستەك يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ۋە پەم - پاراسىتى ئۇنىڭغا ئۆزى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن مەرتىۋە، ئورۇن، باشقا كىشىلەرنىڭكىدىن قولايلىق تۇرمۇش شارائىتى ھەدىيە قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا چالا ساۋات، ساددا، قىزىققان، يېرىم دېھقان، يېرىم ئەسكەر ۋە يېرىم تەشكىلاتچى بولغان ئۇ، يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بولۇپ قالدى.

ئۇ خۇددى زور بىر ئېقىنغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ بىر تامچىسىغا ئايلاندى، ئۇنىڭ بارلىقى، ھايات-ماماتى ئاشۇ زور ئېقىن قوينىدا ئىدى. ئۇ بۇ ئېقىننىڭ ئۇلۇغلۇقىغا، قۇدرىتىگە، ئۆز ئېتىقادى-نىڭ ۋە قىلىۋاتقانلىرىنىڭ مۇتلەق توغرىلىقىغا ئىشىنەتتى، ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرمەيتتى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، شىنجاڭ يېزىلىرىنى قاپلىغان زور ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر قاينىمىدا ئۇ، ئازادلىققا ئېرىشكەن، ئۇيۇشۇۋاتقان دېھقانلار ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ ھازىرمۇ كۆزىنى يۇمسىلا كۆز ئالدىدا ئەينى يىللاردا ئاتلىق، پىيادە باسقان يېزا يوللىرى، قارا چىراغ يورۇقىدىكى كۆڭۈللۈك كەچ كۇرسلار، فېئوداللىزم ۋە خۇراپاتلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان يېزا ياشلىرى-نىڭ خۇشال، جۇشقۇن قىياپىتى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتىدۇ. شۇنداق، ئاشۇ يىللاردا ئۇمۇ ئاشۇ ياشلاردەك جۇشقۇن، خۇشال - خۇرام، غەيرەتلىك ئىدى. ئۇنىڭغا دۇنيادا قىلغىلى

بولماپدىغان ئىش يوقتەك تۇيۇلاتتى. ئۇ بىر جۈپ قىز ـ يىگىتنىڭ جاھىل ئاتا ـ ئانىلىرىدىن يوشۇرۇنچە توي خېتى ئېلىشىغا، قوشنا يېزىغا قېچىپ بېرىپ توي قىلىۋېلىشىغا ياردەم قىلغانىدى. ئۇ ئاشۇ ناھىيىدە ئىشلەۋاتقان يىللاردا ئۇلار دائىم ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى، ئۇلار بۈگۈن بەلكىم بوۋاي ـ موماي بولۇپ كەتكەندۇ. دېھقان خەق دېگەن جاپاكەش كېلىدۇ، ئاسانلا قېرىپ كېتىدۇ، ياكى ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەندۇ...

كېيىن ئىشلار باشقىچە بولۇپ كەتتى. خېلى بىر مەزگىل كەيپىيات بۇرۇنقىدەك ئازادە، ئوچۇق ـ يورۇق بولماي قالدى. يۈرەكتىكى سۆزنى قىلغىلى بولمايدىغان بولدى. يۈرەك سۆزىنى قىلغانلار، كونكرېت ئىشلارغا قارىتا باشقىچە كۆز قاراشتا بولغانلار ئاشۇ زور ئېقىم قوينىدا غەرق بولدى. غەرق بولغانلارنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۇ ھۆرمەتلەيدىغان، ياخشى كۆرىدىغان ھەتتا ئۈزلىگە ئۈلگە قىلىدىغان ئادەملەر ئىدى. ئاشۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئۇنى تېخىمۇ ئەقىللىقراق قىلىپ قويدى. بولۇپمۇ ئۇ ئاشۇ غەرق بولغانلار ۋە ئۇ ئۆزى كېچە ـ كۈندۈز غېمىنى يېگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاپ قويغان خەلق، ئاممىدىن ئىبارەت «ئادەم ـ ھەۋۋا» نىڭ شامالغا قاراپ ماڭىدىغان بىر پادا مالغا ئوخشايدىغانلىقىنى، بۇ پادىنىڭ ۋاقتى كەلگەندە دەھشەتلىك قارا بورانغا ئوخشاش يۇلۇۋالىدىغانلىقىنى ھەممە نەرسىنى، ھەتتا ئۆزى ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ قويغان كىشىلەرنىمۇ قىلچە رەھىم قىلماي يەنچىپ، سۈپۈرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى، بۇ «پادا» ئىچىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ شەخسىيەتچى، تەمەخور، ئىككى يۈزلىمىچى، ھىيلىگەر ھەم نادان، يامانىدىن قورقۇپ، ياۋاشىنى بوزەك ئېتىدىغان چاكىنا ئادەملەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ ئادەملەر ئۇنى خۇدادەك بىلمەيتتى، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىشاتتى، بەس ـ بەستە بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلىشەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرگىمۇ شۇنداق قىلغانلىقىنى، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى، قاچانكى مەنسىپىدىن ئايرىلغان كۈنى ئۆزىنىڭمۇ شۇلار قاتارىدىكى ئاددىي بىر ئادەمگە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. دېمەك، بۈگۈن ساڭا ئامەت كەلگەنىكەن، مېغىزىنى چاق، پەيزىنى سۈر، ئاشۇ چاكىنا كىشىلەرنىڭ، دوست ـ دۈشمىنىڭنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەت، دەپ ئويلايتتى.

شۇنداق، ئۇنى ئاشۇ ئادەملەر، خۇشامەتلەر، ئەمەل سورۇنىدىكى يوشۇرۇن رىقابەت، كۆتۈرۈلۈش ـ چۈشۈشلەر، سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىرلەر باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇرۇنقى ئېتىقاد، گۈزەل ئىستەكلەر ئەندى ئۇنىڭغا يات، يىراق، غۇۋا بىر نەرسىدەك كۆرۈنىدىغان بولدى. ئۇ ئەندى ئۆز ئورنىنى، ئۆز ئەتراپىدىكى ئۇششاق تۇرمۇشتىك مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنىلا كۆرەتتى. كۆڭلىدە كېچە ـ كۈندۈز چوت سوقاتتى. بىرلىرىنى چاندۇرماي يېنىغا تارتىپ، ئورۇن، مەرتىۋە ئارقىلىق ئۆزىگە چەمبەرچاس باغلىسا، بىرلىرىنى چەتكە قاقاتتى، يوشۇرۇن ئاپلايتتى، ھەتتا مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتەتتى. چوڭ ئىشلاردا، ھالقىلىق بۇرۇلۇش پەيتلىرىدە ئەزەلدىن گەپنى ئاز، ئىشنى كۆپ قىلاتتى، شۇڭا ھەر قانداق ۋەزىيەتكە تېزدىن ماسلىشىپ كېتەتتى. ئۇ ھاياتىدا ئۆز ئېھتىياتچانلىقىنىڭ پايدىسىنى كۆپ كۆردى. نى ـ نى قىل كۆۋرۈكلەردىن سالامەت ئۆتۈپلا قالماي، مەرتىۋىسى ۋە ئابرويى بارغانسېرى ئېشىۋەردى. مەرتىۋىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل سالاپەت، ئۇلۇغۋارلىق پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ، ئېيىقتەك گەۋدىسىنى ئەركىن كېرىپ، قوللىرىنى

www.uyghurkitap.com

كەينىگە تۇتۇپ، تولۇلگەن قاپىقى ئاستىدىن ئەتراپقا ئانچە - مۇنچە نەزەر تاشلاپ قويۇپ، سالماق قەدەم بىلەن ماڭاتتى. سالام - سائەت قىلغانلارغا گويا ئېغىر بېشىنى مىدىرلىتىش بەكمۇ تەسكە توختايدىغاندەك بىلىنەر - بىلىنمەس جاۋاب قايتۇراتتى. سۆزلىگەندە «جىددىي يىغىن»، «مۇھىم ئىش»، «ئۇلپەرزۇق» دېگەندەك سۆزلەر ئاغزىدىن تۆكۈلۈپ تۇراتتى. تەنبىھ بېرىش دېگەننىڭ ئورنىغا «تەنقىدلەش»، ماختاش دېگەننىڭ ئورنىغا «تەقدىرلەش» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە بۇ سۆزلەرنى خوتۇن - بالىلىرىغىمۇ ئىشلىتەتتى. ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانلارنى ئەسكەر ۋاقىتلىرىدا ئۆگىنىۋالغان «سوۋارىش»، «كىسپۇروچ»، «بەچچىغەر» دېگەن سۆزلەر بىلەن تىللايتتى. غەزىپى كېلىپ خۇدىنى يوقاتقان چاغلاردا بولسا، سالاھىيىتىنى قايرىپ قويۇپ، ئەسلىدىكى دېھقان ھالىتىگە قايتاتتى-دە، بالىلىقىدىن قىلىپ ئادەتلەنگەن ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەرنى قىلىپ سالاتتى. ئەمما، مۇنداق ھالەتلەر ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى. قىسقىسى، قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭدىن قورقاتتى، ئەيمىنەتتى، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان بەزى ئىشلارنى دوكلات قىلىشقا توغرا كەلسە، كاتىپلار بىر - بىرىگە ئىتتىرىشاتتى، ھەتتا ئەڭ جۈرئەتلىكرەكلىرىمۇ ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا نەچچە كېلىپ، نەچچە قايتىپ كېتەتتى، پەقەت بولمىغاندا ئىشىك ئالدىدا بىر ھەردەم تۇرۇپ، ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرەتتى.

ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك كېتىۋاتقان چاغلاردا ئېچىلىپمۇ قالاتتى. چاقچاق قىلىپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرەتتى. (ئادەتتىكى چاقچاقلارمۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقسا، باشقىچە تەسىر بېرەتتى.) قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى، بالا - چاقىسىنى سورايتتى. ئەرلەر بىلەن خوتۇنلارنىڭ، قۇۋۋەت دورىسىنىڭ پاراڭلىرىنى سېلىشاتتى.

ئۇ ھەممىدىنمۇ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىن كېچە - كۈندۈز ئەگىپ كېتەلمەيدىغان ئەرز-دەرد ئېيتقۇچىلارنى يامان كۆرەتتى، ئۇلارغا قاپىقىنى ئاچمايتتى، گەپمۇ قىلمايتتى. ئائىلىسىنىڭ، بالىلىرىنىڭ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشىغا، ئۇلارنى ئۆيگە كىرگۈزۈشكە يول قويمايتتى. «ئەرز-يەت ئىشخانىسىنى ئەشۇلار ئۈچۈن ئاچمىسا، كىم ئۈچۈن ئاچىدۇ!» دەيتتى ئۇ قايناپ. ئۇ، ئەرز-لەرنىڭ ئەرزىيەت ئىشخانىسىدا ئايلاپ، يىللاپ ياتىدىغانلىقىنى، دەرىجىمۇ دەرىجە، قولمۇ-قول ئاتلاپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە ئاز دېگەندە بىر نەچچە ئاي كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز يولى بولىدۇ. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ، مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بولالايتتىمۇ؟

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىنى ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال توستى. زار - زار يىغلاپ قۇچىقىدىكى بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ كەتكەن، چاپاق باسقان ئۇزۇن - ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى جۇپلەپ بىھوش ياتقان بالىسىنى ئۇنىڭغا دىۋەيلەپ:

— جېنىم ئاكا، سىلىنىڭمۇ بالىلىرى باردۇ ... ئەشۇ بالىلىرىنىڭ ھەققىدە بالامنى دوختۇرخانىغا ئالدۇرۇپ بەرگەن بولسىلا، ياخشىلىقلىرى بەندىدىن يانمىسا، خۇدايىمدىن يانار ... بىچارە بالام ئۆت - كاۋاپ بولۇپ ياتقىلى ئۈچ كۈن بولدى، — دەپ يىغا - زار قىلدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ، ئايالنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كىچىكىدە تاشلاپ كەتكەن دادىسىنى ئىزدەپ ياقا يۇرتتىن كەلگەنلىكىنى، دادىسىنى تاپالماي، پۇللىرىنى خەجلەپ تۈگىتىپ، كېچىسىگە ئاماسىز قونۇشاندا بالىسى ئاغرىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. ئايالنىڭ نالىسى، بالىنىڭ ھالى دەسلەپتە ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىچ ئاغرىتىشتەك بىر خىل ھېسسىيات ئويغاندى. ئەمما، دايال ئۆتمەي بۇ ھېسسىيات يوقالدى، ئۇنىڭ يۈرىكى يەنە قاتتى. ئۇ قوپال ئاھاڭدا: «ئەرزىيەت ئىشخانىسىغا بېرىڭ، ئەرزىيەت ئىشخانىسىغا» دەپ، ئاچچىق بىلەن قوللىرىنى سىلكىپ ئۆتۈپ كەتتى.

—ئۇرۇق - ئەۋلادىڭ قۇرۇپ كېتەر ئىلاھىم!

—ھېچقانداق ئادەمدىن ۋاپا كۆرمەي ئۆلەرسەن ئىلاھىم!

..............................

ئايالنىڭ قارغاشلىرى خېلى يەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. نېمىشقىدۇر ئەشۇ سۆزلەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۆمۈرۋايەت ئورنىشىپ قالدى. بىراق ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىمەيتتى، نېمىدەپمۇ ئەيىبلىسۇن. ئۇ يەنە نۇرغۇن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلدىغۇ! ئۇ، ئۇدا نەچچە يىل سىنىپ كۆچەلمەي مەكتەپتىن ھەيدىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر دېھقان بالىسىنى ساقلاپ قالغان (گەرچە ئۇ بالىسىنىڭ ساۋاقدىشى بولسىمۇ)، ئۇ ھازىر داڭلىق دوختۇر. ئۇ يەنە شۇنداق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بېشىنى سىلىغان، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىنى قىلغان. ياخشىلىق ۋە يامانلىق—بۇلار پەقەت ئۇنىڭ ھايات يولىدىكى تارماق ئېقىم، پارچە-پۇرات ئىشلار. ئۇ، ھاياتىدا مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى ئويان ياكى بۇيان قىلىپ كەلدى. تەبىئىيكى، ئۇلارنىڭ قانچىسىگە بەخت - ئىستىقبال ئېلىپ كەلگەن بولسا يەنە قانچىسىگە ۋەيرانچىلىق، بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى. چۈنكى ھېچقانداق بىر ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ھەممىلا ئادەمنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇۋەرمەيدۇ.

ئۇ، ناھىيە، شەھەر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك چوڭ - چوڭ ئىشلارنى بەلگىلەپ، جەمئىيەتكە پايدىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. شۇنداقلا يەنە ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئاز بولمىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ، جەمئىيەتكە، خەلققە زىيانلارنىمۇ سالدى. ئۇ ئۆزىنى خىزمىتى، تۆھپىلىرىدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق، دەپ بىلەتتى. ئەمما، خاتالىق، سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن ھېچقاچان ۋىجدان ئازابى تارتىپ باقمايتتى، بەلكى ئۇنى يۇقىرىنىڭ سىياسەتلىرى بويىچە بولدى، دەپلا قارايتتى.

بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن ئىشلار—ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يۈرەك قېنىنى، ھاياتىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلغان ئىشلارنىڭ بەزىلىرى ئىنكار قىلىندى، ياكى شەكلىدە ئىنكار قىلىنمىغىنى بىلەن ماھىيەتتە ئىنكار قىلىندى. قالپاق كەيگەن - سولانغان نۇرغۇن كىشىلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتكە، نورمال ھايات قوينىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە نەقەدەر ئۆچلۈك قىلىدىغانلىقىنى، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى، ئىتتەك خارلىقتا قېلىشىنى تىلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇ—ئابدۇرۇسۇل جېنى تېنىدىلا بولىدىكەن، ئۇلارغا باش ئەگمەيدۇ، گۇناھىدىن ئۆتۈشنى تىلەپ يېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ، تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى،

ئۆزگەرتكۈچىسى ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئىش يەنە شۇ پېتى بولاتتى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. ھەر قانداق ئادەم، ھەرقانداق پار-تىيە ئەگرى - توقايلىقلار، خاتالىقلار، مەغلۇبىيەتلەر داۋامىدا پىشىپ يېتىلىدۇ. ئاغرىنىشقا توغرا كەلسە ئۆزۈڭدىن، ئۆز چېنىڭنى، ئورنىڭنى قوغداشنى بىلمىگەنلىكىڭدىن، ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئاساسىي ئېقىم بىلەن تارماق ئېقىمنى، قىسمەنلىك بىلەن ئومۇملۇقنى پەرق ئېتەلمىگەنلىكىڭدىن ئاغرىن.

شۇنداق، ئۇ ئۆز ھاياتىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئۆزىنى كۈچلۈكلەردىن، يەڭگۈچىلەردىن ھېسابلايدۇ. ئۇ ھاياتىدا ھوقۇق دېگەننىڭ، ئاددىي ئادەملەرنى باشقۇرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچنىڭ لەززىتىنى يەتكۈچە تېتىدى، ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭسىز تۇرالمايدىغان، ئۇنىڭسىز ئۆتكەن ھايات ھەقىقىي ھايات ئەمەستەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ كەتتى. باشقىلارنىڭ خۇشامىتى، قورقۇشى، ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا ئاتايتەن مەرتىۋىسىنى قوشۇپ ئاتاشلىرى، ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا چەكسىز خۇشاللىق، لەززەت بېغىشلاپ كەلدى.

ئەمما يىللار ئۆتۈۋېرىدىكەن. رەھىمسىز يىللار ھېچكىمنى ئاياپ قويمايدىكەن. ئۇمۇ قېرىدى، يىگىلەپ قورۇلۇپ قالدى. پېنسىيىگىمۇ چىقتى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ، بۇ دۇنيادا ئەتىۋارلىنىدىغان نەرسىنىڭ قانداقتۇ بىرەر ئادەم، قابىلىيەت ياكى باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ھوقۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەڭداشسىز كۈچىنى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ كۈچلۈك ھېس قىلدى. ئىلگىرى ئۇنى ئەتىۋارلايدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان كونا - يېڭى باشلىقلار ئۇنى ئۇچرىتىپ قالغانلىرىدا پەقەت رەسمىيەت يۈزىسىدىن، زورىغا ئەھۋال سورايدۇ. ئۇ، ئۇلارنىڭ كۈلۈمسىرىشىنىڭ، غەمخورلۇقىنىڭ، شۇ تاپتا سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان قانداقتۇ «مۇھىم يىغىن»نىڭ تامامەن يالغان ئىكەنلىكىنى سېزىپ، كۆڭلىدە باشقىچە بولۇپ كېتىدۇ. ئىلگىرى ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغان ئاددىي كىشىلەر بولسا ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قاتارىدىكى، ھەتتا ئۆزلىرىدىنمۇ يەتمەيدىغان ئەرزىمەس كىشىدەك كۆرۈپ سۆزلىشىدۇ، چاقچاق قىلىدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا گەپتە چېقىپ - چېقىپ ئالىدۇ. مۇنداق چاغلاردا ئۇ كۆرۈنۈشكە چاندۇرمىغىنى بىلەن، ئىچىدە چايان چاققاندىن بەتتەر بىئارام بولىدۇ. كېچىلىرى ئولتۇرۇپ ئۇخلىيالمايدۇ. ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ خىيالى ئەركىنىگە كېتىدۇ. ئىشەنچىسىز، ئىززۇلۇپ كېتەيلا دەپ تۇرىدىغان ئۈمىد يىپىنى يەنە ئۇنىڭغا زورمۇ زور باغلايدۇ...

ئۇ خېلى ئىلگىرىدىن تارتىپلا بىرەر بالىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئەركىن باشتىن - ئاخىر ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى. ئۇ بىر مەزگىل كىچىك ئوغلى ئەكبەردىن ئۈمىد كۈتۈپ يۈردى. ئۇنىڭغا ئەكبەرنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ياخشى رەھبەردە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەر— ئۆزىگە ئىشىنىش، پەم - پاراسەت، سالاپەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى باردەك تۇيۇلغانىدى. ئەمما ئۇ، ئويلىمىغان يەردىن چوڭ بىر ئىقتىسادىي ئەنزىگە چېتىلىپ قېلىپ تۈگىشىپ كەتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ قاتتىق زەربە بولدى. ئۇ، ئوغلىغا كۆرۈلىدىغان جازانى يېنىكلىتىش يولىدا بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سالدى. ھەي... ئەندىشە، دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۆتكەن ئەشۇ كۈنلەر، ئايالىنىڭ تۈگىمەس كۆز ياشلىرى... ئۇ— ئايالىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىدى، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

يادىكار بولسا تۇغما سەنئەتكار بولۇپ چىقتى. بەلكىم ئانىسىنى دورىغاندۇ. قىزلاردەك نازۇك تەبىئەتلىك، چىرايلىق بۇ بالا رەسىم، مۇزىكا، شېئىر دېگەندەك نەرسىلەرنى ياخشى كۆرەتتى. باشقا ھەرقانداق گەپ - سۆزلەر ئۇنىڭ قېتىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ ئارزۇسى بويىچە سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقىدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن رەسسام بولدى. بۇ ساھەدىكى پېشقەدەملەر، مەشھۇر پروفېسسورلار ئۇنىڭغا زور ئۈمىد باغلاشتى، ئۇنى كەلگۈسىدە دۇنياغا تونۇلىدۇ، دېيىشتى. ئۇمۇ بۇنى مەيلىگە قويۇپ بەردى. ئۇنىڭ خالىغىنىنى قىلىشقا شارائىت يارىتىپ بەردى. توغرا، بۇ بالىنى ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ يۈرۈش، تۇرۇشىلا ئۇنىڭغا ياقمايدۇ. ھازىر ئۇنىڭ چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشىدۇ، قاچانلا قارىسا بەكمۇ ئەرزان، ئەمما غەلىتە كىيىملەرنى كىيىۋالىدۇ، توۋا، شۇنىڭغا قارىماي يەنە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر توپ چىرايلىق قىز ئەگىشىپلا يۈرىدۇ. بىر قېتىم ئۇ قانداقتۇ بىر مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن، ئۇ ئىشلەۋاتقان ئورۇنغا بارغان چېغىدا، ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ قېلىپ كۆزلىرى ئالاق-چالاق بولۇپ كەتكەنىدى. قاراڭغۇ ھەمزەي، بىر قارىسا ياغاچچى، بىر قارىسا سىرچىخانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، سىر-بوياق پۇراقلىرى دىماقنى يارىدىغان، تاملىرىغا يوغان - يوغان، غەلىتە، چۈشىنىكسىز سۈرەت، ھەرخىل ئوسلۇبتا سىزىلغان رەسىم، سىمۋول خاراكتېرلىك غەلىتە نەرسىلەر ئېسىلغان بۇ ئۆي ئوتتۇرىدىن يوغان پەردە بىلەن توسۇلغانىدى، يادىكار ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەمما بىر پۇلغا ئەرزىمەيدىغان لاقا - لۇققىلىرى بىلەن ئۆينىڭ تەڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەنىدى. بۇلۇڭدىكى كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە كىر، ئىت ئۈۋىسىدىن تارتىۋالغاندەك پۇرلىشىپ كەتكەن كىيىم - كېچەك، يىرتىق پايپاقلار چېچىلىپ ياتاتتى. يادىكار ئانىسىنىڭكىدەك قارا، بۇدۇر چاچلىرىنى پاخپايتىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئەيمەنگەندەك ھەتتا قورققاندەك شۇنداقلا يەنە ئامراقلىق، پەخىرلىنىش ھېسسىياتلىرىغا تولغان كۆزى بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇزۇن-ئۇزۇن، بويالغان قوللىرى گاھ كونا يىپ مايكىسىنىڭ پېشىنى، گاھ قولىغا چىققان قانداقتۇر بىر نەرسىنى قامالايتتى...

ئۇ، ئوغلى بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا، ئوچۇق ھاۋاغا چىقىپ بولغىچە كۆزى تۇت بولدى. ئەتىسى يادىكار ئۆيىگە كەلگەندە ئۇنىڭغا ئۆمۈرنى مۇنداق پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئەمدى بىر ياخشى ئايال، كۆيۈمچان ھەمراھنىڭ غەمخورلۇقى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى دارىتمىلىدى. ئەمما يادىكار ئۆز ئىشىدا بىرەر نەتىجە قازانماي تۇرۇپ، ئۆيلىنىش نىيىتى يوقلۇقىنى ئاشكارا ئېيتتى. دېمەك يادىكار ئەشۇنداق ئادەم بولدى. قارىغاندا، ئەركىنىنى ھەرقانچە ياقتۇرمىسىمۇ ئۈمىدىنى يەنىلا شۇنىڭغا باغلىماي بولمىغانىدى...

ئۇ ئاخىرى يەنە ئەركىنگە خەت يېزىش قارارىغا كەلدى. كۆزەينىكىنى تاقاپ، ئاياپ ئاندا - ساندىلا ئىشلىتىدىغان كونا «ئالتۇن يۇلتۇز» ماركىلىق قەلىمىنى ئېلىپ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن خەتنى ساق يېرىم كۈن يازدى، خەتنى يېزىپ بولۇپ بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك، يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ قالدى. ئەمما كېچىسى ئۇ يەنىلا چۈش كۆردى...

1989 - يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

# مايىمخان





(خەلق داستانى)

ئابلەت ئابدۇللا

1830- يىلى، ياز ئايلىرى. غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىكى دۆڭگە قاراپ كىشىلەر توپى سەلدەك ئېقىپ كېتىپ باراتتى. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا يېزا - يېزىدىن كەلگەن دېھقانلار، شەھەر ھۈنەرۋەنلىرى، ئۇششاق ئېلىپ - ساتارلار، بىكار تەلەپلەر، ھەتتا تىلەمچى - گادايلارمۇ بار ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ توپ ئارىسىدا يىرغا ئاتلارنى مىنگەن بايۋەتچىلەر، ئېگىز، مەپى-لىك ھارۋىدا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى، يەرلىك بەگ-يۈز بېشىلەر كۆرۈنۈپ

---

* بۇ، خەلق داستانىنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالىنى بارات كېرىم ساقلىغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قالاتتى. توپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۆت-بەش مانجۇ چېرىكلىرى قىلىچلىرىنى ئويىنىتىپ، ئەتراپقا ھەيۋە تاشلاپ باراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا پۇت - قوللىرىدا ئىشكەل - قولۇپ، بوينىدا ئېغىر قوۋۇق، چاچلىرى چۇۋۇلغان، رەڭگى تاتارغان، يوغان - يوغان قوي كۆزلىرىدە غەزەپ - نەپرەتنىڭ ئۇچقۇنى قېتىپ قالغان بەستلىك بىر قىز يىراققا تىكىلگىنىچە ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتاتتى:

ئۆلۈم كەلدى بېشىمغا،
بۇ ئون سەككىز يېشىمدا.
يامۇلدىن يالاپ چىقتى،
ئاتا - ئانام يوق قېشىمدا.

ئاتىمىش يامبۇنى ئېلىپ،
ئامبال دارىدىن تويامدۇ؟!
مايىمخاننى ئۆلتۈرسە،
خۇنى ئۇنى قويامدۇ؟!...

مانا بۇ — مەنچىڭ ئىستىبداتلىرىغا، يەرلىك بەگ — غوجاملارنىڭ زۇلمىغا قارشى ھۆرلۈك - ئەركىنلىك ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە پاك مۇھەببىتى ئۈچۈن ئەركىنلىككە بەل باغلاپ چىققان؛ ئەل ئارىسىدا تا ھازىرغىچە قۇتلۇق نامى يادلىنىپ كېلىۋاتقان؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك، باتۇر قىزى، قوشاقچىسى مايىمخان ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئون سەككىز ياشلىق سۈبھىي ھاياتىنى چېرىكلەرنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ ئۆلدى، ئەمما ئۇنىڭ ئەر يۈرەكلىكى، باتۇرلىقى، مۇڭلۇق ۋە جۇشقۇن ناخشا - قوشاقلىرى ئۆلمىدى. تا ھازىرغىچە ئىلى يېزىلىرىدا، ئەل ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن بېيىت - قوشاقلار بۇ مەردانە ئەل قىزىنىڭ ئەل قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ:

تىكىلىخان تۆپەسىدە،
ئۇچۇپ يۈرىدۇ قۇشلار.
مايىمخاننى ئۆلتۈرسە،
ئىزىنى باسار ياشلارا ...
... ... ...

تىكىلىخان — غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىنەملىك ئېگىز چوققا. ئۇنىڭ ئاستىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن. ئىلىدىكى مەشھۇر «ئاقئۆستەڭ» ئەنە شۇ تىكىلىخان ئاستىنى بويلاپ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

مايىمخان ئەنە شۇ ئاقئۆستەڭ بويلاپ جايلاشقان، غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى يېزىلارنىڭ بىرى بولغان دادامتۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. بۇ 1812 - يىللىرى بولۇپ، بۇ چاغدا ئىلىغا مەنچىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

توختىباقى — ئەنە شۇ دادامتۇ يېزىسىدىكى داردخان، يەنى باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەيدىغان دېھقان ئىدى. ئۇ ناخشىچى ۋە سازەندە بولۇپ، مايىمخان تۇغۇلغاندا يەنىلا داردخانلىقتىن قۇتۇلالمىغانىدى. مايىمخاننىڭ ئانىسى ئازنىخانمۇ بايلارنىڭ ئۆيىدە چاكار ئىدى. توختىباقى ئاخشىمى دېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي ئۆيىگە كەلگەندە، كاڭنىڭ ئۈستىگە چىقاتتى - دە، كونا، نەچچە يېرىدىن يېلىم بىلەن ئاران تۇتقۇزغان دۇتارنى ئېلىپ سازلايتتى ۋە مانتا ئوچاق ئالدىدا مەڭگەن قالاپ ئولتۇرغان مايىمخان قىزىغا قاراپ ناخشا باشلايتتى، بۇ چاغدا ئازنىخان تاماققا تۇتۇش قىلاتتى. توختىباقىنىڭ ئۇششاق باللىرى خۇددى ئاسلانلاردەك قاپقارا كۆزلىرىنى پىلىدىرلىتىپ دادىسىغا قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى:

ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقتى،
قار - يامغۇرلار ياغقىلى.
ياراتقانمۇ خۇدايىم،
ئۇشبۇ دەردنى تارتقىلى.

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇق،
چەۋئۇلاگىنى تارتماي.
بۇ دەردلەرنى كىم تارتسۇن،
سېنىڭ بىلەن مەن تارتماي.

دەردى يوق دېمەسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم.
ھەممىگە قادىر خۇدا،
بار پەقەت بىرلا ئۆلۈم! ...

. . . . . . . . . . . . .

كىچىك مايىمخان ئاتىسىنىڭ بۇ ناخشىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى ۋە، ئۇنى تېزلا يادلاۋالاتتى. توختىباقىنىڭ بالىلىرى ئارىسىدا مايىمخان ئالاھىدە مىجەزلىك، ئەقىللىق - ھوشيار قىز ئىدى. توختىباقىنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ كىچىكىنىڭ ئىسمى مىنىخان ئىدى. مايىمخان كىچىكىدىن تارتىپلا ئىدراكلىك، ناخشىغا ھېرىسمەن قىز بولغاچقا، ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا دادىسىدىن دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇنىڭ ئىشلىرى ئائىلىسىدىكىلەرنىلا ئەمەس، مەھەللە، قولۇم - قوشنىلىرىنى ھەيران قالدۇراتتى. ياشانغان مومايلار ياقىسىنى تۇتۇپ، ئازنىخانغا: «تووۋا، بۇ قىزىڭىزنىڭ ئەقلىگە كىشىنىڭ ئىشەنگىسى كەلمەيدۇ، كۆز تەگمىسۇن، مونچاق ئېسىپ قويۇڭ! ...» دېيىشەتتى.

مايىمخان ئون يېشىدىلا ساۋاتىنى چىقىرىپ مۇللىسىنى ۋە ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

يىللار بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتتى. مايىمخان كۈندىن - كۈنگە ھۆسنىگە تولۇپ، كىشىلەرنىڭ نەزەرىنى ئۆزىگە تارتىدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇ، يۇرتنىڭ ھۆكۈمدارى — ھامۇتبەگ دېگەن قانخورنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغاندىن بۇيان ئەركىدىن ئايرىلغانىدى. ھامۇتبەگ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەنىدى. ھامۇتبەگ — بۇ يەرنىڭ يۈز بېشى بولۇپ، ئۇنىڭ سادىق تاز دېگەن قول چوماقى بار ئىدى. بۇ ئىككىسى دادامتۇ يېزىسىنى ئۆز ئالقىنىمىزدا، دەپ بىلىشەتتى. شۇڭا ھامۇتبەگنىڭ كۆزى مايىمخانغا چۈشكەندە يۇرت چوڭلىرى ئېغىر خورسىنغان ۋە بۇ يالماۋۇزنىڭ ئاغزىدىن بىچارە مەسۇم قىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئويلاشقانىدى. ھايات دېگەن سىرلىق مۆجىزات ئىكەن، بىر «سىرلىق» تەدبىر نېمىلا بولسۇن بۇ يالماۋۇزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. بۇ ھەقتە كېيىنرەك سۆز ماڭىدۇ.

مايىمخانچۇ؟ ئۇ، تەبىئەتنىڭ قۇدرەتلىك قولى بىلەن ئاللا ئۆزىگە ئاتا قىلغان گۈزەل جامالىنى تالا - تۈزدە كۆپ نامايەن قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە يىرشۇرۇن بىر ئوت كۆيەتتى: ئۇ بۇ مەھەللىدىكى يولداش ئاكىنىڭ ئوغلى ھېيتباقىغا ئاشىق ئىدى. ئۇ، بويىغا يېتىپ، قەدىمكى يېزىلارنىڭ ئۆز ئادىتى بويىچە تالا - تۈزگە چىقىشى چەكلەنگەندىن كېيىن ھېيتباقىنى خىيالىدا كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن خىيالىدا پاراڭلىشاتتى، سىرداشاتتى. ئۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە بىللە بولغان كۈنلىرىنى ئويلايتتى. تېخى يېقىندىلا ئۇلار مەكتەپكە بىللە بارغان، يانمۇيان ئولتۇرۇپ، مۇللىسىدىن

دەرس ئاڭلىمىغانتى. ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنچىلىك ئىجىل - ئىناق ئىدىكى بىردەم كۆرۈشمىسە تاقەتسىزلىنىپ كېتىشەتتى. قايسىسى مەكتەپكە بالدۇر ماڭغان بولسا، قېرى سۆگەت تۈۋىدىكى دوقمۇشتا يەنە بىرىدىنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ ئاجايىپ شېرىن چاغلار ئىدى ...

شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. ئىككى گۈدەكنىڭ قەلبىدىكى ئوتمۇ ئۇلغىيىۋەردى. دەۋرنىڭ زۇلمى، تۇرمۇش دەردى، ئالۋاڭ - سەيلەرمۇ بۇ ئىككى ياشنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە سايە تاشلىيالمىدى. ياۋاش ۋە كەمسۆز، ھېيتباقى ئۆز دەردىنى ئۆزى بىلىپ، ئىشقىنى پىنھان تۇتۇپ يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرۈۋەردى. ئۇلار بىر بىرىگە قانداقمۇ سۆز ئېيتالىسۇن! ... مۇھەببەت ئۇلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، سۆز كەپتەرلىرىدىنى ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى. ئۈن - تىنسىز ئۇچرىشىش، بىر - بىرىگە مەنىلىك بېقىش ئۇلارنى ھەم ئازابلايتتى، ھەم چەكسىز لەززەتلەندۈرەتتى. ئازابلانغان قەلب ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلەتتى. مۇھەببەت — سەن ئۇلار قەلبىگە نۇر بەرگىن، مۇھەببەت — سەن ئۇلارغا كۈچ، ئىرادە ۋە ئەركىنلىك ئاتا قىل! ئۇلار ئەبەدىي بىللە بولسۇن. مۇھەببەتلىك ناخشىلارنى بىللە ئېيتىشسۇن:

سەھەردە ئويغىنادۇرمەن،
يىلاندەك تولغىنادۇرمەن.
مۇرادىمغا يېتەرمەن دەپ،
ئىگەمگە يالۋۇرادۇرمەن.

بېرىشىڭنى باغدا كۆردۈم،
يېنىشىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزىڭ،
بولدى كۆزۈمگە تۇتىيا.

... ... ... ... ... ... ...

ئەمما قەيەردە گۈزەللىك بولسا، ئۇ يەردە رەزىللىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھامۇتبەگ مايىمخاننىڭ كويىدا ئىدى. مايىمخاننىڭ بۇغداي ئۆڭ ئىللىق چىرايى، قىياقتەك قاشلىرى، قارىقاتتەك قاپقارا ئوماق كۆزلىرى ئۇنى كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار قىلاتتى. ئىنتىلگەن نەرسىگە قول يەتمىگەنسېرى تاتلىق بولىدۇ. ھامۇتبەگنىڭ قولى بۇ تاتلىق شاپتۇلغا يەتمىگەنسېرى شېخىنى يېرىشنى ئويلايتتىيۇ، بىراق ئاقىۋىتىدىن قورقاتتى.

ھامۇتبەگنىڭ دانا ئاغچا دېگەن ئايالى بار ئىدى. ھامۇتبەگنىڭ «قوقىقى» ئەنە ئاشۇ ئايالىدىن ئىدى. دانا ئاغچا ھەقىقەتەن «دانا» بولۇپ، ئۇ، شەنگەن بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئىدى. شەنگەن پات - پات دادامتۇ يېزىسىغا چىقىپ، ئاغچا خېنىمنىڭ داستىخىنىدا مېھمان بولۇپ، كۆڭۈل ئېچىپ تۇراتتى. شۇڭا دانا ئاغچا ھامۇتبەگدىن كۈچلۈك ئىدى. ئازراق ئىش بولسىلا ئاغچا خېنىم: «شەنگەن دارىنىغا ئېيتىمەن» دەپ ھامۇتبەگنىڭ پۇتىنى بوغاتتى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ھامۇتبەگ مايىمخانغا شۆلگىيىنى ئېقىتىپ، چاپالماي يۈرەتتى.

مايىمخان تالا - تۈزگە چىقمىغاندىن كېيىن، ھېيتباقى تېخىمۇ جىمغۇر بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆز دەردىنى پەقەت ناخشا قىلىپ ئېيتىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى:

نوغا يېتۇنىڭ غولىدا،
تورغاي تولا سايرايدۇ.

خۇدايىم قوشقان بىزنى،
دۈشمەن قانداق ئايرىيدۇ؟!...

ئىشىكىڭدىن تولا ئۆتتۈم،
سۆگەت شاخىنى تۇتۇپ.
چىقمايسەن تالا - تۈزگە،
مەن يۈرىمەن قان يۇتۇپ.

ئامىرىقىم سېنى بار دەپ،
بېرىپ مەھەللىگە ئوينايمەن.
مەھەللىگە كۆرۈنمىسەڭ،
تاڭ ئاتقىچە ئويلايمەن.

ئېچىلمىغان سىر بولمىغىنىدەك ھېيتىباقىنىڭ بۇ ناخشىلىرى ئۇنىڭ پىنھان يۈرەك سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

بىر كۈنى ھېيتىباقىنىڭ قورۇدىشى ھەمرا مەشرەپ بېرىپ «30 ئوغۇل»نى كۈتۈۋالدى. قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە بىر-بىرىگە پوتا تاشلاش، «غاز ئويۇنى»، گۈل چاي تۇتۇش، مۇھەببەتلىك بېيىت - قوشاقلارنى ئېيتىش... ئادەتلىرى بار ئىدى. شۇ كۈنى ھەمرا ئۆز نۆۋىتىگە كەلگەن «گۈل چاي»نى ئاغىنىسى ھېيتىباقىغا مۇنداق قوشاقلار بىلەن تۇتتى:

تاغدا يايلىمىغان كالىلار (كاللار)
تاغنى ياد قىلىپ كەتتى.
بىللە ئوينىغان بالىلار (باللار)
ھەر كىم قەدىرىگە يەتتى.

ھويلاڭدىن موزاي چىقتى،
تەڭدىن تولىسى قاشقا.
ھېيتىباقى كۆيۈپ قاپتۇ،
مايىمخان قەلەمقاشقا.

كەكلىك تولا سايرايدۇ،
ئۆز تۈپىدىن ئايرىلىپ.
دوستۇم تولا يىغلايدۇ،
ئۆز جۈپتىدىن ئايرىلىپ.

ئالما ئاتسام ھاۋاغا،
يېنىپ چۈشتى دەرياغا.
ئەجەب كىشىلىك چۈشۈپتۇ،
قوش تېرەكلىك ھويلىغا.

تام ئۈستىگە تام سالدىم،
قىبلىسىنى كەلتۈرۈپ.
نېمە ئانچە يىغلايسەن،
يۈرىكىڭدىن ئاھ ئۇرۇپ...

ھەمرا بۇ قوشاقلارنى ئېيتقاندا، ھېيتىباقى مايىمخاننى ئويلاپ چىدالمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئېقىشقا باشلىدى. مەشرەپ ئەھلى، مەھەللە ياشلىرى ھېيتىباقىنىڭ دەرد - ھالىغا يېتىپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى تېزراق بىر تەرەپ قىلىشقا مەسلىھەتلەشتى.

ھېيتىباقىنىڭ ئاتىسى يولداش ئاكا مەھەللە ياشلىرىدىن ھېيتىباقىنىڭ مايىمخانغا ئىچپەش تارتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، چۈنكى چوڭلار ئارىسىدىمۇ مايىمخاننىڭ ياخشى پەزىلەتلىرى، گۈزەللىكى، ئەدەب - ئەخلاقلىقى توغرىسىدا سۆز بولۇپ تۇراتتى. يولداش ئاكا ياشلارغا بۇ ئىشنى جەزمەن تېزلىتىشتا سۆز بەردى.

ھېيتىباقچۇ؟ ئۇ كېچە - كۈندۈز مايىمخاننى ئويلاپ، كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ يۈردى. ئاخىرى مايىمخاننىڭ دوستى گۈلسۈمخاننى تېپىپ، ئۇنىڭدىن سالام خەت كىرگۈزدى. خەت ئىچىدە مۇنداق قوشاقلار بار ئىدى:

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
باغنىڭ چۆرىسى قورغان.
ئەجەبمۇ قاتتىق ئىكەن،
تەڭ ئۆسكەندىن ئايرىلغان.

باغچىلار باراڭ ئىكەن،
ھويلىلار ساراي ئىكەن.
مەن سېنى كۆرمەي دېسەم،
دۈشمەنلەر مارايدىكەن.

مېنى كۆرگەن دۈشمەنلەر،
باشقىلارنى كۆرمەيدۇ.
دۈشمەننىڭ سۆزى تولا،
كىشى دەردىنى بىلمەيدۇ.

باينىڭ ھويلىسى يوغان،
كىرىپ كورگىلى بولماس.
كۆڭلى چۈشكەن يارنى،
ئوينىپ كۈلگىلى بولماس.

ئىشىكىڭدىن تولا ئۆتتۇم،
سۆگەت شاخىنى تۇتۇپ.
چىقمايسەن تالا - تۈزگە،
مەن يۈرىمەن قان يۇتۇپ.

دەريا ئەگىپ ئاقارمۇ،
ئېقىپ سۈيى تاشارمۇ؟
يارىم كىيگەن ئاچىمبەل،
مۇنداقمۇ يارئاشارمۇ؟

يارىم قولۇڭغا ئالغىن،
بۇ خېتىمنى كۆرگەندە.
ئون توققۇز قىلاي تازىم،
سەن بىلەن كۆرۈشكەندە.

سەن بىلەن كۆرۈشكەندە،
كۆڭلۈم ئېيتمىسام بولماس.
كىشى بىلمەيدۇ دەردىمنى،
دەردنى تارتمىسام بولماس...

مايىمخان بۇ سالامنامىنى ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتتى. لېكىن ئۇ قايتا - قايتا ئوقۇغانسېرى ھېيتباقىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنمىگەندەك تۇيغۇدا بولغانلىقىنى سېزىپ كۆڭلى پاراكەندە بولدى. بولۇپمۇ:

كۆڭلى چۈشمىگەن يارنى
ئويناپ - كۈلگىلى بولماس

دېگەن قوشاقنى ئوقۇغاندا، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى. ئۇ، دۇتارنى قولىغا ئېلىپ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنى ناخشىسىغا قېتىپ، ئىچىنى بوشاتتى:

مەن بېلىمنى باغلىدىم،
ھاۋارەڭ ياغلىق بىلەن.
سىز تېخى گۇماندىكەنسىز،
مەن ئەشۇ ۋەدەم بىلەن.

قوش تېرەك ئاراسىدا،
قول بېرىشكەن كىم ئىدى؟
ھەرگىز ئايرىلمايمىز دەپ
قىلغان ۋەدىمىز قېنى؟!...

كۆڭۈل بەرمىسەم سىزگە،
ئوت تەگمەس ئىدى جانغا.
ۋەدىگە ۋاپا ئىزدەپ،
يۈرەك پاتىدۇ قانغا.

كۆرۈنگەن قارا تاغدا،
ئات قارنىدا ياغدى قار.

كۆڭلۈمنى بەرمەي دېسەم،
كېچىكلىكتە ئۆتقان يار.

ھاۋا ئۇتۇلۇپ چىقتى،
ئۆگزىدىكىزدە قار بارمۇ؟
جاھاننى كېزىپ چىقسام،
سىزگە ئوخشاش يار بارمۇ؟!

گۈل غۇنچىسى گۈللۈكتە،
كۈنگە قايرىلاي دەمدۇ؟
يار ئۆزىنى كۆرسەتمەي،
ئىردك ئايرىلاي دەمدۇ...

ئىككىمىز تەڭ دېمەتلىك،
باغدا ئۆسكەن غۇنچىدەك.
ئايرىمىسۇن خۇدايىم،
لاچىن سوققان توشقاندەك...

مايىمخاننىڭ دوستى گۈلسۈمخان بۇ بېيىت-قوشاقلارنى ئاڭلاپ، دوستىنىڭ دەردىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى. ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى ھېيتباقىغا يەتكۈزگەندە ھېيتباقىمۇ چىدالماي قالدى، ئەل - ئاغىنىلىرىگە ئېيتتى. ئەل-ئاغىنىلىرى يولداش ئاكىغا يەنە ئېيتىپ ئىش (توي)نى تېزلىتىشتى.

شۇنداق قىلىپ كۈز كۈنلىرىنىڭ خاسىيەتلىك بىر ئەتىگەنلىكى يولداش ئاكا ئەۋەتكەن بىر مويسىپىت ئاقساقال بىلەن بىر ياشانغان ئايال ئەلچى توختىباقىنىڭ ئۆيىگە قول قوشتۇرۇپ كىرىپ كەلدى.

ئۇ زامانلاردا ئېلى يېزىلىرىدا توي - تۆكۈن باشقىچەرەك ئۆتكۈزۈلەتتى. ئالدى بىلەن قىز تەرەپكە ئەلچى بولۇپ ئەر - ئايال بىللە باراتتى. ئۇلار قىزنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ياخشى كىشىلەر، كەڭ ئېتىمىكىڭلارغا، تار قويىنۇڭلارغا سېغىنىپ، ئىشىك ئېچىپ كەلدۇق. ئوبدان يۇرتۇڭلارغا، ئىسسىق ئۆيلۈڭلارغا بالاقۇلۇن بېرەيلى، دەپ كەلدۇق. بۇ ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان سۈننەت ئىكەن ...» دېيىشىپ ئېغىز ئېچىشاتتى. بۇ چاغدا قىز تەرەپنىڭ كىشىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈچ قېتىم: «رەھمەت» ئېيتاتتى، ئاندىن قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى. ئەلچىلەر ماقۇل جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈچ قېتىم: «رەھمەت» ئېيتاتتى. ئەگەر قىز تەرەپ قوشۇلمىسا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلاتتى، ئەلچىلەر: «خەير، ئوبدان بوپتۇ» دېيىشىپ قايتىشاتتى. ئىككى تەرەپ كېلىشىپ ئۈچ- تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئايال ئەلچى قېلىپ، ئەر ئەلچى ئۆزى يالغۇز قىز تەرەپكە باراتتى. سېلىق سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەر - ئايال ئەلچى بىللە بېرىپ، سېلىق قەغىزىنى ئېلىپ كېلەتتى. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتىسى سېلىق قەغىزىنى كۆرگەندىن كېيىن پېشانىسىنى ئۇرۇپ قويۇپ: «پاھ، پاھ، پاھ، سېلىقنى ھارغىچە ساپتىيا ...» دەپ قوياتتى. ئاندىن توي رەسمىيەتلىرى باشلىناتتى.

ئۆكەملەردە ھازىرقىدەك «رەھمەت تەزىم» يوق ئىدى. پەقەت ئوغۇل ئاتىسى قىز تەرەپكە بېرىپ: «رەھمەت، قىز بەرگىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت!» دەپ، قۇدىلار بىلەن تونۇشۇپ، قايتىپ كېلەتتى. ئاقلىق چايدا قىز تەرەپ بۇسۇتنىسى ياندۇرمايتتى. چايدىن كېيىنلا توي باشلىناتتى. توي ئويۇن - كۈلكە، قىزدىقچىلىقلارغا تولاتتى. قىز كۆچۈرگەندە، ئوتتۇز ئوغۇل نىكاھقا ماڭغاندا، ساندۇق ئېلىپ ماڭغاندا مەھەللىنىڭ باللىرى ئارغان بىلەن يول توراپ پۇل، مال ئالاتتى. قىز

ھۇجرىسىغا كىرگەندە «چاپان يېشىش»، «ئۆتۈك يېشىش»، «ياغلىق يېشىش» قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئادەتلەر ئورۇنلىناتتى. يىگىت ئۆتۈكىنى قىزنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ قويۇپ قوياتتى. بۇ: «قىز ئايىغىمدىن ئەگىپ كېتەلمىسۇن!» دېگەن مەنىدە ئىدى.

ئىككى ئەلچى تۇختىباقىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئەشۇ رەسمىيەتلەرنى بېجىرگەندە توختىباقى بىلەن ئازنىخان خۇشاللىق بىلەن «ماقۇل» جاۋابىنى بېرىشتى.

شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ئاشۇ زۇلۇم - زوقۇم ھەددىدىن ئاشقان؛ ئەركىنلىك - ھۆرلۈكتىن مەھرۇم بولغان خارابە يېزىدا يەنىلا تەقدىرنىڭ كۈچلۈك قولى بىلەن ئىككى تەشنا يۈرەك، ئىككى تامچە بۇلاق سۈيى قوشۇلدى. لېكىن بۇ خۇشاللىق كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. «ئاي - ھاي يۈلەن ...» نىڭ ئايىغى تېخى ئېيتىلماي يېزىنى قارا تۇمان قاپلاشقا باشلىدى. ئالۋاڭ - سېلىق كۆپىيىشكە، دېھقانلارنىڭ ئىڭرىدىغان، زارلىغان ئېچىنىشلىق ئاۋازى يېزا ئاسمىنىنى قاپلاشقا باشلىدى. يىل بويى ئىشلەپ، تاپقىنى ئالۋاڭ - سېلىقتىن ئاشماي، دېھقانغا يەيدىغان ئاشلىقمۇ قالمىدى. قەرز سۈيلەپ يۈرگەن ئەمەلدارلارنىڭ قانلىق قامچىسى ھەر بىر نامرات ھويلىدا قاراسلاپ تۇراتتى ...

قەرز، تۈگىمەس ئالۋاڭ - سېلىقلار، ئاچ - زېرىنچىلىق، ساقايماس ئاغرىق - سىلاقلار بىچارە دېھقانلارنى قاڭقىمىر قاخشىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەزىز يۇرت - ماكانلىرىنى، ئىسسىق ئۆيلىرىنى تاشلاشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى. بۇ «32 ھوسۇل»① ئالۋىڭى ئەۋج ئالغان يىللار ئىدى.

مايىمخاننىڭ ئاتىسى توختىباقى زەردىسى كۈچلۈك، ناھەقلىققە چىدىمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز يېزىسىدا بولۇۋاتقان ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، چىداپ تۇرالمىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ يا بەگ - ئەمەلدارلارغا قارشى تىغ كۆتۈرۈش كېرەك، يا باشنى ئېلىپ يىراق يۇرتقا كېتىش كېرەك. توختىباقى كېيىنكى يولنى تاللىدى. ئۇ بۇ كىچىككىنە يېزىدا بەگ - غوجاملارغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ نېمە مەقسەتكە يېتەلىسۇن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيۇشقان چوڭ كۈچ بولۇش كېرەك. يېقىنقى كۈنلەردە غۇنۇخاي تەرەپلەردە مەنچىڭ ئىستىبداتلىرىغا قارشى يوشۇرۇن دېھقانلار ھەرىكىتى بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە خۇپىيانە پاراڭ بولۇۋاتاتتى. توختىباقى شۇ تەرەپلەرگە ئوقاق تارتىشنى ماقۇل كۆردى. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش يوقسۇل 12 ئۆيلۈك دېھقاننى يوشۇرۇن تەشكىللەپ، بىر كۈنى تۈن نىسپىدە تاغ تەرەپكە يول ئالدى. نەرسە - كېرەكلىرىنى دۈمبىسىگە ئارتقان، ئۇششاق باللىرىنى يېتەكلىگەن، بەزى ئاجىز - كېسەلمەنلەرنىڭ ئىڭراشلىرىغا پىسەنت قىلماي كېتىۋاتقان بۇ سەرگەردان قوشۇن ئۆز بەختىنى نەدىن تېپىشنى بىلمەيتتى ...

ئاتلارنى قويۇۋەتتۇق،
يېڭى چىققان قىياقلارغا.
ئىنساب قالمىدى بەگدە،
چىقىپ كەتتۇق يىراقلارغا.

كۆرىدىن چىققان ھارۋا،
يانبۇلاققا ياماشتى.

① «32 ھوسۇل» — دېھقانلار مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە يىلدا 32 خىل ئاشلىق تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى.

www.uyghurkitap.com

مەن يۇرتۇمغا قارىسام،
يىغا ماڭا ياماشتى.

....................

بىر كۈنى ئەتىگەندە چۈشى بۇزۇلۇپ قوپقان مايىمخان يۈرىكى ئېچىشىپ ئاتا-ئانىسىنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ، ئۆيدە ئەسكى تۆت تامدىن باشقا نەرسە يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ نالە-پەرياد كۆتۈردى. مەھەللە-جامائەت ئۆيگە كىرىپ، بوسۇغىدا يىغلاپ ياتقان مايىمخاننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ نەسىھەت قىلىشتى، كۆڭلىنى ياساپ بەزلەشتى. ئەمما دەردنى ھەر كىم ئۆزى بىلىدۇ. مايىمخاننىڭ يۈرىكىدىكى ھەسرەت ئوتى زادىلا پەسەيمىدى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتى، سىڭىل-قېرىنداشلىرىغا بولغان ئوت-پىراقى، ئاتا-ئانىسىغا مۇشۇ كۈنلەرنى سالغان بەگ-غوجاملار، پارىخور ئەمەلدارلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى ئۇنىڭ پاك قەلبىدە يېڭى-يېڭى بېيىت-قوشاقلارنى تۇغدى. مايىمخان ئۆزىنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىنى، ئاتا-ئانا ۋە سىڭىللىرىغا بولغان سېغىنىشىنى ناخشا-قوشاقلار بىلەن ئىپادىلەشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆينى ئارىلاپ، ئاتا-ئانىسى ئالدىراشلىقتا ئۇنتۇپ قالغان پالتىنى تېپىۋالدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش ئاققۇزۇپ، تۇنجى قېتىم كىشىلەر ئالدىدا بۇ قوشاقلارنى ئېيتقانىدى:

ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ،
ئاتام ساپلىغان پالتا.
ئىزدەپ كەلسەم ھېچكىم يوق،
ئاتام بىلەن ئانام قايدا؟!

ئۆيدە قالغان پالتىنى،
ئىتتىك قولۇمغا ئالدىم.
ئىسسىت ئاتام بىلەن ئانام،
ئەجەب بىخەۋەر قالدىم.

بىۋاپا ئىكەن ئالەم،
كۆپ جاپا ئىكەن ئالەم؛
ئايرىلماسمىز دەر ئىدىم،
ئايرىۋەتتى دەرد-ئەلەم.

ئالغاچ كەتسە بولمامدۇ،
ماڭغان يوللىرى تارمۇ؟
ئېلىنى ئاقتۇرۇپ كەلسە،
مېنىڭدەك دەردى غەم بارمۇ؟!

قازاسى يەتمىسە ئۆلمەس،
دەريا سۈيى كەچكەنگە.
زالىملار زۇلۇم قىلدى،
ئاتام بىلەن ئانام نەدە؟!

سىڭلىم بەرگەن ئۈچ ئالما،
ئۈچى ئۈچ بۆلەك ئىكەن.
مۇرادىغا يەتكۈزمەس
ئەجەب كاژ پەلەك ئىكەن.

ئاتا-ئانىمىز تۇرماس،
ھۇقۇقىنى قويىمۇ باغلاپ.
ئالۋاڭ دەستىدىن كەتتى،
ئاتام-ئانام يۇرتىنى تاشلاپ.

ئاتا-ئانام كېتىپتۇ،
ئامانلىققا بەل باغلاپ.
بالدۇر ئاڭلىغان بولسام،
كېتەر ئىدىم داۋان ئاتلاپ...،

ئالغاچ كەتسە بولمامدۇ،
ماڭغان يوللىرى تارمۇ؟
ئېلىنى ئاقتۇرۇپ كەلسە،
مېنىڭدەك دەردى غەم بارمۇ؟! ...

مايىمخاننىڭ بەگ-زادىلارغا قارشى بۇ ئىسيانكار قوشاقلىرى ئەل ئارىسىدا تېزلا تارىلىپ، ئۇنىڭ نامىنى چىقىرىشقا باشلىدى. مايىمخان ئاتا-ئانىسىدىن خەۋەر ئالالماي، ھەسرەت-پىغاندا يەنە يېڭى-يېڭى قوشاقلارنى توقۇشقا باشلىدى. ئۇ دەسلەپتە بۇ قوشاقلارنى يولدىشى ھېيتباقىدىن يوشۇرۇن ئېيتىپ يۈرگەنىدى. ھېيتباقى ئەل ئاغزىدىن بۇ قوشاقلارنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭ مايىمخاننىڭ ئۆز ئاغزىدىن بۇ قوشاقلارنى ئاڭلاش ئارزۇسى بولسىمۇ، ئەمما مايىمخاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئۈن-تىن چىقارماي يۈرگەنىدى. ئۇ، مايىمخانغا ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىنى قىلسام كۆڭلى بۇزۇلامدىكىن، دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئويلىغانسېرى مايىمخاننىڭ قوشاقلىرىنى بەك ئاڭلىغۇسى كېلىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇ مەھەللىدىكى توختىخان ئايىلىغا يالۋۇرۇپ: «جېنىم ھەدە، سىز مايىمخاننى ئۆيىڭىزگە چاقىرىپ، بىر ناخشا ئېيتقۇزۇپ بەرسىڭىز، مېنىڭ مايىمخاننىڭ ئۆز ئاغزىدىن ناخشىسىنى بەك ئاڭلىغۇم بار ئىدى» دېدى. توختىخان ئايىلى بۇنى ماقۇل كۆردى. مايىمخان توختىخان ئايىلىنىڭ ئۆيىدە ناخشا ئېيتىۋاتقاندا، ھېيتباقى دالان ئۆيدە يوشۇرۇن ئاڭلاپ ئولتۇردى. مايىمخان دۇتارنى سازلاپ، مۇڭلۇق پەردىلەرگە باستى:

ئۆزلىرىنى تەييارلاپتىكەن كېتەر يەرگە،
ئالۋاڭنى تولا تارتىپ ئاتام كەتتى بازىيەرگە.
داۋان ئاتلاپ، يول مېڭىپ يەتكەنمىدۇ مەنزىلىگە
يىغلاپ - قاقشاپ ئۆتكەندۇ ئىلىنىڭ مازارلىكە.

تىكىلىخان تۆپەسىدە،
كەتكەن يەر كۆرۈنەرمىكىن.
ئاتامنىڭ يادىدا بولسا،
ماڭا خەت ئەۋەتەرمىكىن.

مەن ئەمدى قانداق قىلاي،
غەمگە قالغان بېشىمنى.
ئايرىۋەتتى دەرد-ئەلەم،
سېغىنىدىم قېرىنداشىمنى.

ئايرىلىش يامان ئىكەن،
تەنلىرىم كېسەل بولدى.
يۈرىكىم پارە-پارە،
كۆز ياشلىرىم سەل بولدى.

ئىچىمدە دەردىم تولا،
دەردىمنى كىمگە ئېيتاي.
ئاتام بىلەن ئانام يوق،
ئىزدەپ نەلەردىن تاپاي.

ئاتامغا نېمە دەپ يىغلاي،
ئانامغا نېمە دەپ يىغلاي.
ئەزىز بېشىمغا دەرد كەلدى،
ئۆزۈمگە نېمىدەپ يىغلاي.

..................................

مايىمخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان ھېيتباقى تاقەت قىلالماي تۇرالماي ئىچكەركى ئۆيگە كىردى. بۇ چاغدا مايىمخان يىغلىغىنىچە ھېيتباقىغا تاشلاندى. شۇ كۈنى مەھەللىدىكى ياشلار، يوقسۇل-نامراتلار بۇ ئۆيگە جەم بولۇپ، ھۆكۈمەت ۋە بەگلەرنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن، ئالۋاڭ-سېلىقلارنىڭ

ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، ئاشلىقنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىدىن... شىكايەت قىلىشتى. ئۇن تەڭگىچە كىشىلەر مايىمخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىنى ئاڭلاپ، دەردىتىن ئازراق يېنىكلەشكەندەك بولۇشتى. كىشىلەر مايىمخاننى ئارقا-ئارقىدىن يېڭى ناخشىلارنى تەلەپ قىلىشاتتى:

ئاتامنىڭ ھالىنى دەيمۇ،
ئۆزۈمنىڭ دەردىنى دەيمۇ.
بەگنىڭ زۇلمىنى دەيمۇ،
دەردىم ئېيتماي ئۆلەرمەنمۇ؟!

كېتىپ بارغان ئۆمرۈمگە،
ئەجەبمۇ تولا ئاغرىدىمەن.
يېنىمدا ئاتا-ئانام يوق،
كۈندىن-كۈنگە ساغىرىدىمەن.

ماڭغان يولىدا بارىمىدۇ،
قۇم چېچەكلىگەن تاشلار.
ئالۋاڭ-سەيسە دەستىدىن،
قۇرىمايدۇ كۆز ياشلار.

يولدا ماڭغان خەقلەرنىڭ،
قوينىدا كۆمەچى بار.
ئويلاڭلار قېرىنداشلار،
بۇ كۈننىڭ نېمەسى بار.

مېنىڭ ئېتىم مايىمخان،
سىڭلىم ئېتى مىنىمخان.
مەن قانداق چىدالايمەن،
بىللە ئويناپ چوڭ بولغان.

تىكىلىخان تۆپەسىدە،
ئۇچۇپ يۈرىدۇ قۇشلار،
قەيەرلەردە يۈرگەندۇ،
مېھرىبان قېرىنداشلار...

بۇ سورۇندا بولغان شىكايەت ۋە زۇلۇمغا قارشى ناخشا-قوشاقلار ھامۇتبەگنىڭ قولىغا يەتكەندە، مايىمخاننى يەنە يېڭى دەرد-ئەلەم كۈتۈپ تۇراتتى. گۈزەل مايىمخاننى ئۆز قوينىغا ئالالماي ئەلەم-داغدا قالغان بەگ، بۇ ئەھۋالنى كۆپتۈرۈپ شەنگەن دارىنغا مەلۇم قىلدى. ئۆز ھاكىمىيىتىگە قارشى ناخشا-قوشاق توقۇپ يۈرگەن بۇ «ئىسيانچى قىز»نى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش ئەلۋەتتە خەۋپلىك ئىدى. شۇڭا شەنگەن پەرمان چۈشۈرۈپ، ھايال قىلماي مايىمخاننى يامۇلغا سولىدى.

كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈپكەتتى. مەھەللە-يۇرت ئۆزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك قىزىغا تولىمۇ ئېچىنىشتى. ئاخىرى ئۇلار ئۇنى قانداقلا بولمىسۇن يامۇلدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا ھەرىكەت قىلىشتى. سوۋغا-سالام تەييارلاشتى ۋە ئۇنى يۇرت چوڭلىرىنى ۋەكىل قىلىپ شەنگەن ئالدىغا كىرگۈزۈشتى. يۇرت چوڭلىرى شەنگەنگە مايىمخاننىڭ گۇناھسىزلىقىنى، ھەممە ئىشنى ھامۇتبەگنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۇقۇشماسلىقتىن قىلىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، مايىمخاننى يامۇلدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشتى.

مايىمخان زەي يامۇلدىن قۇتۇلدى، ئەمما ئۇنىڭ بېشىغا يەنە يېڭى دەرد-ئەلەم كەلدى. ئاتىسى توختىباقى باشلىق 12 ئۆيلۈك «قاچقۇنلار» ھامۇتبەگنىڭ ئەۋەتكەن چاپارمەنلىرى تەرىپىدىن قورغاس غولىدا تۇتۇلغانىدى. ھامۇتبەگ تولىمۇ رەھىمسىز ئادەم ئىدى. ئۇ، بۇ قېتىمۇ ئۆز رەزىللىكىنى كۆرسەتتى: نەچچە ۋاقىتلاردىن بۇيان بىر-بىرىگە تەشنا بولغان ئۇرۇق-تۇغقان،

www.uyghurkitap.com

قوۋمى - قېرىنداشلارنى جەم قىلماي ئاتىنى بالىدىن، بالىنى ئاتىدىن ئايرىۋەتتى. چېرىكلەر توختىباقىنى ۋاڭ خولۇ ئالۋۇڭىغا ئېلىپ كەتتى. قەدىمكى كورە شەھىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرغان دەريا سۈيىنى ئىننىغا قايتۇرىدىغان بۇ ئالۋاڭدا خەلق تولىمۇ قىينىلاتتى. تۇرمەل، تاش - شېغىللار بىلەن سۇنى قايتۇرالمىسا، ئەمەلدارلار توختى ئاتلىقنى دەرياغا باساتتى، شۇڭا خەلق بۇھەقتە:

ياز كەلسە قىلۇر غەمكىن،
ۋاڭ خولۇنىڭ ئالۋۇڭى.
ھاشارلارغا باش بولغان،
زالىملارنىڭ يامىنى

دەپ قوشاق توقۇشقانىدى.

ياز ئايلىرى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ۋاڭ خولۇ ئالۋۇڭىغا كەتكەنلەردىن ھېچ خەۋەر يوق ئىدى. مايىمخان ئۆز ئاتىسىنى سېغىنىپ، ناخشا ئېيتاتتى:

دەريا بويىغا بارسام،
ئاتامنى كۆرەلمەيمەنمۇ.
زالىملارنىڭ دەستىدە،
ئاتاسىز ئۆتەرمەنمۇ؟!

دەل شۇ كۈنلەردە توختىباقىنى تۇغانغا بېسىۋەتكەنلىك خەۋىرى يېزىغا يېتىپ كەلدى. ئازىمخانىنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلىغان جامائەت يىغىلىپ، يىغا - زارە قىلىشتى. مايىمخانغا بۇ ئىش ھەممىدىن ئېغىر كەلدى. ئۇ، بۇ ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىنى ئاز - تولا بىلىپ قالغاچقا، زالىم بەگ - تۆرىلەرگە قارشى غەزەپ - نەپرىتى تاشتى. ئۇ، بۇ غەزەپ - نەپرەت كۈچىدىن تېخىمۇ ئىسيانكار ناخشىلارنى ئېيتىشقا باشلىدى. بەگ - چېرىكلەرنى خەلقنىڭ كۆزىچىلا تىللايتتى...

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
چۆل كۆرەنى سوقماقچى.
ئەقىلسىز نادان بەگلەر،
ھاشا بىلەن توسماقچى.

نوغايتۇنىڭ غولىدىن،
قىيان كەلدى شارقىراپ.
زالىم بەگ چىقىپ كەلدى،
سېلىق بەر دەپ ۋارقىراپ.

ھامۇتبەگ ئۆز شەنىگە توقۇلۇۋاتقان بۇ قوشاقلاردىن تولىمۇ غەزەپلىنەتتى. ئۇ ئاخىرى بۇ ئەھۋالنى يەنە شەنگەنگە مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاستىرتتىن نۇرغۇن پارا بەردى. شەنگەن ئۆز ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان بۇ «بۇزۇق»تىن خەۋپسىرەپ، ئۇنى تۇتۇشقا دادامتۇغا چېرىك چىقاردى.

مايىمخان يەنە زەي يامۇلغا سولاندى. شەنگەن ئۇنى كۈندە شەخسەن ئۆزى سوراق قىلاتتى. ئۇ قانچە قاتتىق سوراق قىلغانسېرى بۇ «يۇرت بۇزار»شۇنچە قەيسەرلىشىۋاتاتتى.. بۇ كىچىككىنە ئۇيغۇر قىزى شۇنداق زور ھۆكۈمدار ئالدىدا، شۇنچە ھەيۋە-پوپوزىلار ئالدىدا باش ئەگمەيتتى، شەنگەن بۇ قىزنىڭ ئىرادىسىگە ھەيران قالدى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. زەي ۋە قاراڭغۇ يامۇل، ئاچلىق، قىيناق... شەنگەن مايىمخاننى چۆچۈگەندۇ، دەپ ئويلاپ يۈردى. ئەمما يامۇل چېرىكلىرى شەنگەنگە كۈندە خەۋەر ئېلىپ كېلەتتى. «بۇ قىز قانداقتۇ ناخشا ئېيتىمدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ...» دېيىشەتتى ئۇلار. شەنگەن ئۇنى قايتا سوراق

قىلغانىدىمۇ مايىمخان قىلچە قورقماي، كۈچ-لۈك سۆزلىرى بىلەن ئۇنى مات قىلىپ ئەزىپ-لەندۈردى. شەنگەن ئۇنىڭغا «تىزلاق» سې-لىشنى بۇيرىدى. تىزلاق دېگىنى بىر پۇتىنى يامپىشىغا چاپلاپ سالىدىغان ئېگىلەك تۆمۈر جازا ئىدى. بۇنىڭغا گىرىپتار بولغان كى-شىلەر كېچە - كۈندۈز پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ ياتالمايتتى ھەم ئۆرە تۇرالمايتتى. مايىم-خان مۇشۇنداق ئېغىر جازاغا ئۇچرىغانى-دىمۇ ئۆز ئىرادىسىدىن يانمىدى. زالىم ھۆ-كۈمەتكە، ياۋۇز بەگلەرگە قارشى ناخشىسىنى تەختىساتىمىدى:

يامۇل تېمى ئېگىز تام،
چۆرىسى يالاڭ چىتلاق.
ئەل - يۇرتنى كۆرەي دېسەم،
پۇتۇمدا ئېغىر تىزلاق.

زىندان تېمى ئېگىز تام،
ئەتراپلىرى دەرەخسىز.
مەن سېنى كۆرەي دېسەم،
خەۋەردىك يوق- دېرەكسىز.

مۇنداقمۇ بولارمەنمۇ،
يامۇلدىن چىقارمەنمۇ؟
جاپانى تولا تارتتىم،
ھالاۋەت كۆرەرمەنمۇ؟!

زىندان تېمى سىلىق تام،
سامان لايدا سۇۋاقلىق.
نە ھالدا قېرىنداشلار،
مەن يامۇلدا سولاقلىق.

ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقتى،
ھەم تۇمان بىلەن مانان.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
سىڭلىم ھەم ئاتا - ئانام.

قاپىقىم تارتىمدۇ كۈندە،
ياخشىلىقمۇ - يامانمۇ؟
ھېيتباقى مېھرىبانىم
دادامتۇدا ئامانمۇ؟!

خان خوجامنىڭ بوز ئېتى،
دەريالاردا ئۈزەمدۇ؟
ئىچى كۈچلۈك مايىمخان،
بۇ كۈنلەرگە تۆزەمدۇ؟!...

مايىمخان زەي يامۇلدا ياتقان كۈنلەردە ھېيتباقى ئىش - ئوقىتىدىن كېچىپ، گويا مەجنۇندەك گاھ شەھەرگە، گاھ يېزىغا قات-راپ يۈردى. ئۇ كېچە- كۈندۈز مايىمخاننى قوتۇلدۇرۇشنىڭ كويىدا ئىدى. ھەر قېتىم شەھەرگە كىرگەندە يامۇل ئەتراپىدا چۆرگى-لەپ، ھەسرەتلىنەتتى. ئۇ، سېغىنىش، ئەلەم ۋە دەرد - ھەسرەت ئىچىدە قوشاق ئېيتىپ، زۇلۇمغا نەپرىتىنى، مايىمخانغا بولغان چەك-سىز مۇھەببىتىنى كۈيلەيتتى:

ئاتنى ساتمىسام بولماس،
دەردنى تارتمىسام بولماس.
پۇلۇم يوق دېگەن بىلەن،
يارنى تاپمىسام بولماس.

ئەل بەرگەننى مەن بەردىم،
تەلەپ قىلمىدىم بەگدىن.
ئۆچۈمنى ئالمىسام زادى،
چىقمايدۇ مېنىڭ دەردىم.

ھامۇت بەگ زۇلۇم بىلەن،
مايىمدىن جۇدا قىلدى.

كۆرەلمىدىم يارىمنى،
باغرىمنى يارا قىلدى.

دەردى يوق دەمسىز بېگىم،
دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم.
پۇلى يوق دەمسىز بېگىم،
پۇل تاپقىچە سالماق زۇلۇم.

باغقا بۇغداي تېرىسام،
بەلگە كەپتۇ بۇغدۇيۇم.
نە كۈنلەرنى كۆرگەندۇ،
مېھرىبان مايىم گۈللۈم.

قارا - قارا قاشلىقىم،
ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىقىم.
سەن يارىمنىڭ كويىدا،
قارغا قالدى ئاشلىقىم.

شەھەرگە كىرىپ كۆزدە،
ياتىمەن تالا - تۈزدە.
تەنھالىقتا كاككۇكمەن،
دەرد ئەسىرى سېرىق يۈزدە.

مەن ئەمدى قانداق قىلاي،
غەمگە قالغان باشىمنى.
سېغىندىم يۈرەكىمدىن،
قۇندۇز قىياق قاشىمنى.

ئەجەب ياخشى چۈش كۆردۈم،
مايىم كەپتۇ يېنىمغا.
ھەقلىق سۆزنى سۆزلەپ،
خۇشلۇق سالدى جېنىمغا.

زالىملار زۇلۇم قىلدى،
مايىمدىن جۇدا قىلدى.
ئەزىز ئەيلىگەن جانىنى،
ئۆتمەس تىغ بىلەن تىلدى.

ئورمىدىن چۈشۈپ كەلسەم،
ئىككى بۆرىنىڭ ئىزى.
كۆڭلۈمنى ئېلىپ كەتكەن،
توختى ئاكىنىڭ قىزى.

مۇنداقمۇ ئۆتەرمەنمۇ،
مەن يارىمدىن ئايرىلىپ.
بۇ پەلەكنىڭ زۇلمىدىن،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ...

..........

ئىككى ئاشىقنىڭ، ئىككى پاك قەلبنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى، زالىم ھاكىمىيەتكە قارشى بۇ ناخشا - قوشاقلىرى ئەلنىڭ ئېغىزىدىن - ئېغىزىغا كۆچۈپ، يېزىلاردىن - يېزىلارغا تارىلاتتى. ئۇ ناخشىلار كەچكى پادىلار بىلەن بىللە مەھەللە ئىچىگە كىرىپ، ئۆي - ئۆيلەردە كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ، مايىمخاننىڭ ئوبرازىنى ئۇلغايتاتتى.

مايىمخان چۈچۈن ۋە بۇرگىگە تولغان، زەي - قاراڭغۇ يامۇلدا بىر يىل ياتتى. يېزا خەلقى دەردنى ئىچىگە يۇتۇپ، مايىمخانغا غايىۋانە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى يادلىشىپ بىر - بىرىگە تەسەللىي بېرىشەتتى. قېرىلار ھەر نامىزىدا ئاللادىن ئۇنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى تىلەشەتتى. ئۇنىڭ ئۆز يېزىسىغا ساق - سالامەت قايتىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى...

1830- يىلى، ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دەھشەتلىك بىر خەۋەر دادامتۇ يېزىسىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى:

«مايىمخانىنى ئۆلتۈرگىدەك!...»

ھېيىتباقى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتتى، قېرىلار ياقىسىنى تۇتۇشتى. ياشلار غەزەپلىنىشتى، ئاياللار، قىزلار يىغلىشاتتى...
بەلگىلەنگەن كۈنى پۈتۈن جامائەت شەھەرگە قاراپ ئاقتى. چوڭ - كىچىك ھەممىسى بۇ باتۇر - قورقماس، ھەق سۆزلۈك يېزا قىزىنى ئاخىرقى دەملەردە بىر كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇ يىللاردا ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان كىشىلەر قىلىچ بىلەن چېپىلاتتى ياكى قارا ياغاچ — دارلارغا ئېسىلاتتى. ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان جىنايەتچىنىڭ بېشىغا قىزىل لېنتا — ئىنچىكە لاتىنى باغلاپ، ئۆلۈم خېتى يېزىلغان ئۇزۇن قەغەزنى كەينى تەرىپىگە ياغاچ بىلەن تىكىپ قوياتتى. جىنايەتچى ئۆلۈم مەيدانىغا بارغىچە چېرىكلەر ئۇنىڭ ئالدىدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ - ئوينىتىپ ئەتراپقا ھەيۋە قىلىپ باراتتى. مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، جىنايەتچىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، تۆت - بەش چېرىك چامباش ئويناپ، قىلىچلىرىنى جاراق-جۇرۇق سوقۇشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىگە تارتىپ تۇرۇشاتتى. بۇ ۋاقىتتا ئالدىن بەلگىلەنگەن جاللات جىنايەتچىنىڭ كەينىدىن كېلىپ تۇيۇقسىزلا كاللىسىنى ئالاتتى.

قوللىرى باغلانغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان مايىمخاننى چېرىكلەر غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دۆڭگە ئېلىپ مېڭىشتى. بۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، نەمخۇش شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. مايىمخان ئۆزىنىڭ بۇ ئاخىرقى ھايات سائەتلىرىدە پۈتۈن دەرد-پىغانلىرىنى، زالىملارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى يول بويى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ ماڭدى. ئۇنى ئوراپ كېتىۋاتقان ئەل - يۇرتى، قېرىنداشلىرى، تونۇش - يېقىنلىرى ئۆزلىرىنى تۇختىتالماي كۆز يېشى قىلىپ بىللە ماڭدى. مايىمخاننىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى بۇ ناخشىلىرى شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ يۈرەك - قەلبىگە ئۆچمەس بولۇپ ئورنىشىپ قالدى:

ئۆلۈم كەلدى بېشىمغا،
نەق ئون سەككىز يېشىمدا.
يامۇلدىن چىقىپ كەلدىم.
ئىشەنچىم يوق جېنىمدا.

ئۆلۈمدىن ئانچە ۋايىم يوق،
مېنىڭ قورقانچىم ئىماندىن.
ئەجەل ۋاقتى يېتىپ كەلسە،
قۇتۇلغاي كىم قېچىپ ئاندىن.

زالىم قامچىسى دەيدۇ.
ئوق يىلانغا ئوخشايدۇ.
جاللاتلار كېلىپ قاپتۇ،
ئوڭ كەلگەنگە ئوخشايدۇ.

مېنىڭ ئالدىمدا تۆت مانجۇ،
قىلىچىنى ئويناتتى.
ھاكىم بەگ سوراپ ئالسا،
ئۆلتۈرمەيتتى، پالايتتى.

مايىم قولى باغلاندى،
ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى.
زالىملارنىڭ دەردىدە،
يۈرەك باغرى داغلاندى.

ئاتمىش يامبۇنى ئېلىپ،
ئامبال داردىن تويامدۇ؟
مايىمخاننى ئۆلتۈرسە،
خۇنى ئۇنى قويامدۇ؟...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مايىمخان ئۆلۈم مەيدانىغا كەلدى. ئۇ، ئۆلۈمگە قىلچە پەرۋا قىلماي، قىبلىگە يۈزلىنىپ ئولتۇردى. تۆت-بەش چېرىك چامباش ئوينىشقا باشلىدى. شامال مايىمخاننىڭ دۈمبىسىگە چاپلانغان ئۆلۈم خېتىنى شىردىلداتتى. تۇيۇقسىز... بىر جاللات مايىمخاننىڭ كەينىدىن كېلىپ تۇيۇقسىزلا بوينىنى كېسىپ تاشلىدى. مەيداندا قىيا-چىيا، ئاھۇ-پەريادلار، نالە، يىغا-زارە كۆتۈرۈلدى، مايىمخاننىڭ بوينىدىن ئاققان قىپقىزىل قان فونتاندەك ئاسمانغا ئېتىلدى. كېسىلگەن باش تەندىن بەش-ئالتە مېتىر نېرى يەردە سەكرەپ-سەكرەپ ئەتراپقا قان چاچراتماقتا ئىدى. بىر پەستىن كېيىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك قىزى مايىمخاننىڭ كېسىلگەن بېشى جىمىپ مەڭگۈ كۆز يۇمدى. شۇندىن بۇيان مانا بۇ يەر: «بوينى كېسىك» دەپ ئاتالدى.

خەلق بۇ قانلىق كۈنلەرنى تۈرلۈك ناخشا-قوشاقلارغا قوشۇپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قالدۇردى. مايىمخان ھەققىدىكى بۇ ناخشا-قوشاقلار تا ھازىرغىچە ئىلى يېزىلىرىدا ئېيتىلىپ، خەلقىنىڭ مايىمخانغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى، سېغىنىشىنى ۋە ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىپ كەلمەكتە:

دەريالاردا سۈزۈك تاش،
يوقسۇللارنىڭ كۆزى ياش.
مايىمخاننى چاپتۇرغان
ھامۇت بىلەن سادىق تاز.

قىلۋىدىن چىققان بوران،
گۈل ھىدىنى ئېپكەتتى.
دىلى ياۋۇز زالىملار،
مايىمخاننى يەپ كەتتى.

ئىشىك ئالدى كۆك تېرەك،
ئېگىز ئۆسكەن ئاق تېرەك.
مايىمخاننى ئۆلتۈردى،
ئاڭا ئوخشاش ئەر كېرەك.

شەھەر ئىچى تېرەكلىك،
ئەل ئىشىغا كېرەكلىك.
مايىمخان دېگەن قىزنىڭ
قىلغان سۆزى يۈرەكلىك.

ئاتىسىدىن ئايرىلغان،
ئانىسىدىن ئايرىلغان،
يۇرت ئىچىدە ئىلغانغان،
داڭقى چىققان مايىمخان.

ئۇنتۇلمايدۇ زادىلا،
مايىمخاننىڭ ئۆلگىنى.
مايىمخان شېھىت بولدى،
ئاڭا ئوخشاش ئەر قېنى؟!...

1989 - يىل، ئۆكتەبىر، غۇلجا



# قازاقىستاندا بەش كۈن



غەيرەت ئابدۇللا

جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىرى 1989 ـ يىل مايدا بېيجىڭدا ئۇچرىشىپ ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى قوشنا سوتسىيالىستىك دۆلەت ۋە ئىككى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلدى. بۇ خىل دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد، سودا، قاتناش ... ساھەلىرى بويىچە بېرىش ـ كېلىش ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. جۈملىدىن، ئۈرۈمچى ـ ئالمۇتا شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ھاۋا قاتنىشى باشلاندى. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەشكىل قىلىنغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە ئۈرۈمچىدىن ئالمۇتاغا قاتنىغان تۇنجى يولۇچىلار ئايروپىلانى بىلەن ئالمۇتاغا باردىم ۋە قازاقىستاندا بەش كۈن زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇم. بۇ قېتىمقى زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيە مەندە نۇرغۇن بەلەن ئەستىلىك ۋە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇردى ...

## ئۈرۈمچىدىن ـ ئالمۇتاغا

1989 ـ يىل 28 ـ ئىيۇل ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئۈرۈمچى ئايرودرومى شاد ـ خۇرام كەيپىياتقا چۆمگەنىدى. ئۈرۈمچى يازلىق ۋاقتى سائەت سەككىز يېرىمدا ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ 24 نەپەر ئەزاسى ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممەدى ۋە ئۆمەك مەسلىھەتچىلىرى بەي چىڭمىڭ، ساۋدانوۋ زاھىر، دىيار قۇماشلارنىڭ باشلىشى بىلەن دەم ئېلىش ئۆيىدىن چىقىپ، ئايرودروم مەيدانىغا چۈشتۇق. مەيداندا ئۈرۈمچى ـ ئالمۇتا ھاۋا قاتنىشى باشلانغانلىقىنى تەبرىكلەپ لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى ئۇزىتىشقا چىققان ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇاڭ باۋجاڭ گولدوراس



چاۋاكلار ئىچىدە لېنتا كەستى.

سائەت توققۇزدا ئۈرۈمچىدىن ئالمۇتاغا قاتنايدىغان «تۇ — 154» تىپىدىكى تۇنجى يولۇچىلار ئايروپىلانى بارلىق ئۈمەك ئەزالىرىنى ئېلىپ زۇمرەتتەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئۈرۈمچى - ئالمۇتا ھاۋا يولى ئۈرۈمچىدىن ئۇدۇل كۇچاغا، كۇچادىن مۇزات داۋىنى ئارقىلىق ئۇدۇل ئالمۇتاغا بارىدىغان قىلىپ ئېچىلغانىكەن. شۇڭا مەنزىلگە يەتكۈچە ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى ئىككى قېتىم كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن ۋە 980 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى ھاۋا يولى مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتىدىكەن.

10 مىڭ مېتر ئېگىزلىكتىكى كۆكتە كېتىپ بېرىپ يەرگە قارىغاندا، شەرقتىن غەرب تامان سوزۇلۇپ ياتقان ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ تىزمىلىرى كۆلمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان ئاقپاش چوققىلىرى، قوينىدا بۈككىدە- باراقسان بولۇپ ياشناپ تۇرغان ئارچا - قارىغايلىرى، ئېتىكىدە پايانسىز سوزۇلۇپ ياتقان يېشىل يايلاقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىگە بەئەينى تەبىئىي نەپىس سۈرەتتەك تۇيغۇ بېرىپ، تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كۆرۈنىدىكەن. جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈپ ئۇزۇنمايلا چەكسىز تارىم ۋادىسىدىن ئايرىلىپ، مۇزات داۋىنىنىڭ ئاسمىنى بىلەن ئىككىنچى قېتىم تەڭرىتاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدا كۆلتۈك قارىغا كۆمۈلگىنىچە كۆك تىرەپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۈيۈك خانتەڭرى چوققىسىغا تىكىلگىنىمدە، ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن ئالەمشۇمۇل ھۆرمەت - ئېھتىرام تۇيغۇسى ئۇرغۇيدىكەن. يىراق پەستە ئاق لېنتىدەك سوزۇلۇپ ياتقان ئىلى دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىمۇ خۇددى مەڭگۈ ئۈزۈلمەس دىل رىشتىسىدەك بۇ ئەزىز ئانا دىيارغا مېھرىگىنى باغلاپ تۇرىدىكەن. مانا مۇشۇنداق ھاياجان ئىلكىدە كېتىپ بارغىنىمدا: «ئەنە، كونا مۇزات داۋىنى يولى.. جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان قەدىمكى ئۇلاغ يولى ...» دېدى ئايروپىلاننىڭ يۇملاق رۇجىكىدىن پەسكە قاراپ ئولتۇرغان ساۋدانوۋ زاھىر ئاكا بىزگە ئەسكەرتىپ. بىزمۇ رۇجەككە يېقىن كەلدۇق - دە، سىڭگىرىپ قاراپ قاتمۇقات ئاپئاق قارلىق چوققىلار ئارىسىدا قارا لېنتىدەك ئەگرى - بۈگرى سوزۇلۇپ ياتقان «مۇز داۋان يولى»نى ئېنىق كۆردۇق.

مۇزات يولى تارىختا ھەقىقەتەنمۇ قەدىمكى «يىپەك يولى» ئىچىدىكى مۇھىم مەركىزىي تارماق يولنىڭ بىرى بولغانىدى. بۇ يول پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىلا تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ قالماستىن، بەلكى ۋەتىنىمىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن، شۇ ئارقىلىق ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، ئەينى زاماندا ۋەتىنىمىز بىلەن غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا سودا قىلىشى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا ۋاستە بولغان ئاجايىپ خاسىيەتلىك يول بولغانىدى. ئۇ چاغلاردىكى ئۇزاق تارىخىي زامانلاردا كىشىلەر بۇ يولدا تۆگە، ئات، قېچىرلار بىلەن رىتىملىق كولدۇرما ئاۋازىغا تەڭكەش ھالدا ئېغىر چامدىشىپ، ئايلاپ، يىللاپ يول يۈرۈپ ئۆز مەنزىللىرىگە يەتكەن بولغىدى .. لېكىن، ئۇ ئۆتمۈش، ئۇ، ئۇزاق تارىخ! ... مانا بۈگۈنكى زامانىدىچۇ؟ ... ئەھۋال تامامەن باشقىچە. بىز ئەنە شۇ «يىپەك يولى»نى بويلاپ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئالمۇتاغا پەقەت بىر سائەت ئونبەش مىنۇتتىلا يېتىمىز.

مەن مۇزات داۋىنى يولىنى كۆرۈپ بېرىلگەن ئاشۇ خىياللىرىم بىلەن ئالمۇتاغا يېتىپ

كەلگىنىمىزنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن.

سائەت ئوندىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە (ئۈرۈمچى يازلىق ۋاقتى بىلەن ئالمۇتا ۋاقتى پەرقلەنمەيدىكەن) بىز ئولتۇرغان جۇڭگونىڭ تۇنجى يولۇچىلار ئايروپىلانى ئالمۇتا ئايرودرومىغا قوندى.

ئايرودرومدا قىزغىن قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ ئەزالىرى ئايروپىلاندىن چۈشۈشى بىلەن ئايرودرومدا قازاقىستان قازاق ئانسامبىلى ۋە ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ ئارتىسلىرى ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ياڭراتتى. 200 گە يېقىن ھەر مىللەت پىئونېرلىرى گۈلدەستىلىرىنى يۇلاڭلىتىپ: «خۇش كەپسىزلەر ئەزىز مېھمانلار! قارشى ئالىمىز! ...» دەپ ئالقىش ياغدۇرۇپ قارشى ئېلىش مۇراسىمىنىڭ تەنتەنىسىگە تەنتەنە قوشتى. ئايرودروم بەئەينى ھېيت - بايرام خۇشاللىقىغا چۆمدى ...

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ باشلىقى يۈسۈپ مۇھەممەدى ئايروپىلان شوتىسىدىن چۈشكەندە، قازاقىستان س س ر مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئېردك ماگزومۇۋىچ ئاسانباييۋ ئايروپىلان شوتىسى ئالدىغا كېلىپ يۈسۈپ مۇھەممەدى ۋە ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئارقىدىنلا پىئونېرلار ۋەكىللىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ئەزالىرىغا گۈلدەستە تەقدىم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئى. م. ئاسانباييۋ يۈسۈپ مۇھەممەدىنى باشلاپ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى قارشى ئېلىشقا چىققان قازاقىستان س س ر تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى م. ئى. ئىسنالىيىۋ قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن تونۇشتۇردى. بۇنىڭغا جاۋابەن يۈسۈپ مۇھەممەدى ئى. م. ئاسانباييۋنى باشلاپ بېرىپ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى. تونۇشتۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئايرودرومدا قىسقا سۆزگە چىقىشلار بولدى. ئالدى بىلەن ئى. م. ئاسانباييۋ 10 مىنۇتقا سوزۇلغان، قىزغىن تىلەكلەر بىلەن تولغان قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلەپ، قازاقىستان س س ر مىنىستىرلار سوۋېتىغا، قازاقىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن ئۆمەك باشلىقىمىز يۈسۈپ مۇھەممەدى سۆزگە چىقىپ ئۈرۈمچى - ئالمۇتا ھاۋا قاتنىشى باشلانغانلىقىنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ ئۆتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئارتىسلار يەنە ساز چېلىپ، ناخشا ياڭراتتى. مەيداندىكى ھەممەيلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى. قازاقىستاننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىلا ئەمەس، يۈسۈپ مۇھەممەدى ھەتتا بىزنىڭ بەي چىڭمىڭ ئاقساقالغىچە تەكلىپ بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ مەيدانغا چۈشتى. ئايرودرومدىكى شاد - خۇرام كەيپىيات، قىزغىن تەنتەنە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ خىل تەنتەنە، بۇ خىل شاد - خۇرام كەيپىيات ئىككى ئەل خەلقلىرىنىڭ «ھاۋادىكى يىپەك يولى» نىڭ قايتا ئېچىلغانلىقىغا بولغان ئالقىشىنى، خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ ئەبەدىيلىكىنى سۆزلەپ تۇراتتى ...

## ئىككى سائەتتە ئۈچ ئورۇن

ئالمۇتا شەھىرى ئالاتاۋ تېغىنىڭ شەرقىي شىمال ئېتىكىگە جايلاشقان، بۆكتىدە دەل -

www.uyghurkitap.com

دەرەخلەر ئارىسىدىكى چىرايلىق شەھەر ئىكەن. بولۇپمۇ شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرەپى يايپېشىل قارىغاي ۋە ھەر خىل كۆكتاتلارغا كۆمۈلۈپ تۇرغان ئالاتاۋ تېغىنىڭ ساي - جىرالىرى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، ياشناپ تۇرغان قەددىكى ۋە تەبىئىي ئورمانزارلىق ئىچىدە ئىكەن. دائىرىسى 179 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، 1 مىليون 200 مىڭ ئەتراپىدا ئاھالە ياشايدىغان بۇ گۈلىستان شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىمۇ زىيادە شاۋقۇنلۇق ئەمەس، تىنچ، يوللىرى ئازادە، كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى روھلۇق ئىكەن.

بىز ئايرودرومدىن ئايرىلىپ، ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن شەھەر مەركىزىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن يەنە 15 كىلومېتىرچە يول يۈرۈپ، سائەت 12 بولغاندا ئالاتاۋ تېغىنىڭ مېدئوۋسېيغا جايلاشقان قازاقىستان مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ 2 - ساناتورىيىسىگە كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. بۇ، قېلىن ئورمانلىق ئىچىگە جايلاشقان تاغ باغرىدىكى خىلۋەت بىر جاي ئىدى.

بىز مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپ بەش مىنۇتتىن كېيىن مېھمانخانا رېستورانىغا كىرىپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ ئولتۇرغاچ قازاقىستان س س ر تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئەنى قاسىموۋدىن قازاقىستاندا بولىدىغان بارلىق پائالىيەتلىرىمىزنىڭ پروگراممىسىنى ئاڭلىدۇق. كونتېرتىپىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەقىقەتەن جىددىي ئىدى. بۈگۈن ۋاقتىنىڭ چىڭ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي بۈگۈنكى پائالىيىتىمىزدىلا يەنە ئالتە مەزمۇن بار ئىدى.

بىز شۇنىڭدىن كېيىنلا دەرھال يولغا چىقتۇق. سائەت 12 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە شەھەر ئىچىگە جايلاشقان ئوفىتسېرلار مەدەنىيەت سارىيى ئالدىدىكى 28 - گۋاردىيىچى — پانفىلوۋچىلار ئىستىراھەت بېغىدىكى شۆھرەت مېموردىئالى (ئىنقىلابىي قۇربانلار ئىستىراھەت بېغىدىكى شۆھرەت مەقبەرىسى)نى زىيارەت قىلدۇق. ئۇمەك باشلىقىمىز يۈسۈپ مۇھەممىدى شۆھرەت مەقبەرە سۇپىسى ئوتتۇرىسىدا يېنىپ تۇرغان «مەڭگۈلۈك ئوت» ئالدىغا گۈلچەمبىرەك قويدى.

بۇ ئىستىراھەت بېغى — ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىرچە كېلىدىغان، بەش قەۋەت قىلىپ سېلىنغان ھەيۋەتلىك «ئوفىتسېرلار مەدەنىيەت سارىيى» بىناسىنىڭ ئالدىغا جايلاشقان بولۇپ، گۈل - چېچەكلەر ۋە باراقسان بولۇپ ياشناپ تۇرغان غايەت زور ئارچا - شەمشاد دەرەخلىرى بىلەن ئورالغان بىر كىچىك باغچا ئىكەن. باغچا ئىچىدە ئۈچ - تۆت مېتىر كەڭلىكتە، 10 مېتىر ئەتراپىدا ئۇزۇنلۇقتا قارامتۇل مەرمەردىن ياسالغان بىر مەقبەرە سۇپىسى بار بولۇپ، بۇ مەقبەرە سۇپىسىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى يېشىل چىملىق ئىچىگە 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا گىتلېر فاشىزمىغا قارشى جەڭلەردە مەردلەرچە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ خاتىرىسى ۋە ھۆرمىتى ئۈچۈن قارامتۇل رەڭدىكى مەرمەر تاشتىن تاش ئابىدە ئورنىتىلغانىكەن. تاش ئابىدىنىڭ كەينىدە، مەقبەرە سۇپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «مەڭگۈلۈك ئوت» خۇددى مەشئەلدەك يېلىنجاپ يېنىپ تۇرىدىكەن. مەقبەرە سۇپىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە 20 مېتىرچە ئارىلىق تاشلاپ، 30 مېتىرچە ئېگىزلىكتە موسكۋا شەھىرىنى قوغداپ غۇلاچ يېيىپ ئالغا ئېتىلىپ تۇرغان بىر قانچە سوۋېت قىزىل ئەسكەرلىرىنىڭ گىگانت ھەيكىلى ئورنىتىلغانىكەن. ئەھۋال تونۇشتۇرغۇچى بىزگە ھەيكەلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ ھەيكەل ئەينى چاغدىكى موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت قىزىل ئەسكەرلىرىنىڭ ئەڭ جاپالىق شارائىت ئىچىدە قالسىمۇ، چېكىنمەسلىك ئۈچۈن بىرپايان زېمىنىمىز بار، لېكىن

بىر قەدەم چېكىنمەي پايتەختىمىز موسكۋانى گىتلېر فاشىزمىدىن قوغداپ قالىمىز، دېگەن ئۇلۇغۋار روھىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دەپ ئەسكەرتتى.

بۇ ئىستىراھەت بېغىدىكى شۆھرەت مەقبەرە سۈپىتى ئەتراپىدا ئالمۇتا شەھىرىدىكى ھەر قايسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن كەلگەن ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر پىئونېرلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ھۆرمەت قاراۋۇلى بولۇپ تۇرىدىكەن. بىز بۇ يەرگە دەل ھۆرمەت قاراۋۇلى ئالمىشىدىغان ۋاقىتتا ئۈلگۈرۈپ كەپتۇق. ئاق كۆڭلەك، كۆك شىم ياكى يوپكا بىلەن بىر خىل كىيىنگەن سەككىز ئوغۇل - قىز پىئونېر رەتلىك تىزىلغان ھالدا ھۆرمەت قەدەم بىلەن مېڭىپ كېلىپ، ئالدىنقىلىرىدىن نۆۋەت ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇقۇشىمىزچە، بۇ يەرگە ھۆرمەت قاراۋۇلى بولۇپ تاللىنىشنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىگە بىر خىل ئىپتىخار ۋە شان - شەرەپ دەپ بىلىدىكەن ۋە ھۆرمەت قاراۋۇلى بولۇپ تاللىنىش ئۈچۈن تىرىشىدىكەن.

توي قىلغانلاردىكى ھەر قانداق ئوغۇل - قىز توي قىلىش گۇۋاھنامىسىنى ئالغاندىن كېيىنلا چوقۇم بۇ يەرگە كېلىپ، «مەڭگۈلۈك ئوت» ئەتراپىغا گۈلدەستە قويىدىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر بەش كۈن ئىشلەپ ئىككى كۈن ئارام ئالىدىغان بولغاچقا، قىز - يىگىتلەر كۆپىنچە توي مەرىكىسىنى شەنبە كۈنىگە ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. شۇڭا بۇ يەرگە گۈل قويغىلى كېلىدىغانلارمۇ توي مەرىكىسىنىڭ ھارپا كۈنى بولغان جۈمە كۈنى كۆپ بولىدىكەن. بىز بۇ يەرگە كەلگەن چاغدىمۇ بىر قانچە يىگىت سۆيگەن قىزلىرىنى ئېلىپ، دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ يەرگە كېلىپ، «مەڭگۈلۈك ئوت» ئەتراپىغا گۈلدەستىلەرنى قويۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. مۇشۇ ئەسنادا مەن ئۆز جۈرئىتىمنى باشلاپ بۇ يەرگە گۈل قويغىلى كەلگەن بىر ئۇيغۇر دېھقان يىگىتى بىلەن سالاملاشتىم. بۇ يىگىت پانفىلوۋ (يەركەت)دىن كەلگەنىكەن. ئۇ ئالمۇتالىق بىر قىز بىلەن ياخشى كۆرۈشۈپ، بۈگۈن توي خېتى ئالغاندىن كېيىن بۇ يەرگە گۈل قويغىلى كەلگەنىكەن. مەن ئۇ يىگىتتىن: «بۇ يەرگە كېلىپ گۈل قويۇشنى تەشكىل ئورۇنلاشتۇرامدۇ ياكى ئۆزلۈكۈڭلاردىن قىلامسىلەر؟» دەپ سورىسام، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇ بىزگە ئادەت بولۇپ كەتكەن بىر پائالىيەت. بىز سېغىنىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقان ئىنقىلابىي قۇربانلار قان كېچىپ، جان تىكىپ جەڭ قىلىپ گىتلېر فاشىزمىدىن ۋەتەننى قوغداپ قالمىغان بولسا، بىزگە بۈگۈنكى تىنچ ۋە خاتىرجەم كۈنلەر قانداق نېسىپ بولسۇن؟! بىز بۈگۈن بىر بەختلىك ئائىلە قۇرىمىز دەۋاتىمىز، شۇڭا ئەڭ ئاۋۋال بىزنى مۇشۇنداق خاتىرجەم ھاياتقا ئىگە قىلغان ئىنقىلابىي مەرھۇملارنى ياد ئېتىش بىزگە ئەلۋەتتە پەرزدۇر» دېدى.

بىز بۇ يەردە 40 مىنۇتچە تۇرغىنىمىزدىن كېيىن، «لېنىن سارىيى»نىڭ ئالدىغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشتۇق. «لېنىن سارىيى» ئاباي يولىنىڭ شەرقىي ئېغىزىغا سېلىنغان، ئالمۇتا شەھىرى بويىچە تۈرلۈك مۇراسىم ۋە مەجلىسلەر ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەڭ كاتتا، ئازادە سورۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا 3000 دىن ئارتۇق ئادەم سىغىدىكەن. قازاقىستان ك پ س مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، قازاقىستان س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ قۇرۇلتاي، چوڭ يىغىن ۋە كاتتا مۇراسىملىرى مۇشۇ سارايدا ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ساراي غەرب بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بولۇپ، ئالمۇتا شەھىرى بويىچە بىردىنبىر ئەڭ ئېگىز 25 قەۋەتلىك ئالمۇتا مېھمانخانىسىمۇ مۇشۇ سارايىنىڭ

ئوڭ تەرەپكە سىلجىغانىكەن. سارايىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللۈكلەر، گۈللۈك بويلىرىدا ياشناپ تۇرغان ئارچا ـ قارىغايلار، مەركىزىدە گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا لېنىننىڭ قول ئىشارىتى قىلىپ تۇرغان گىگانت ھەيكىلى، گۈللۈكلەر ئارىسىدا 10 مېتىرچە ئېگىزلىكتە كۆككە ئېتىلىپ تۇرغان فونتانلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ «لېنىن سارىيى»غا تېخىمۇ ئۆز نازاكەت بەخش ئېتىپ تۇرىدىكەن. «لېنىن سارىيى» ئالدىدىكى مەيداننىڭ ئاباي يولىغا قوشۇلۇش ئېغىزىدا قازاق خەلقىنىڭ ھۆرمەتلىك ئاتىسى، مۇتەپەككۇر ـ دانىشمىنى ئاباي قۇنانباي (1845 — 1904) نىڭ ئون مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى ھەيكىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ «لېنىن سارىيى» ئالدىدىكى مەيداننىلا ئەمەس، پۈتۈن ئاباي يولىغا سەلتەنەت بەخش ئېتىپ تۇرىدىكەن.

ئۆمەك باشلىقىمىز يۈسۈپ مۇھەممەدىنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۆمەكنىڭ بارلىق ئەزالىرى بىزگە ھەمراھ بولۇۋاتقان قازاقىستانلىق دوستلار بىللە بۇ يەردە كوللېكتىپ سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرغىنىمىزدىن كېيىن، ئاباي يولىنى بويلاپ غەربكە ـــ مۇختار ئەۋەزوۋ نامىدىكى قازاق تىياتىرىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

مەلۇمكى، مۇختار ئەۋەزوۋ قازاق خەلقىنىڭ گېنال يازغۇچىسى. ئۇ، دۇنيادا 80 نەچچە تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلىپ شۆھرەت قازانغان تۆت توملۇق «ئاباي يولى» ناملىق رومانى بىلەن قازاق خەلقىنى جاھانغا تونۇتقان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە 18 توملۇق ھەرخىل ئەدەبىي ئەسەرلىرى نەشىردىن چىقىپ بوپتۇ. يەنە ئۈچ تومى نەشىر قىلىنىۋېتىپتۇ. يازغۇچى ھايات چېغىدا ئالغان قەلەمھەققىنىڭ كۆپ قىسمىنى مائارىپ ئىشلىرىغا ئىئانە قىلىۋەتكەنىكەن...

مۇختار ئەۋەزوۋ نامىدىكى قازاق تىياتىرى ئاباي يولىنىڭ غەربىگە، ئالمۇتا شەھىرىنىڭ كىندىكىگە، شۇنداقلا شەھەرنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە جايلاشقانىكەن. قازاق تىياتىرىنىڭ ئەتراپىغا قازاقىستان سىرك ئۆمىكىگە ئوخشاش تۈرلۈك مەدەنىيەت سورۇنلىرى مۇجەسسەم بولغانىكەن. مانا مۇشۇنداق جايغا جايلاشقان قازاق تىياتىرىدا قازاق خەلقىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەرقايسى مىللەتنىڭ سەنئەت دۇردانىلىرى ـــ ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرى كۆرەك قىلىنىپ تۇرىدىكەن.

قازاق تىياتىرى مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان كۆركەم بىر بىنا بولۇپ، تىياتىر ئالدىغا مۇختار ئەۋەزوۋنىڭ پۈتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرغان ھالەتتىكى زور بىر ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغانىكەن. مەن كىچىك چاغلىرىمدىلا بۇ مەشھۇر يازغۇچىنىڭ «ئاباي يولى» ناملىق رومانىنىڭ قازاقىستاندا نەشىر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى ئوقۇغانىدىم. شۇڭا بۇ تالانتلىق يازغۇچىغا نىسبەتەن سەبىي چاغلىرىمدىن باشلاپ ھۆرمىتىم بار ئىدى. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ ھەيكىلىگە قاراپ خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالدىم. چېچى بۇدۇرە ئەمما تاقىر باش، چوڭ كۆز، ئۇسسۇك قاش، قاڭشالىق، ئېڭەكلىرى ئۆشلۈك، پۈتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرغان ھالدا كەڭ زېمىنغا بىر خىل قىزغىن تىلەكلەر بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغان ياسالغان يازغۇچىنىڭ بۇ ھەيكىلىدىن ئۇنىڭ تىرىك سىماسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ھەيكەلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆككە ئۆرلەپ تۇرغان فونتانلارنىڭ شاۋقۇنلىرى، بولۇپمۇ تىياترخانا ئالدىدىكى يول بويىدا

ئاسمانغا ئۆرلەپ يېتىپ ئۆسكەن سىدە ۋە ئارچا دەرەخلىرىنىڭ شۇۋۇرلاشلىرى: «ئۇ-ئىنسانىيەت ئارىسىدا، ئۇ مەڭگۈ ئەل بىلەن بىللە ياشايدۇ» دېگەنلەرنى سۆزلەپ تۇرغاندەك ئىدى...

## قازاقىستان س س ر مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ قوبۇل مۇراسىمىدا

مېھمانخانىغا قايتىپ بارغان چېغىمىزدا سائەت ئىككى يېرىم بولغانىدى. ئۈچ يېرىمغىچە چۈشلۈك غىزادا بولۇپ، يەنە يۇيۇنۇپ كەتتۇق ۋە سائەت تۆتكە 10 مىنۇت قالغاندا قازاقىستان س س ر مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ خىزمەت بىناسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ-ئالما-ئاتا شەھىرىدىكى ئاۋات رەستىلەرنىڭ بىرىگە جايلاشقان، ئەتراپى رەڭگارەڭ گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈللۈكلەر ۋە تۈرلۈك مەنزىرە دەرەخلىرى بىلەن چىرايلىق ئىھاتە قىلىنغان، تۆت ئەتراپى ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا ئالدى تۈۋرۈكلۈك قىلىپ كۆتۈرۈپ سېلىنغان ھەشەمەتلىك بىر بىنا بولۇپ، يىراقتىنلا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن.

بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ، پەلەمپەيلەر بىلەن ئۆرلەپ چىقىپ بىنانىڭ ئىچىگە كىردۇق ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈپ توك شوتىسى بىلەن بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىگە چىقتۇق. بۇ قەۋەتتىكى خاس ۋە چاققانغىنە ئۇزۇن يۇمىلاق جوزىلىق مەجلىسخانا ئالدىدا بىزنى قازاقىستان مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئى. م. ئاسانباييۇ قاتارلىقلار كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بىز ئۇلارنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن دەل سائەت تۆتتە مەجلىسخانىغا كىرىپ ئورۇنلاشتۇق. قوبۇل قىلىش باشلانغاندىن كېيىن، ئى. م. ئاسانباييۇ سۆز قىلىپ، قازاقىستان مىنىستىرلار سوۋېتىگە ۋەكالىتەن (مۇشۇ كۈنلەردە قازاقىستان س س ر نىڭ قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بولۇپ، رەئىس تېخى سايلىنىپ بولىنمىغانىكەن) ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگىنىدىن كېيىن، قازاقىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ بەردى:

قازاقىستان-سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بويىچە يەر كۆلىمى جەھەتتە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 2 مىليون 707 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىكەن. نوپۇسى 16 مىليون بولۇپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدا 4 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. نوپۇسى ئىچىدە قازاقلار 7 مىليون بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 40 پىرسەنتىنى، رۇسلار 7 مىليون بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئوخشاشلا 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا قازاقىستاندا 1 مىليوندىن ئارتۇق نېمىس، 200 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر، جەمئىي 40 نەچچە مىللەت بار ئىكەن. 17 ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قازاقىستان زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك تۈزلەڭلىك بولۇپ، دېھقانچىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئاشلىق ئامبىرى» دېگەن نامى بار ئىكەن. قازاقىستاننىڭ ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە مەھسۇلاتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە مەھسۇلاتىنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىكەن؛ يەنى قازاقىستاننىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 25 مىليون گېكتار، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 26 مىليوندىن 30 مىليون توننىغىچە، ھەر يىلى دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان ئاشلىق 15 مىليون توننا ئەتراپىدا ئىكەن. قازاقىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا يەنە زور كۆلەمدە پاختا، قىزىلچا، تاماكا

قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلىدىكەن. شۇنداقلا، قازاقىستاندا تۈرلۈك چارۋىلارنى بېقىشقا باپ كېلىدىغان پايانسىز ئوتلاقلار بار بولۇپ، چارۋىچىلىقتا كالا، قوي، ئاتچىلىق ئاساس ئىكەن. ئوتلاق كۆلىمى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوتلاق كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، قازاقىستان مول كان بايلىقلىرىغا ئىگە بولۇپ مىس، قوغۇشۇن زاپىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن. سىنك، نىكېل، كۆمۈر، تۆمۈر، ئاليۇمىن زاپىسىمۇ ناھايىتى مول ئىكەن. كانچىلىق، رەڭلىك مېتال، نېفىت، مېتاللورگىيە، گۆش مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائەتلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىكەن. قازاقىستاندا يەنە پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، 280 پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، 9000 ھەر خىل مەكتەپ، مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان 3 مىليون ئوقۇغۇچى، 80 دىن ئارتۇق مۇزېي بار ئىكەن...

ئى. م. ئاسانباييۇنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سوئال سوراشقا بەش مىنۇت ۋاقىت بېرىلدى. بىزنىڭ ئەڭ زور قىزىقىشىمىزنى قوزغىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى — ئالمۇتا شەھىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ئىدى. شۇڭا بىز ئۇنىڭدىن: «ئالمۇتا شەھىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى قانچىلىك؟» دەپ سوئال سورىدۇق. ئاسانباييۇ: «بۇ مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن. لېكىن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئىككى شەھەر ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىرسى ئالمۇتا، يەنە بىرسى فرونزې. ھەر ئىككى شەھەر سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىدە 1 - لىكنى تالىشىۋاتىدۇ. قايسىسىنىڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى كەلگۈسىدىكى بېكىتىشتە بەلگىلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

## مېدئوۋ مۇز تېيىلىش مەيدانى

بىز سائەت تۆت يېرىمدا قازاقىستان س س ر مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ خىزمەت بىناسىدىن ئايرىلىپ، ئالمۇتا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى مېدئوۋسېيغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. تەخمىنەن 30 كىلومېتىرچە يول يۈرۈپ، ساي ئىچى بىلەن ئۆرلەپ ئالاتاۋ تېغىنىڭ باغرىغا — يەر يۈزىدىن 1600 مېتر ئېگىزلىككە سېلىنغان مېدئوۋ مۇز تېيىلىش مەيدانىغا يېتىپ كەلدۇق.

ئەتراپ ئارچا - قارىغايلار، ياپيېشىل كۆكاتلار ۋە رەڭمۇرەڭ تاغ گۈللىرىگە كۆمۈلگەن قاتمۇقات چىرايلىق تاغلار بىلەن ئورالغانىدى. يىراقتا كولتۇك قارغا كۆمۈلگىنىچە ئاسمانغا غولاچ يېيىپ تۇرغان ئالاتاۋ تېغىنىڭ يۈكسەك چوققىلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق ئېگىزلىككە ۋە مۇشۇنداق گۈزەل مۇھىتقا جايلاشقان بۇ مۇز تېيىلىش مەيدانى مېدئوۋسېيغا خۇددى كۈمۈش ئۈنچىدەك يارىشىپ، تېخىمۇ سەلتەنەت بېغىشلىغانىدى.

بىز مېدئوۋ مۇز تېيىلىش مەيدانىنىڭ مەسئۇلى سايلاۋبېك قاتارلىقلارنىڭ باشلىشى بىلەن

مەيدان ئىچىگە كىردۇق. بۇ، بېتوندىن قاتۇرۇلغان كەڭ مەيدان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى 20 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى پەلەمپەيلىك ئورۇندۇقلار بىلەن ئورالغانىكەن. مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۈچتىن جەمئىي ئالتە دانە 50 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى پولات چاھازا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىرىگە 20 ئەتراپىدا نۇرى كۈچلۈك ئېلېكتىر چىرىغى ئورنىتىلغانىكەن. سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يەردە سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھازىر مەيداننى مۇزلاتماي، رېمونت قىلىۋاتقانىكەن....

— بىز قازاق خەلقىنىڭ «قورۇق قوشۇق ئېغىز يىرتىدۇ» دەيدىغان تەمسىلىمىز بار. كۈنۈ ئىسسىق، كۈتۈلۈش زالىغا كىرىپ ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ ئەھۋاللىشايلى، — دېدى سايلاۋبېك مۇز تېيىلىش مەيدانىنى ئايلىنىپ كۆرۈپ چىققىنىمىزدىن كېيىن.

زالغا كىرىپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ سايلاۋبېكنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدۇق:

بۇ، مۇز تېيىلىش مەيدانىنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن، ئوخشاشلا ئۇنىڭغا 10 مىڭ 500 كىشىلىك ئورۇندۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا 10 مىڭ 500 كىشى تاماشىبىن بولالايدىكەن. بۇ مەيداننىڭ يۈزىنى تۆت پەسىل — 12 ئاي ۋاقىتنىڭ ھەممىسىدە مۇزلىتىپ تۇرغىلى بولىدىكەن. مۇزلىتىش ئۇسۇلىدىن ئېيتقاندا، مەيداننىڭ قاتۇرۇلغان بېتون يۈزى سوۋۇتۇلۇپ نۆلدىن تۆۋەن 25 گرادۇسقا چۈشۈرۈلىدىكەن ۋە بۇنىڭ تەسىرى بىلەن بېتونمەيدانىنىڭ يۈزىگە پۈركۈلگەن مەلۇم قېلىنلىقتىكى سۇ مۇزلىتىلىدىكەن. مۇشۇ خىل ئىلغار تېخنىكا بىلەن ياسالغان ۋە باشقۇرۇلىدىغان مۇز تېيىلىش مەيدانى تېخى دۇنيا بويىچە پەقەت مۇشۇ بىرلا ئىكەن. يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مۇشۇنداق زامانىۋى، ئىلغار ۋە ياسىلىشى مۇرەككەپ بولغان بۇ مۇز تېيىلىش مەيدانىنىڭ لايىھىلىنىش خىزمىتىدىن تارتىپ، ئۇنى ياساپ پۈتتۈرگەنگە قەدەر ئالمۇتا شەھىرىنىڭ ياشلىرى ئىشلەپ تامام قىپتۇ. شۇڭا ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە س س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشىپ، تەقدىرلىنىپتۇ.

بىز مىدئوۋ مۇز تېيىلىش مەيدانىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ بولغىنىمىزدىن كېيىن، مىدئوۋسېيى بىلەن يەنە 300 — 400 مېتىرچە ئۆرلەپ، سايىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بېشىغا ياسالغان سۇ توسمىسىنى زىيارەت قىلدۇق ۋە كەچ كىرىشكە باشلىغاندا ئۇ يەردىن قايتىپ، مۇئاۋىن رەئىس ئى. م. ئاسانبايېۋنىڭ قازاقىستان س س ر مىنىستىرلار سوۋېتىغا ۋەكالىتەن بېرىدىغان كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئالمۇتا شەھىرى قورمانغازى كوچىسىدىكى سوۋېت - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ بىناسى يېنىدىكى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ زىياپەت زالىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

## قازاقىستان يېزىلىرىدا ئىسلاھات

29 - ئىيۇل سەھەر — سائەت ئالتىدە ئورنىمىزدىن تۇردۇق ۋە ئالدىراش ناشتا قىلىپلا يولغا چىقتۇق. چۈنكى بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇنقى كۈنتەرتىپ بويىچە بىز ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ تالغىر، ئەمگەكچى قازاق رايونلىرىدا ئېكسكۇرسىيىدە بولماقچى.

ھاۋا ئوچۇق ئىدى. ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش يەر - زېمىنغا كۈلۈپ قاراپتتى. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ بارلىق ئەزالىرى مۇئاۋىن رەئىس ئاسانباييېۋ ۋە ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ باشلىقى روماتوۋنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر قانچە يەردە توختاپ، ئېكىنزارلىقلارنى كۆرۈپ، سائەت توققۇز ئەتراپىدا ئالمۇتا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان، شەھەردىن 30 كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى تالغىر رايونىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە تالغىر دەرياسىنىڭ باش قىسمىغا سېلىنغان سۇ بۆلگۈچى توما - تاقاقلارنى كۆردۇق. 17 مىڭ گېكتار يەر سۇغىرىدىغان بۇ دەريادا 18 — 19 كۇب مېتىر سۇ ئېقىپ تۇرىدىكەن. توما سۇنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدىكەن. بۇ ھەيۋەتلىك ۋە مۇرەككەپ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى ئىكەن. مېنى بولۇپمۇ مۇنداق بىر ئىش يول بويى قىزىقتۇرۇپ كەلدى. غول ئۈستەبەگلەر بېتوندىن ياسالسىمۇ، ئېتىز ۋە يول ياقىلىرىدىكى ئېكىنزارلىقنى سۇغىرىدىغان كىچىك ئېرىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن. يەنى بۇ ئېرىقلار سېمونتتىن قۇيۇپ ياسالغان ئۇلاق شەكلىدىكى بېتون تۇرۇبىلارنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ ئۇلاپ ياسالغان بولۇپ، يەرگە قېقىلغان مەخسۇس سېمونت قوزۇقلار ئۈستىگە مىندۈرۈپ قويۇلىدىكەن. ئەگەر مەلۇم مەزگىل ئۆتۈپ بۇ ئېرىقلار بۇ جايغا كېرەك بولماي قالسا، سېمونت تۇرۇبىلاردىن ياسالغان بۇ ئېرىقلارنى يىغىشتۇرۇپ، يۆتكەپ باشقا جايغا ئېلىپ بېرىپ، يەنە باشقىدىن قۇراشتۇرۇپ ئېرىق قىلىپ ئورنىتىدىكەن. بۇ خىل ئېرىقلارنىڭ ھەقىقەتەن ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى، سۇ ۋە ئەمگەك كۈچىنى تېجەپ قېلىش نىسبىتى يۇقىرى ئىكەن.

بىز سائەت ئونلار ئەتراپىدا تالغىر رايونىدىن ئايرىلىپ، تالغىر رايونى بىلەن قوشنا بولغان، ئالمۇتا شەھىرىدىن 100 كىلومېتىر ئەتراپىدا يىراقلىقتىكى ئەمگەكچى قازاق (ئېسىك) رايونىغا كەلدۇق ۋە رايون باشلىقى باراتوۋ ياللۇنجان (ئۇيغۇر) نىڭ يول باشلىشى بىلەن بىز كۆرمەكچى بولغان كولخوز ۋە سوۋخوز (دېھقانچىلىق مەيدانى) لارغا قاراپ يولغا چىقتۇق. باراتوۋ ياللۇنجان بۇ يىل 42 ياشقا كىرگەن، چوڭ كۆز، ئورۇق يۈز، قاڭشالىق، ئېگىز بويلۇق، ئىتتىك كىشى بولۇپ، يول بويى ئۇنىڭدىن مەن بۇ رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى سوراپ ماڭدىم: ئەمگەكچى قازاق رايونى ئالمۇتا ئوبلاستىغا قارايدىغان 11 رايوننىڭ بىرى بولۇپ، بۇ رايوندا 114 مىڭ نوپۇس، 44 مىللەت بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 30 مىڭدىن ئارتۇق رۇس، 19 مىڭ قازاق، 16 مىڭ ئۇيغۇر، 15 مىڭ نېمىس، 12 مىڭدىن ئارتۇق ئەزەربەيجان، 5000 كورد ۋە باشقا مىللەتلەر بار ئىكەن. بۇ رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگىچە ئىككى يىلدىن بۇيان ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشتا يەرنى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپتۇ.

بۇ رايوندا 17 كولخوز ۋە سوۋخوز، 3 ئۆي قۇشلىرى فېرمىسى، 12 قۇرۇلۇش ئەترىتى ۋە يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كارخانىلىرى بار ئىكەن. بۇ رايوننىڭ ئۆتكەن يىللىق يېزا ئىگىلىك كىرىمى 180 مىليون رۇبلى، سانائەت كىرىمى 50 مىليون

رۇبلى ئەتراپىدا بوپتۇ. بۇ رايون يەنە ئۆتكەن يىلى دۆلەتنى 54 مىڭ تونىنا ئاشلىق، 41 مىڭ تونىنا كۆكتات، 14 مىڭ تونىنا ئالما، 30 مىڭ تونىنا ئۈزۈم، 48 مىڭ تونىنا سۈت، 10 مىڭ تونىنا گۆش، 600 تونىنا ئۆي قۇشلىرى گۆشى، 98 مىليون دانە تۇخۇم بىلەن تەمىنلەپتۇ. رايون بويىچە چارۋىلارنى ئاساسەن يېرىم ئۆزلەشكەن قوتانلاردا باقىدىكەن. بۇ رايوننىڭ مۇشۇ ئۇسۇلدا بېقىۋاتقان 150 مىڭ تۇياق قويى، 46 مىڭ تۇياق كالىسى، 5000 تۇياق ئاتى، 6000 تۇياق چوشقىسى، 300 تۇياقتا يېقىن تۆگىسى، 1 مىليون 250 مىڭدىن كۆپرەك ئۆي قۇشلىرى بار ئىكەن. باغۋەنچىلىكتىن ئالغاندىمۇ يەنە 75 مىڭ گېكتار يەردە ئۈزۈم، 50 مىڭ گېكتارغا يېقىن يەردە ئالمىلىق بېغى بار ئىكەن.

كولخوز ئەزالىرىنىڭ ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە يىللىق توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 7000 رۇبلى بولۇپ، ھەر ئېيىغا تەخمىنەن 600 رۇبلىدىن، چارۋىچىلارنىڭ ھەربىر ئەمگەك كۈچىگە يىللىق توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 5000 رۇبلى بولۇپ، ھەر ئېيىغا تەخمىنەن 400 رۇبلى ئەتراپىدا توغرا كېلىدىكەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل ماشىنىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، رايون بويىچە 3300 دىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ پىكاپى بار ئىكەن.

بۇ رايوندا بۇ يىلدىن باشلاپ كۆكتاتچىلىقتىمۇ يەرلەرنى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ كۆتۈردىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلاپتۇ ۋە كولخوزلار ھەم دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىگىدارچىلىقىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى شەخسلەرگە سېتىپ بېرىشنى باشلاپتۇ. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىۋالمىغانلار يەنە كولخوز ئىگىدارچىلىقىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ھەق بېرىپ ئىشلىتىدىكەن. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شوپۇرلىرىدىمۇ مۇقىم مائاش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىشلىگىنىگە قاراپ ھەق ھېسابلاش يولغا قويۇلۇپتۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، رايوننىڭ باشقۇرۇشىدىكى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، تۈرلۈك قول سانائەت كارخانىلىرى ۋە قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىدىمۇ مۇقىم مائاش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىشلىگىنىگە قاراپ ھەق ھېسابلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپتۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىسىمۇ ياكى بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىمۇ، بىلمىدىم، ئەيتاۋۇر بۇ يەردە كەسپىي تېخنىك خادىملار بىلەن مەمۇرىي خادىملارنىڭ مائاشىدا زور پەرق بار ئىكەن. مەن بۇ رايوننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئادىلباي تالقانبايېۋ (قازاق) بىلەن رايون دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش دوختۇرى چىڭگىز باخالوۋ رەپىق (تاتار)نىڭ ھەر ئايدا ئالىدىغان مائاشىنى سورىسام، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ئېيىغا 270 رۇبلى، دوختۇر 520 رۇبلى مائاش ئالىدىغانلىقلىرىنى ئېيتتى.

بۇ رايوندا ئىككى يىلدىن بۇيان يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدە سۆز بولۇپ، مەن رايون باشلىقى ئاراتوۋ يالقۇنجاندىن: «سىزلەردە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىسلاھاتنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈنۈمىگە نىسبەتەن قانداق تەسىرى بولدى؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئىسلاھات باشلانغاندىن بۇيان ھەممە ساھەدە ئوخشاشلا ئۆسۈش بولدى. مەيلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق بولسۇن، مەيلى سانائەتنىڭ

ھەرقايسى تۈرلەردە بولسۇن، مەيلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق كىرىمىدە بولسۇن ئوتتۇرىچە سەككىز پىرسەنتتىن توققۇز پىرسەنتكىچە ئۆسۈش بولۇپ، ئىسلاھات يولغا قويۇلمىغان ئالدىنقى يىللاردىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نىسپىي تۇرغۇنلۇق ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى» دەپ جاۋاب بەردى.

بىز سائەت 11 لەر ئەتراپىدا بۇ رايوننىڭ «لېنىن» نامىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە ئېكىنزارلىقنى پۈركۈپ سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 5000 گېكتار (75 مىڭ مو) تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، 13 يۈرۈش پۈركۈپ سۇغىرىش سىستېمىسى بار ئىكەن. بۇ 13 يۈرۈش پۈركۈپ سۇغىرىش سىستېمىسى سېكۇنتىغا بىر يېرىم كۇب مېتىر سۇنى پۈركۈپ چىقىرالايدىكەن. بىزنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلغان يېرىمىز 1000 گېكتار (15 مىڭ مو) كۆلەمدىكى بىپايان قوناقلىق بولۇپ، شۇنچىۋالا كەڭ يەر بىرلا سالا ئېتىز ئىكەن. بۇ يەرنى سەككىز يېزا ئىگىلىك ئىشچىسى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرىدىكەن. بىز دەل قوناقلارنى پۈركەپ سۇغىرىۋاتقان چاغدا كەلگەنىكەنمىز. پۈركۈپ سۇغىرىش سىستېمىسىنىڭ پۈركۈش تۇرۇبىلىرىدىن ئۈنچىدەك تارام - تارام ئېتىلىپ چىققان سۇ ھەر ئىككى تەرىپىگە 40 مېتىرچە، جەمئىي 80 مېتىرچە كەڭلىكتە يېيىلىپ چۈشۈپ تۇرىدىكەن. سۇ يىراق سۇ مەنبەلىرىدىن يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن تۇرۇبا ئارقىلىق ئاقتۇرۇپ كېلىنىدىكەن ۋە پۈركۈپ سۇغىرىش تۇرۇبىلىرىغا ئۇلىنىدىكەن. پۈركۈپ سۇغىرىش تۇرۇبىلىرىنىڭ 400—500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇشىغا قارىماي ئۇ ھەرىكەتچان بولۇپ، ئىككى بېشى ۋە ئوتتۇرىلىرىغا چاق ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنى يۆتكەپ ماڭغۇزۇپ تۇرغىلى بولىدىكەن. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىدە ئاساسەن پۈركەپ سۇغىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپتۇ. رايون باشلىقى باراتوۋ يالقۇنجاننىڭ ئېيتىشىچە، پۈتۈن رايون بويىچە مۇشۇنداق پۈركۈپ سۇغىرىش سىستېمىسىدىن 132 سى بار بولۇپ، رايون بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 45 پىرسەنتتىن ئارتۇقراق يېرىدە پۈركۈپ سۇغۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ بوپتۇ.

## بىز كۆرگەن ئىككى مۇزېي

بىز ئالمۇتا شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، قازاقىستان خەلقئارا مۇزېيىغا باردۇق.

بۇ ـ مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان ھەيۋەتلىك بىنا بولۇپ، ئالدىدىكى مەيداندىكى ئىماتە قىلىنغان گۈللۈكلەر، كۆككە ئېتىلىپ تۇرغان فونتانلار، ئاسمانغا غۇلاچ يېيىپ باراقسان بولۇپ ئۆسكەن ئارچا - قارىغايلار بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ بىنا تېخىمۇ سەلتەنەتلىك بولۇپ كۆرۈنىدىكەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن قۇرۇلغان بۇ مۇزېي 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قايتا ئۆزگەرتىپ ياسالغانىكەن. ھازىرقى بۇ 17 مىڭ كۋادرات مېتىر ھەجىمدىكى تۆت قەۋەتلىك مۇزېي بىناسىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرى ناھايىتى ئازادە بولۇپ، ھەرقايسى بۆلۈملەرگە قويۇلغان تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى زامانىۋى ئۇسۇلدا سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىكەن. چولپان ئىسىملىك بىر قازاق قىزىنىڭ بىزنى باشلاپ ئەۋال تونۇشتۇرۇپ مېڭىشى بىلەن ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئىچىدە بىز 150 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل تارىخىي ئاسارئەتىقىلەر قويۇلغان بۇ مۇزېينى ناھايىتى ئالدىراش كۆرۈپ چىقتۇق.

مۇزېيغا كىرىشىمىز بىلەن 1 - قەۋەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چوڭ زالدا ئالتە چوڭ ئېكراندىن تەشكىل قىلىنغان ئالتە بۇرجەكلىك بىر بۆلۈم بولۇپ، بۇ بۆلۈمنىڭ تورۇس تەرىپىگە ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەر خىل يۇلتۇزلارنىڭ مودېللىرى، تورۇسنىڭ ئوتتۇرىغا يەنە ساڭگىلاتما قىلىپ نۇرلۇق خۇەندىلىك ئاپپاراتلىرى ئورنىتىلغانىكەن. بۇ يەردە يەر شارىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىدىن ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشىغىچە، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار پەيدا بولۇپ ئۇلارنىڭ ئادەمسىمان مايمۇنلارغا ئۆزگىرىشىگىچە، ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئىنسانغا تەرەققىي قىلىپ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ باشلىنىشىغىچە بولغان ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەر ئوغرىسىدىكى ئىلمىي تەسەۋۋۇر خۇەندىلىك ئاپپاراتلىرىدىن ئاپتوماتىك ھالدا ئېكرانلارغا سۈرەتلىك چۈشۈرۈلۈپ، چۈشەندۈرۈلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ بۆلۈمدە بىز قازاقىستان زېمىنىدا ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ باشلىنىشىغىچە بولغان ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي مەزگىللەر ھەققىدە دەسلەپكى مەلۇماتلارغا ئىگە بولغىنىمىزدىن كېيىن، ھەرقايسى بۆلۈملەردىكى تارىخىي ئاسارئەتىقىلەر، مول ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما يادىكارلىقلار ئارقىلىق قازاق دالاسىدىكى ئىپتىدائىي ئۇرۇق-داشلىق دەۋرىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئومۇمىي ئەھۋال، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىشلەتكەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئۆرپ-ئادەت ئەھۋالى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، دىنىي تۇرمۇشقا دائىر ئەھۋاللار ۋە ھەرقايسى دەۋلەردىكى ئۇرۇش خاتىرىلىرى بىلەن تونۇشتۇق. بولۇپمۇ بىز بۇ يەردە ئۇلۇغ ئالىم فارابىنىڭ قىياسەن ياسالغان ھەيكىلى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنىڭ نۇسخىلىرىنى كۆردۇق. مودېلنى سۈرەتكە بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق، چىڭگىز ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سودا مەركىزى بولغان مەشھۇر ئوترار شەھىرىنى ۋەيران قىلىش تارىخىنىڭ ئەينەن، ئوبرازلىق كۆرۈنۈشىنى كۆردۇق: ئومۇمەن ئېيتقاندا، پۈتۈن مۇزېي مەزمۇنى جەھەتتىن ئالغاندا بەش چوڭ بۆلۈمگە بۆلۈنگەنىكەن. بىرىنچى بۆلۈمدە، ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشى، جۈملىدىن قازاقىستاندا ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ باشلىنىشىغىچە بولغان ئومۇمىي ئەھۋال، ئىككىنچى بۆلۈمدە، مول ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما يادىكارلىقلار، ئۈچىنچى بۆلۈمدە، قازاقىستاننىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ئومۇمىي ئەھۋالى، تۆتىنچى بۆلۈمدە، قازاقىستاننىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن 2 - دۇنيا ئۇرۇشىغىچە بولغان ئومۇمىي ئەھۋالى، بەشىنچى بۆلۈمدە، 1945 - يىلى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان قازاقىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مۇزېي بىزگە قازاقىستاننىڭ پۈتكۈل تارىخىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدىغان جانلىق دەرسخانا بولۇپ تۇيۇلدى.

بىز قازاقىستان خەلقئارا مۇزېيىدىن ئايرىلىپ، قازاقىستان مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى مۇزېيىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ، ئوفىتسېرلار مەدەنىيەت سارىيىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى رۇس مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ۋە ئەسلى ھالىتى ساقلاپ قېلىنغان بىر كونا ئىمارەت بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن سەل كېيىن يولداش فىرونزې مۇشۇ جايدا خىزمەت قىلغانىكەن. بۇ بىنانىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى جەھەتتىن ئەسلى ھالىتى ساقلاپ قېلىنغىنى بىلەن، ئىچى ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىدا بېزەلگەن ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپتۇ.

مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى مۇزېيى ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدىكەن. ئۇنىڭ بىرسى، 100 چە

www.uyghurkitap.com

ئادەم سىغىدىغان كىچىك زال بولۇپ، بۇ، مەزكۇر مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قازاق مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنى مۇزىكانتلار تەرىپىدىن بىرمۇبىر چېلىپ كۆرسىتىپ تونۇشتۇرۇلىدىغان سورۇن ئىكەن. يەنە بىرسى، مۇزېينىڭ كىچىك بۆلۈملىرى بولۇپ، بۇ بۆلەملەردە قازاق مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ خىللىرى، پەيدا بولۇش تارىخى، مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە قازاق مىللىي مۇزىكىسىنى تەتقىق قىلىش، ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۆھپە قوشقان داڭلىق مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى تەتقىقاتچىلىرى، كومپوزىتورلىرى، خەلق ئارتىسلىرى تونۇشتۇرۇلىدىكەن.

بىز بۇ مۇزېيغا يېتىپ كېلىپ، مۇزېينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك زالدىن ئورۇن ئالدۇق. ئالمۇتا ئوبلاستلىق قازاق ئەنئەنىۋى مۇزىكا ئانسامبىلىنىڭ مۇزىكانتلىرى قازاق مىللىتىنىڭ قەدىمكى، يېقىنقى ۋە هازىرقى زاماندىكى هەر خىل مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنى مۇزىكىغا يارىشا ئۇسۇل ياكى ناخشىغا بىرلەشتۈرۈپ چېلىپ كۆرسەتتى ۋە بىزگە تونۇشتۇردى. ھەتتا ئۇلار بىزگە بىر قانچە ئۇيغۇرچە ناخشىمۇ ئوقۇپ بەردى. بىز بۇ ئانسامبىلىنىڭ ئېلانچىكى ماهىرە ئىلياسوۋانىڭ ئويۇن باشلاشتىن بۇرۇنقى چۈشەنچە بېرىشلىرىدىن ۋە مۇزېينىڭ باشقا بۆلۈملىرىنى زىيارەت قىلغاندا تونۇشتۇرغۇچىنىڭ تونۇشتۇرۇپ بېرىشلىرىدىن بۇ مۇزېي ۋە قازاق مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى توغرىسىدا  دەسلەپكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇق.

قازاق خەلقىنىڭ مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە مۇزىكا سەنئىتى خۇددى قازاق خەلق رىۋايەتلىرىدە ۋە ئېپىك داستانلىرىدا تەسۋىرلەنگەندەك، شۇنداقلا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندەك، ناهايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەن. بۇ ھەقتە ھەم ئەبۇ ناسىر فارابى، چوقان ۋەلىخانوۋ، ر. بوتانىن، ئى. گىئورگىي، س. رىباكوف قاتارلىق ئالىملار ۋە ئەرەب، غەربىي ياۋروپا ساياھەتچىلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىدە يازما مەلۇماتلار بېرىلگەنىكەن.

قازاق مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئەندىزىلىرىنى يىغىش 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلىنىپتۇ. ئەمما ئۇلارنى تەتقىق قىلىش، تەدبىق قىلىپ ياساش ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ئىشى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن رەسمىي قولغا ئېلىنىپتۇ. 1930 - يىللاردىن باشلاپ قازاق مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى تولۇقلىنىپ، بۇ خىل چالغۇ ئەسۋابلىرىدا ئورۇندالغان قازاق خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىلىرىنى نوتىغا ئېلىش، رۇسلارنىڭ ۋە غەربىي ياۋروپانىڭ داڭلىق كلاسسىك مۇزىكىلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قازاق خەلقىنىڭ مۇزىكىلىرىغا ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى باشلىنىپتۇ.

بۇ مۇزېيدا هازىر قازاق خەلقىنىڭ دومبىرا، قوبۇز، داڭغىرا، كەپچۈك، سېلىدىرماق، سۇناي قاتارلىق 40 خىلدىن ئارتۇق مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى بار ئىكەن. بۇ مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدىكى چېتىگەن، ئادىرنا، سازگەن، دۇدۇغا، توقۇلداق، هاساتاياق، كېرناي، ئۇۋىلدەك، ئوسكىرۈك قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئېتنوگرافىيىلىك سۈرەتلەر، خەلق رىۋايەتلىرى ۋە يازما خاتىرىلەر ئاساسىدا قايتىدىن ئىجادىي باساپ چىققانىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مۇزېيدا يەنە رۇس، ئۇيغۇر، خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭمۇ مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى قويۇلغان بولۇپ، بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي چالغۇ ئەسۋابلىرى

مۇزېيى، چىمكەنت ئوبلاستلىق تارىخىي مۇزېيى، قەدىمكى ئوترار شەھىرى مۇزېيى، شەمەي شەھىرىدىكى ئاباي مۇزېيى، ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ جامبۇل ناھىيىدىكى مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى مۇزېيى قاتارلىق ئورۇنلاردىن ئېلىپ كېلىنگەنىكەن.

بۇ مۇزېينىڭ خاس بۆلۈملىرىدە يەنە ئاباي، بېرژان، جامبۇل قاتارلىق قازاق خەلقى-نىڭ داڭلىق كومپوزىتور، سازەندە ۋە ناخشىچىلىرىنىڭ ئىشلەتكەن چالغۇ ئەسۋابلىرىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئورۇن بېرىلىپتۇ ۋە شۇ شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى توغرىسىدا مەخسۇس تونۇشتۇرۇشلار بېرىلىپتۇ.

بۇ مۇزېيدا زىيارەتتە بولغان ھەر قانداق كىشى قازاق مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھەر قانداق خىلىنى ۋە ئۇنىڭ قانداق چېلىنىدىغانلىقىنى كۆرەلەيدىكەن، تىڭشىيالايدىكەن؛ قازاق خەلقىنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق كلاسسىك مۇزىكىلى-رىنىڭ ئورۇندىلىشىنى ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى ئارقىلىق ئاڭلىيالايدىكەن ۋە قازاق خەلقىنىڭ قازاق مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە مۇزىكا، سەنئەت تارىخىنى قانداق تەتقىق قىلغانلىقى، رەتلىگەنلىكى ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايدىكەن .....

## كۆكچېتاۋ ئوبلاستىدا!

30 - ئىيۇل ئادەتتىكىدىنمۇ سەھەر تۇرۇپ، سائەت 7 گىچە ناشتىمىزنى قىلىپ تەييار بولدۇق - تە، ئايرودرومغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. سائەت 8 دە ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ باشلىق ئەزالىرى ئى. م. ئاسانبايېۋ، غەنى قاسىموۋ، يەرشوۋ (س س س ر گىراژدانلار ئاۋىئاتسىيىسى قازاقىستان باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)لارنىڭ ھەمراھلىقىدا مەخسۇس ئايرو-پىلانغا ئولتۇرۇپ، ئورال تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى كۆكچېتاۋ ئوبلاستىغا قاراپ ئۇچتۇق.

ئالمۇتادىن كۆكچېتاۋ ئوبلاستىنىڭ مەركىزى كۆكچېتاۋ شەھىرىگىچە بولغان ھاۋا يولى مۇساپىسى 1300 كىلومېتىر بولۇپ، بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان 6000 مېتىر ئېگىزلىكتە سائىتىگە 450 كىلومېتىر تېزلىكتە ئۇچۇپ، ئۈچ سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە قازاقىستاننىڭ چېز قازغان، تالدىقورغان، قاراغاندا ئوبلاستلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كۆكچېتاۋ شەھىرىگە يېتىپ بارىدىكەن.

بىز سائەت 11 دىن سەل ئاشقاندا كۆكچېتاۋ ئوبلاستىنىڭ مەركىزى كۆكچېتاۋ شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. كۆكچېتاۋ ئوبلاستىنىڭ باشلىقى ۋىكتور گېرگورۋېچ (رۇس)، ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كېڭەش نالايېۋلار ئايرودرومدا كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بىز ئۇلارنىڭ باشلىقى بىلەن كۆكچېتاۋ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، ئوبلاستلىق 1 - مېھمانخانىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، چۈشلۈك غىزادا ئولتۇرۇپ كۆكچېتاۋ ئوبلاستىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇق.

كۆكچېتاۋ ئوبلاستىنىڭ نوپۇسى 700 مىڭ بولۇپ، نوپۇس نىسبىتىدە 40 پىرسەنتى رۇس، 30 پىرسەنتى قازاق، قالغان 30 پىرسەنتىنى باشقا 40 نەچچە مىللەت ئىگىلەيدىكەن. پۈتۈن ئوبلاستىنىڭ يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد رۇبلى ئەتراپىدا بولۇپ، سانائەتتىن 500 مىليون رۇبلى، يېزا ئىگىلىكىدىن 200 مىليون رۇبلى

ئەتراپىدا ساپ كىيىم قىلىدىكەن. بۇ ئوبلاستنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىكىدە يېزا ئىگىلىكى ئاساس، يېزا ئىگىلىكىدە دېھقانچىلىق ئاساس، دېھقانچىلىق ئىچىدە بۇغداي ئاساس بولۇپ، يىلىغا ئوبلاست بويىچە 150 مىليون پۇت (سوۋېت ئىتتىپاقىدا 16.8 كىلوگرام بۇغداي بىر پۇت ھېسابلىنىدىكەن) بۇغداي ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن .....

تاماقتىن كېيىن بىز كونتېرتىپ بويىچە كۆكچىتاۋ ئوبلاستىنىڭ مەركىزى كۆكچىتاۋ شەھىرىنى ئايلاندۇق ۋە بازار ئارىلىدۇق. 17 مىڭ نوپۇسى بار بۇ شەھەر رەتلىك ۋە ئازادە، ھاۋاسى سالقىن ئىكەن. كوچا بويلىرىدا بىر ـ بىرىگە كىرەلىشىپ باراقسان بولۇپ ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەر، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ياشناپ تۇرىدىكەن. كىشىلەردىن ئۆركىمەيدىغان توپ ـ توپ كەپتەرلەرنىڭ رەستە ـ كوچىلاردا دانلاپ يۈرگىنى پات ـ پات ئۇچراپ تۇرىدىكەن. بىز شەھەر ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىككى سودا سارىيىنى ۋە بىر يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلار بازىرىنى كۆردۇق. بۇ شەھەردە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى يولغا قويغىلى ۋە كولخوز دېھقانلىرىنىڭ ئەركىن بازار سودىسىنى يولغا قويغىلى ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت بولۇپتۇ. بازارنىڭ مەمۇرىي ۋە تازىلىق جەھەتتىن باشقۇرۇلۇشى قاتتىق ئىكەن. باقاللار، كۆكتاتچىلار، قاسساپلار، كاۋاپچىلار ..... ئوخشاش ئاق دوپپا، ئاق خالات كىيىپ، ئوخشاشلا ئۆلچەملىك تەقسىملىك تارازا ئىشلىتىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇن ـ پوكەيلىرىدە رەتلىك تۇرۇشۇپ تىجارەت قىلىدىكەن. مەن بازارنى ئارىلاپ يۈرۈپ بەزى نەرسىلەرنىڭ باھاسىنى سوراپ باقتىم. قوغۇننىڭ كىلوسى ئىككى رۇبلى، تاۋۇزنىڭ كىلوسى بىر رۇبلى، شاپتۇلنىڭ كىلوسى بەش رۇبلى، كاۋابنىڭ بىر زىخى 60 تىيىن، كالا گۆشىنىڭ كىلوسى بەش رۇبلى، قوي گۆشىنىڭ كىلوسى تۆت رۇبلى، بىر پوكەينىڭ بىر كۈنلۈك ئىجارىسى 30 تىيىن ئىكەن .....

بىز ئىككى سائەتچە ۋاقىت بازار ئارىلىغىنىمىزدىن كېيىن، كۆكچىتاۋ ئوبلاستىنىڭ شۇۋچىنىسكى رايونى ئالېكساندوروۋكا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تىنچلىق يولى مەھەللىسىگە بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدۇق. ھەر بىر ئائىلىلىك ئارىسىدا 50 ـــ 60 مېترچە ئارىلىق قالدۇرۇپ، تولۇق رۇس مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بۇ ئۆيلەرنىڭ ئاستى ـ ئۈستى ۋە پۈتۈن تاملىرى پۈتۈنلەي ياغاچ ـ تاختايدىن ياسالغانىكەن. بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن تاللاپ كىرگەن 129 ـ نومۇرلۇق قورۇ ئالېكساندوروۋكا دېھقانچىلىق مەيدانىدا گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدىغان موشېيېۋ نىكولاي ۋاسىلىۋىچ دېگەن كىشىنىڭ بولۇپ، بۇ ئىمارەتتىكى ھەر بىر ئۆي «T» شەكىللىك كارىدور ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنكى تىك سىزىق «I» شەكىلىدىكى كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى ئېغىزدىن جەمئىي تۆت ئېغىزلىق ئۆي (ئىككىسى ياتاقخانا، ئىككىسى مېھمانخانا)، ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىنكى تۈز سىزىقلىق «ـــ» كارىدورنىڭ تۆرى تەرىپىدە ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، جەمئىي يەتتە ئېغىزلىق ئۆي بار ئىكەن. 120 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچى كاتتا مېھمانخانىلارنىڭكىدەك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ۋە بېزەلگەنىكەن. بولۇپمۇ ئۆي ئىچى ۋە ھويلا ـ ئارامىنىڭ پاكىزلىقى ئادەمنىڭ روھىنى باشقىچە كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. بۇ ئۆيدە بەش جان ئادەم بولۇپ، ئائىلە باشلىقى م. ن. ۋاسىلىۋىچ، ئۇنىڭ ئوغلى ۋە كېلىنى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەيدىكەن.

م. ن. ۋاسىلىۋدچىنىڭ ئايالى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تىككۈچىلىك كارخانىسىدا ئىشلەيدىكەن. بۇ ئائىلە ھەر ئايدا جەمئىي 1000 رۇبلىغا يېقىن كىرىم قىلىدىكەن ....

مەن بۇ مەھەللىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئوخشاش ئۇسلۇب، ئوخشاش پوسۇن، ئوخشاش ھەجىمدە سېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ يەردىكىلەر ئۆز ئىمارەتلىرىنى ئوخشاش ئۆلچەم بىلەن سالدۇرسا كېرەك، دەپ ئويلىسام، بۇ پەرىزىم خاتا چىقتى. ئەسلى بۇ ئۆيلەرنى دېھقانچىلىق مەيدانى ئىگىدارچىلىق قىلىپ بىر تۇتاش سالدۇرغان بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرى بۇ ئۆيلەرنى سېتىۋالسىمۇ، ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرسىمۇ بولىدىكەن. بىز كىرگەن ئۆيىنى ئۇلار ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئايلىق ئىجارىسى 28 رۇبلى ئىكەن.

بىز بۇ يەردىن ئايرىلىش ئالدىدا ئوبلاست باشلىقى ۋىكتور گىرگورىۋىچ بىزگە مۇنداق دېدى: «پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە قانات يايغان ئىسلاھات بىزنىڭ ئوبلاستىمىزدىمۇ ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ شەھەر - يېزىلاردىكى ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتىمىز. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ مەبلەغ چىقىرىپ ئولتۇراق ئۆيلەرنى بىر تۇتاش سېلىپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنىڭ سېتىۋېلىشىغا ئىلھاملاندۇرۇش ياكى ئىجارىگە بېرىش يېزىلاردا ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ تاۋارلىق نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى بىر تەدبىرىمىز .....»

## بۇغراباي

بۇغراباي — كۆكچىتاۋ شەھىرىدىن 100 كىلومېتردىن 200 كىلومېترغىچە يىراقلىقتىكى پايانسىز بىر دالانىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، قازاق مىللىتى دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان جاي، دەپ ھېكايە قىلىنىدىغان بۇ ئاجايىپ گۈزەل ماكان قازاقىستاننىڭ شۋېتسارىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. بۇ كەڭ دالىدا ئارچا - قارىغايلار بىلەن قاپلانغان ئېدىرلار، تاغلار ...... ، ياپيېشىل يايلاقلار، ئاق، سېرىق، قىزىل، سۆسۈن ... رەڭدە ئېچىلغان تاغ گۈللىرى، ئېدىر، تاغ، ئورمانلار ئىچىدىكى دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇرغان 80 كۆل، كۆل ئىچىدە قېيىقلىرىنى ئاستا ھەيدەپ بېلىقلارغا تور تاشلاۋاتقان بېلىقچىلار، كۆل بويلىرىدا ئورمانلىق ئىچىگە سېلىنغان ساناتورىيىلەر ... ئەيتاۋۇر تەبىئەت بۇ يەرگە سېخىيلىق بىلەن ئاجايىپ تەبىئىي گۈزەللىكنى بەخش ئەتكەنىكەن. شۇڭىمۇ بۇ جاي قىرىمدىن قالسا پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئىككىنچى چوڭ ساناتورىيە ئىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ رايون 1925 - يىلىلا سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان رايون بولۇپ بېكىتىلگەنىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بۇ گۈزەل زېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەربىر تېغى، ئېدىرى، ھەر بىر كۆلى، ھەر بىر جايى توغرىسىدا ئەل ئىچىدە نۇرغۇن - نۇرغۇن رىۋايەتلەر بار ئىكەن. قازاق ئالىمى، تارىخشۇناس ۋە ئارخېئولوگ چوقان ۋەلىخانوۋ (1835 — 1865) 1850 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇغراباي توغرىسىدىكى 15 خىل رىۋايەتنى رەتلەپ چىقىپتۇ. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئىچىدىكى قازاقلارنىڭ ئانا يۇرتى بولغان بۇغراباي دالىسىنىڭ بۇنداق گۈزەل ۋە كۆركەم يارىتىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھېكايە قىلىپ بېرىدىغان بىر رىۋايەتتە

مۇنداق دېيىلىدىكەن: خۇدا بۇ دۇنيانى ئاپىرىدە قىلغان چاغدا ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك خۇرجۇنىدىن چىقىرىپ، بىر ئەلگە چەكسىز دېڭىز، دولقۇنلۇق دەريالارنى؛ بىر ئەلگە قېلىن ئورمان، ئېگىز قارلىق تاغلارنى؛ يەنە بىر ئەلگە پايانسىز ئېكىنزارلىق، گۈل - گۈلىستان مېۋىلىك باغلارنى تەقسىم قىلىپ بەرگەنىكەن. قازاق خەلقىگە بولسا، مۇشۇ قازاق دالىسىنى — قۇم بېسىپ كەتكەن پايانسىز چۆل - جەزىرىنى بەرگەنىكەن. بۇنىڭغا قازاق خەلقى بەك ئەپسۇسلىنىپ، خۇداغا: «ھەيا ئۇلۇغ خۇدا، بىزگە تەقسىم قىلىپ بەرگىنىڭىز پۈتۈنلەي چۆل - جەزىرە، قۇم باسقان پايانسىز دەشتى - چۆل بولدى. رەنجىمەي خاسىيەتلىك خۇرجۇنىڭىزغا بىر قاراپ باقسىڭىز، خۇرجۇنىڭىزنىڭ تېگىدە بولسىمۇ ئېشىپ قالغان بەلەن دۇنيارىڭىزدىن يەنە بولسا، شۇنىڭ ئىچىدىن بىزگە ئازراق قوشۇپ بەرسىڭىز ...» دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ، لېكىن خۇدا قازاق خەلقىنىڭ بۇ ئىلتىجاسىنى ئىلتىپاتسىز قالدۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قازاق خەلقىنىڭ دانىشمەن قىزىقچىسى ئالداركۆسا كېلىپ، خۇدايىمنى ئالدىماقچى بولۇپتۇ ۋە خۇدايىمغا «مۆكۈ-مۆكۈلەك ئوينايلى ......» دېگەن تەكلىپنى بېرىپتۇ، بۇنىڭغا خۇدا رازى بولۇپتۇ. مۆكۈنۈش نۆۋىتى خۇداغا كېلىپتۇ. لېكىن بۇ تۈپتۈز كەتكەن پايانسىز دەشتى - چۆلنىڭ نەرىگە مۆكۈنۈش كېرەك؟ شۇڭا خۇدا مۆكۈنۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئېدىر - دۆڭ، تاغلارنى پەيدا قىلىپتۇ ۋە ئېدىرلار ئارىسىغا مۆكۈنۈۋېلىپتۇ. بۇ پۇرسەتنى چەك تۇتقان ئالداركۆسا خۇدانىڭ خۇرجۇنىنىڭ تۈۋىنى تېشىپ قويۇپتۇ. «مۆكۈ - مۆكۈلەك» ئويۇنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خۇدا خۇرجۇنىنى قويغان يېرىدىن ئېلىپ كۆتۈرگەنىكەن، خۇرجۇنىنىڭ تۆشۈكىدىن تاغ - ئېدىرلار ئۈستىگە سانسىز بۇلاقلار بىلەن تاغ - ئېدىرلار ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىكلەرنىڭ 80 يېرىگە 80 كۆل تۆكۈلۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زامان - زامانلار ئۆتۈپ، تاغ - ئېدىرلارغا ئارچا - قارىغاي، قېيىن - تېرەكلەر ... ئۆسۈپ، قېلىن ئورمانلار پەيدا بولۇپتۇ. ئورمان ئارىلىرىدا، ئەتراپىتىكى يېشىل يايلاقلاردا رەڭمۇرەڭ تاغ گۈللىرى ئېچىلىپ بەرق ئۇرۇپ ياشناپتۇ ۋە ئورمان ئىچى، يېشىل دالىلاردا بۇغا، كىيىك، تاغ تېكىسى، جەرەن، قاپلان، ئېيىق، بۆرە، تۈلكە، توشقان، قاما قاتارلىق 20 خىلغا يېقىن ياۋايى ھايۋانلار پەيدا بولۇپ، كۆپىيىپ ماكانلىشىپتۇ. بۇغراباي دالىسىدىكى 80 كۆلنىڭ سۈيىمۇ ئەتراپىدىكى بۇلاق سۇلىرى بىلەن بارغانسېرى كۆپىيىپ - تولۇقلىنىپ، ئەتراپى قويۇق دەل - دەرەخ ۋە ھەر خىل كۆكاتلار بىلەن ياشناپ تېخىمۇ چىرايلىق تۈسكە كىرىپتۇ. بۇ كۆللەر ۋە كۆل ئەتراپلىرىدىكى ئورمانلاردا تۇرنا، بېلىق ئالغۇچ، غاز، ئۆردەك، قاشقالداق قاتارلىق 200 خىلچە قۇشلار ماكانلاشقاندىن باشقا، كۆل ئىچىدە ھەر خىل بېلىقلار پەيدا بولۇپ، يوغىناشقا باشلاپتۇ ...

ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يېتىپ كەلگەن بۇ رىۋايەتلەردە ئېيتىلغانىدەكلا ئەمەس، بەلكى قازاقىستاننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي يەكۈنىدىن قارىغاندىمۇ، بۇغراباي دالىسىدا قەدىمكى زاماندىن بۇيان قازاق خەلقىنىڭ باتۇر ئوۋچىلىرى، تەجرىبىلىك مالچىلىرى ۋە دېھقانلىرىنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكى ۋە بۇ زېمىننى شۇلارنىڭ ياشارتىپ، كۆكەرتىپ كەلگەنلىكى ئىسپاتلىنىپتۇ.

بىز بۇغراباي دالىسىغا چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە يېتىپ كەلدۇق ۋە بۇ گۈزەل زېمىنغا لال بولغىنىمىزچە ئايلىنىپ، بۇ جايدىكى 80 كۆلنىڭ بىرى بولغان شورتان كۆلىنىڭ

بويىغا كېلىپ توختىدۇق. ئالدىمىزدا ئۈچ ئەتراپى قېلىن ئورمان بىلەن قاپلانغان شورتان
كۆلى مەيىن شامالدا يېنىك چايقىلىپ تۇراتتى. كۆل ئىچىدە كېتىپ بارغان ھەر خىل قېيىقلار
ئاستا - ئاستا ئۈزۈپ ئۆز مەنزىللىرى تامان ئىلگىرلەيتتى. ئەتراپ شۇنچىلىك خاتىرجەم ۋە
جىمجىت ئىدىكى، بۇ جىمجىتلىقنى بەزى - بەزىدە كۆل بويلىرىدا ئوينىپ يۈرگەن، سۇ يۈزىدە
ئۈزۈپ يۈرگەن، سۇ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن ھەر خىل قۇشلارنىڭ تاتلىق ئاۋاز بىلەن چۇقان
سېلىشلىرى بۇزۇپ تۇراتتى. كۆلنىڭ غەرب تەرىپىدە ياپيېشىل ئارچا - قارىغايلارغا كۆمۈلگىنىچە
سوزۇلۇپ ياتقان بىر تاغ بار ئىدى. تاغ ئۈستىدە ھەر خىل كۆرۈنۈشتىكى زور تاشلار بار
بولۇپ، بەزىلىرى ئۇخلاپ ياتقان گىگانت پالۋانغا، بەزىلىرى بىر - بىرىگە يۆلەنگىنىچە
قېتىپ قالغان ئاچا - سىڭىللارغا ئوخشايتتى. (بۇ تاشلار ھەققىدىمۇ رىۋايەتلەر بار ئىكەن.)

مۇشۇ ئەسنادا بىزگە يول بويى ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ كەلگەن چولپان ئىسىملىك قازاق
قىزى تاغ بېشىدىكى ئېقىش رەڭلىك چۆككەن تۆگە سىياقىدىكى بىر زور گىگانت چوققىنى
كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئەنە، بۇغراباي چوققىسى!» دېدى ۋە بۇ پايانسىز دالانىڭ بۇغراباي دەپ
ئاتىلىشىدىكى مۇنداق بىر رىۋايەتنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى: بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا رەڭگى
قاردەك ئاق، قوش ئۆركىشى تىك، ناھايىتى زور، ئۆزى تېمەن ۋە چىچەن، ئەمما ناھايىتى
مۇلايىم بىر بۇغرا تۆگە بولغانىكەن. ئۇ بۇ جايدىكى تاغ - ئېدىرلاردا ئوتلاپ يۈرۈيدىكەن.
ئەگەر بۇ دىيارغا ياۋ بېسىپ كەلگۈدەك بولسا، كۆكرەك كېرىپ جەڭگە كىرىپ رەقىبلىرىنى
چاپچىپ، چەيلەيدىكەن. بۇ دىياردا تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بەرسە تۈرلۈك ئاماللار بىلەن
ئەلنى ئاپەتتىن ساقلايدىكەن. ئۇ شامالدەك تېز يۈگۈرۈك ئىكەن. ئەگەر تاغ بېشىغا چىقىپ
نەرە تارتسا، تاغلار لەرزىگە كېلىپ، دالالار تىترەيدىكەن. ئۇ شۇنداق قۇدرىتى بىلە
يۇرتنى ياۋدىن، ئاپەتتىن، قايغۇ - ھەسرەتتىن ئامان ساقلايدىكەن. شۇڭا ئەلمۇ بۇغراتۆگىنى
ئۆمرىگە دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ ئامانلىقىنى تىلەيدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى بۇغرا تۆگە
قاتتىق چاڭقاپ سۇ ئىزدەپ كېتىپ بارغىنىدا، يات قەبىلىنىڭ شىكارغا چىققان قاسىمخان
ئىسىملىك نىيىتى قارا پادىشاھىغا ئۇچراپ قاپتۇ. شىكاردا ھېچنەرسە ئوۋ قىلالماي ئېچى
پۇشۇپ تۇرغان قاسىمخان ئۆزى باش بولۇپ، چاپارمەنلىرىنى باشلاپ تۆگىگە ۋەھشىيلەرچە
ئوقيا ئوقى ياغدۇرۇپتۇ. سانسىزلىغان زەھەرلىك ئوق سانجىلغان ئاق بۇغرا قاتتىق ئېڭىراپ
يىقىلىپتۇ. تۆگىنىڭ ئېچىنىشلىق نالە - زارىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خۇشال بولغان قاسىمخان
تۆگىگە يەنە ئارقا - ئارقىدىن ئوق ياغدۇرۇۋېرىپتۇ. ئاق بۇغرا بولسا، شىپالىق شورتان
كۆلىنىڭ سۈيىدىن بىر ئوتلىۋېلىش ئۈچۈن ئالغا قاراپ سىلجىۋېرىپتۇ. لېكىن ئۇ كۆل بويىغا
يېقىن كەلگەندە دەرمانسىزلىنىپ چۆككىنىچە يېتىپ قاپتۇ ۋە ئاخىرى تىنىقتىن قاپتۇ. زامان-
لارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ بارا - بارا تاشقا ئايلىنىپ بۇ تاغنى ھاسىل قىلىپتۇ... بۇ پاجىئە-
لىك ۋەقەدىن كېيىن ئەل ئاق بۇغرانى سېغىنىپ ۋە ياد ئېتىپ بۇ بىر تاغنىلا ئەمەس، بىر
پۈتۈن بۇ دالانى «بۇغراباي» دەپ ئاتايدىغان بولۇپتۇ.

بۇ رىۋايەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تاغ بېشىغا ئېھتىرام بىلەن قايتا تىكىلدۇق. قاپتال-
لىرىنى يۆلىكىدە ئارچا - قارىغايلار ئوراپ تۇرغان بۇ ئېگىز تاغنىڭ بېشىدا يەنە بىر تاغدەك
بولۇپ سوزۇلۇپ - چۆكۈپ ياتقان ئاق بۇغرا سىياقىدىكى گىگانت ئاق تاشتىن رىۋايەتتە ئېيتىلغان

ھېلىقى زور، ھېلىقى تېمەن ۋە چېچەن، ھېلىقى، ئەلنى ياۋدىن، ئاپەتتىن ئامان ساقلايدىغان ئاق بۇغرانىڭ تىرىك سىماسىنى كۆرگەندەك بولدۇق. ئۇ ھېلىمۇ چاڭقاپ ياتامدىكەن، بويىنىنى كۆل سۈيى تەرەپكە سوزۇپ تۇرغاندەك ئىدى ...

بىز شورتان كۆلىنى ئايلىنىپ، كۆلنىڭ غەربىي بۇرجىكى تەرەپكە يېقىن كەلگىنىمىزدە، 15 — 20 كۋادرات مېترچە ھەجىمدە، 8 — 10 مېترچە ئېگىزلىكتە سۇ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، خۇددى بىر بوستان چاچلىق قىزنىڭ باش قىسمىغا ئوخشايدىغان چوڭ بىر تاشنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق ۋە ئۇنى زوق بىلەن تاماشا قىلدۇق. سەۋەبى، زۇمرەتتەك سۈزۈك كۆل سۈيى ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بۇ تاش خۇددى ماھىر ھەيكەلتاراش تارىغان چىرايلىق بىر بوستان چاچ قىزنىڭ ھەيكىلىگە ئوخشايتتى. مەن خېلى ئۇزۇنغىچە بۇ تاشقا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدىم. بۇ ئەسنادا چولپان قىز يېنىمغا كېلىپ مەندىن سوراپ قالدى:

— بۇ تاشقا قاراپ تۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟

— تەبىئەتنىڭ سېخىيلىقىغا ھەيرانمەن. بۇ ھەقىقەتەن مۆجىزە — بەئەينى تارىغان ھەيكەلدەكلا تاش ئىكەن، — دېدىمەن جاۋابەن.

— بۇ تاشنىڭ ئىسمى «تېپىشماق تاش» دېدى چولپان ۋە مەندىن سورىدى، — سىز «بوتا كۆز» رومانىنى ئوقۇغانمۇ؟ بۇ تاش ھەققىدە شۇ روماندىمۇ سۆزلەنگەن.

مەن ھەقىقەتەنمۇ كىچىك چاغلىرىمدىلا مەشھۇر سوۋېت قازاق يازغۇچىسى سابىت موقانوۋنىڭ «بوتا كۆز» ناملىق رومانىنى ئوقۇغانىدىم. شۇئان رومانىدىكى ئاسقار، بوتا كۆز، ئاندىرى ... ئوبرازلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى ۋە رومانىنىڭ بىر پۈتۈن ۋەقەلىكى ئىچىدىكى ئاسقارنىڭ بۇ كۆلدە — ئاشۇ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ بوتا كۆزنى تەلمۈرتكەن چاغدىكى تەپسىلاتلار، مۇھەببەت تەسۋىرلىرى تەسۋىرلەنگەن سەھىپىلەر خاتىرەمگە كەلدى. قىزىق ئىش، كىشى سەبىي چاغلاردا ئوقۇغان رومانىدىكى ئۆزى قىزىقىپ خىيالىي تەسەۋۋۇر قىلغان جاينىڭ ئۆزىگە كېيىن ئۆزىنىڭ بېرىپ قېلىشى، كىشىنى ھەقىقەتەن بىر خىل ھاياجانغا سالىدىكەن. مەن بۇ ھاياجىنىم توغرىسىدا چولپان بىلەن ئورتاقلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— نېمىشقا بۇ تاشنىڭ نامىنى «تېپىشماق تاش» دەپ ئاتايدۇ؟

— بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن گەپنى ئاۋۇ تاغ چوققىسىدىن باشلىشىمىز كېرەك، — دېدى چاقماقتەك سۆزلەپ تۇرىدىغان چولپان قىز، تاغنىڭ كۆلگە يېقىن يېرىدىكى تىك بىر قىيانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئۇ قىيا چوققىنىڭ ئىسمى «ئوق يەتمەس تاغ»، كۆل ئىچىدىكى بۇ «تېپىشماق تاش» بىلەن «ئوق يەتمەس تاغ»نىڭ بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ۋە بۇلارنىڭ نېمىشقا شۇنداق ناملار بىلەن ئاتالغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار، — دەپ سۆز باشلىدى:

موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيانى كېچىپ - چەيلەپ، بۇ ئەتراپتىكى يۇرتلارنى ئىستىلا قىلىشقا باشلىغاندا، بۇغراباي دالاسىدا ياشايدىغان قازاق ئېلىنىڭ ئابلاي قەبىلىسىدىكى خەلق بىر قېتىم موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىغا قارشى ئازات قوزغاپ، غەلىبە - نۇسرەت بىلەن قايتىپتۇ. ئۇلار سوقۇشتا ئالغان ئولجىلىرىنى بۆلۈشۈش ئۈچۈن كۆل بويىدىكى بۇ قىيا چوققىنىڭ ئاستىغا جەم بولۇپتۇ. ئولجىنىڭ مال - بىسات، ئات - ئۇلاغ، قورال - جابدۇقلىرىنىمۇ

ئاسانلا كېڭىشىپ بولۇشۇپتۇ. لېكىن ئوتتۇن قىلىپ كەلگەن ساھىبجامال ـ چىرايلىق يېگانە موڭغۇل قىزنىڭ قايسى باتۇر يىگىتكە تەئەللۇق بولۇشىغا كېلىشەلمەي باشلىرى قېتىپ، خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالماي تەڭلىك ئىچىدە قالغان قەبىلە باشلىقى ئابلايخان: «ئوتتۇن قىز قايسى باتۇر يىگىتكە نېسىپ بولۇشىنى ئۆزى تاللىسۇن!» دەپ ئەمىر قىلىپتۇ. بۇ چاغدا قىز: «مەن ئاشۇ قىيا چوققا ئۈستىگە چىقىپ، ئاق شايى رومالىمنى يۆلەڭشىتىپ تۇرىمەن، قايسى باتۇر يىگىت ماڭا ئوقيا ئوقىنى يەتكۈزۈپ، رومالغا تەگكۈزەلىسە مەن شۇنىڭغا نېسىپ بولاي» دەپ شەرت قويۇپ، قىيا چوققا ئۈستىگە چىقىپتۇ. لېكىن ھېچقانداق يىگىتنىڭ ئوقيا ئوقى ئۇنىڭغا يېتەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قىز يەنە بىر شەرت قويۇپ: «بابا مەن نېمىشقا شۇنداق شەرت قويدۇم، بۇ بىر تېپىشماق، كىم بۇ تېپىشماقنى يېشەلىسە، مەن شۇنىڭغا نېسىپ بولاي!» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. لېكىن ھېچكىم بۇ تېپىشماقنىمۇ يېشەلمەپتۇ ... شۇنىڭ بىلەن بۇ قىزنىڭ سەۋرى ـ تاقىتى تۈگەپ ئاخىرى ئۆزىنى قىيا چوققا ئۈستىدىن ئاستىدىكى كۆلگە تاشلاپتۇ ۋە سۇ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرگىنىچە كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. زامانلار ئۆتۈپ قىز سۇغا سەكرىگەن جايدىن شۇ قىزنىڭ باش قىسمى شەكلىدىكى بۇ تاش كۆكلەپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەل كۆل ئىچىدىكى بۇ تاشنى «تېپىشماق تاش»، تاغ ئۈستىدىكى قىيا چوققىنى «ئوق يەتمەس تاغ» دەپ ئاتايدىغان بولۇپتۇ...

مەن چولپاندىن بۇ رىۋايەتنى ئاڭلاپ بولۇشىغا بىزدىن سەل يىراقتىكى ئۆمەك ئەزالىرىمىز ۋە بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەر ئارىسىدا توساتتىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بىز يېتىپ كەلسەك ئۇلار ئىچىدىن بىر قانچىسى كۆلگە تەڭگە (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىيىن پۇلى) تاشلاۋاتقانىكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسام، بىرسى ماڭا: «بۇ كۆلگە قانچە قېتىم تەڭگە تاشلىسا، بۇ يەرگە شۇنچە قېتىم كېلىشكە يول چىقىدۇ، دېگەن بىر سەقىمە سۆز بار ئىكەن» دېدى. ھەمراھلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپلىرى شۇ گەپ بويىچە كۆلگە قايتا ـ قايتا تەڭگە تاشلاشتى. ئەپسۇسكى، مېنىڭ يانچۇقىمدا تاشلاشقا ئۇنداق تەڭگە يوق ئىكەن، شۇڭا مەن كۆلگە تەڭگە تاشلىيالمىدىم. شۇ گەپ بويىچە بولغاندا، ئەمدى ماڭا بۇ يەرگە قايتا كېلىشكە يول چىقمايدىكەن. شۇڭا مەن بۇ گۈزەل ماكانغا كۆزلىرىمنى تولدۇرۇپ قاراپ، مەڭگۈلۈك خوشلاشقان كەبى ھېسسىيات ئىچىدە بۇ يەردىن ئايرىلدىم.

## بۇغراباي ئۆي قۇشلىرى فېرمىسى

بىز شورتان كۆلى بويىدىكى ساناتورىيىلەرنى ئارىلاپ يەنە 25 ـ 30 كىلومېتىرچە يول يۈرگىنىمىزدىن كېيىن، سائەت 7 لەردە (بۇ يەردە ئالمۇتا شەھىرىدىكىگە قارىغاندا ئىككى سائەتچە كېيىن كەچ كىرىدىكەن) ياپيېشىل كۆكاتلارغا كۆمۈلگەن پايانسىز ئېدىرلىق ئىچىدىكى بۇغراباي ئۆي قۇشلىرى فېرمىسىغا يېتىپ كەلدۇق.

بۇ خۇددى ساناتورىيىگە ئوخشاشلا ئارامگاھ جاي بولۇپ، ئاپئاق ئاقارتىلغان چىرايلىق بىنالار، بىنالارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى چىرايلىق باغچىلار، رەڭمۇرەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللۈكلەر، ياشناپ تۇرغان ئارچا ـ قارىغاي، دەل ـ دەرەخلەر قوشۇلۇپ، بۇ جاي

www.uyghurkitap.com

خۇددى پايانسىز يايلاق ئىچىدىكى بىر گۈلباغچىسىغا ئوخشايتتى.

بىز بۇ فېرمىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، فېرما باشلىقى، 52 ياشلىق نىكولاي پېتروۋىچ سۇي (چاۋشيەن مىللىتى) نىڭ باشلىشىدا فېرمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. فېرمىنىڭ تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەت سورۇنلىرى، تىببىي - ساقلىقنى ساقلاش ئورۇنلىرىنى كۆردۇق ۋە كېتىپ بېرىپ فېرما باشلىقىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مېڭىشىدىن بۇ فېرمىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن قىسقىچە تونۇشتۇق.

بۇ ئۆي قۇشلىرى فېرمىسىنىڭ 2000نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى، توخۇ، ئۆردەك، غاز، ئات، تۆگە، ياۋايى ھايۋانلارنى بېقىش شۆبە فېرمىلىرى، ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سېخلىرى ۋە كۆكتاتچىلىق ئەترىتى بار ئىكەن. فېرما يىلىغا دۆلەت ۋە بازارنى 25 مىڭ تىرىك توخۇ، 1700 توننا توخۇ گۆشى، 1000 توننا غاز گۆشى، كۈنىگە 500 مىڭ، يىلىغا 180 مىليوندىن ئارتۇق تۇخۇم بىلەن تەمىنلەيدىكەن. بۇ فېرمىنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 35 مىليون روبلىدىن 40 مىليون روبلىغىچە بولۇپ، يىللىق ساپ پايدىسى ئوتتۇرىچە 9 مىليون روبلى ئەتراپىدا ئىكەن. ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاشى 300 روبلىغا يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا فېرمىنىڭ ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىسى يەنە يىللىق مائاشىنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا يىل ئاخىرىدا ئىشلىگىنىگە يارىشا يىللىق مۇكاپات ئالىدىكەن. شۇنداقتا ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ يىل ئاخىرىدا ئالىدىغان يىللىق مۇكاپاتى ئوتتۇرىچە 3 مىڭدىن 4 مىڭ روبلىغىچە بولىدىكەن. بۇ فېرما ۋە فېرمىنىڭ ھەر بىر شۆبە فېرمىلىرى، مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش سېخلىرى ھازىرقى زامان سەۋىيىسىدىكى ئىلغار باقمىچىلىق ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىلىرىنى ئۆز ئورنىنىڭ ھەر بىر ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىغا تەدبىق قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بولغاندىن باشقا، بۇ فېرما يەنە فېرما بويىچە يۈرۈشلەشكەن ھەر خىل مەدەنىي تۇرمۇش سىستېمىسىنى، تىببىي - ساقلىقنى ساقلاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ بولۇپتۇ ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپتۇ، ياخشىلاپتۇ. مەدەنىي تۇرمۇش، تىببىي - ساقلىقنى ساقلاش سىستېمىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش ۋە يېڭىلاپ تۇرۇش ئۈچۈن فېرما ئىزچىل ھالدا ھەر يىلىغا 250مىڭ روبلى ئەتراپىدا، پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن 350 مىڭ روبلى ئەتراپىدا مۇقىم مەبلەغ سەرپ قىلىپ تۇرىدىكەن. ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈمى جەھەتتىن ئالغاندا، ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ فېرمىدا فېرما باشلىقلىرىدىن گۇرۇپپا باشلىقلىرىغىچە، تېخنىك خادىملارنىڭ تېخنىكىۋى يېتەكچىلىكىدىن تارتىپ ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ كونكرېت ئىش تۈرىگىچە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپتۇ ۋە بۇنداق ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىختىيارىي بىرلىشىشىنى بىرلىك قىلغان ئاساستا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپتۇ.

بىز زىيارىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا، بۇ فېرمىنىڭ ئاتچىلىق شۆبە فېرمىسىغا بېرىپ، قىمىز ئىشلەش سېخىنى كۆردۇق. ئۇنىتالغۇدەك ياڭراپ تۇرغان قازاقچە مۇزىكىلارغا ئۆگىتىلىپ، ياغاچ قاشالار ئىچىگە رەتلىك تىزىلىشقا كۆندۇرۇلگەن تولۇمدەك سەمرىگەن بايتاللاردىن ئېلېكترلىك سېغىش ئەسۋابلىرى بىلەن سۈت سېغىۋېلىنىپ، قىمىز چىقىرىلىدىكەن. بۇ ئاتچىلىق شۆبە

فېرمىسىنىڭ بىز كۆرگەن مۇشۇ بىر ئەترىتىلا كۈنىگە ئىككى تونىنا قىمىز ئىشلەپچىقىرىدىكەن.

بىز بۇ ئۆيي قۇشلىرى فېرمىسىدىكى زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بوغرابايىنىڭ ساناتورىيە رايونىدىكى بىر چوڭ رېستورانىغا بېرىپ، كۆكچېتاۋ ئوبلاستى مەسئۇللىرىنىڭ ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت نامىدىن بەرگەن كۈتۈۋېلىش زىياپىتىدىن بوشىغان چېغىمىزدا كەچ سائەت 12 بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق ۋە كېچە سائەت بىر يېرىم ئەتراپىدا كۆكچېتاۋ شەھىرىدىكى قونالغۇمىز - ئوبلاستلىق 1 - مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدۇق.

## كۆكچېتاۋ شەھىرىدىكى بىر ئىشچىلار ساناتورىيىسى

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئى. م. ئاسانبايېۋ، كۆكچېتاۋ ئوبلاستىنىڭ باشلىقى ۋ. گېرگورېۋىچ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا كۆكچېتاۋ شەھىرىدىكى ئىشچىلار ساناتورىيىسىگە يېتىپ كەلدۇق.

بىز ساناتورىيە بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمىزدە، ساناتورىيىنىڭ باش ۋراچى بېسارېۋا لىيودمىلا بورىسېۋنا قاتارلىق ساناتورىيە خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. بىز بىناغا كىرىپلا، بىنا ئىچىدىكى دەم ئېلىش ئۆيىگە جەم بولغىنىمىزدىن كېيىن، ب. ل. بورىسېۋنا: «بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق، سىزلەرنى كۆرۈپ بىزنىڭ كۆڭلىمىزمۇ خۇددى بۈگۈنكى ئوچۇق ھاۋادەك ئېچىلىپ كەتتى ...» دەپ سۆز باشلىدى ۋە ساناتورىيىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ۋەكالىتەن بىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدىن كېيىن، ساناتورىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغاچ بىزنى باشلاپ ساناتورىيىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرىنى زىيارەت قىلدۇردى ...

كۆكچېتاۋ شەھىرىدىكى ھەر قايسى ئورۇن ۋە ھەرقايسى زاۋۇت، كارخانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم ساناتورىيىسى بولغاندىن باشقا يەنە شەھەر بويىچە يەتتە چوڭ ساناتورىيە بار ئىكەن. بىز كەلگەن بۇ ساناتورىيە، شۇ ساناتورىيىلەرنىڭ بىرى ئىكەن. 80 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بۇ ساناتورىيە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 170 ئەتراپىدا ئادەم كۈتۈۋالالايدىكەن. بۇ ساناتورىيىنىڭ كۈتۈۋېلىش ئوبيېكتى شەھەردىكى ھەر قايسى زاۋۇت، كارخانىلاردىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش زۆرۈر بولغان ئىشچىلار، مېيىپلار، ئاستاخاراكتېرلىك كېسىلى بار ئىشچىلار ۋە ئىشچىلارنىڭ يۇقىرىدىكى تىپتىكى پەرزەنتلىرى ئىكەن. بۇ ساناتورىيىدە داۋالىنىۋاتقان ئىشچىلار ئەتىگىنى ئۆز ئورۇنلىرىغا ئىشقا بېرىپ، كەچتە بۇ ساناتورىيىگە قايتىپ كېلىدىكەن ۋە خۇددى ئۆز ئۆيىدىكىدەكلا دەم ئالىدىكەن. دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە داۋالاپ تۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدىكەن. سالامەتلىك ئەھۋالىغا يارىشا دوختۇرلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە خالىغان غىزاسىنى بۇيرۇتۇپ يەيدىكەن، يۇيۇنىدىكەن، كىيىم ئالماشتۇرىدىكەن، تۈرلۈك مەدەنىي ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە مەلىكە بولىدىكەن، ئۇخلايدىكەن ...

بۇ ساناتورىيە ھەر قايسى زاۋۇت، كارخانىلارنىڭ ئورتاق مەبلەغ چىقىرىشى ۋە شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدا زال ئىچىدىكى

ۋاللېبول، ۋاسكېتبول مەيدانى، چۆمۈلۈش كۆلى قاتارلىق ھەر خىل تەنھەرىكەت سورۇنلىرى، تورلۇك ئەسلىھەلىرى ۋە تەنتەربىيە قوراللىرى تولۇق بولغان چېنىقىش ئۆيلىرى، تەنھەرىكەت ئارقىلىق بەدەن چېنىقتۇرۇپ داۋالاش بۆلۈمى، مىنېرالنى پاتقاق بىلەن داۋالاش بۆلۈمى، مىنېرالنى سۇنى ئىچىملىك قىلىپ داۋالاش بۆلۈمى، مىنېرالنى سۇ بىلەن يۇيۇپ داۋالاش بۆلۈمى، موم بىلەن داۋالاش بۆلۈمى، سۇ بىلەن ئۇۋۇلاپ داۋالاش بۆلۈمى (يۇمشاق رېزىنكا تۇرۇبىلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن)، ئاياللار بۆلۈمى قاتارلىق ھەر خىل كېسەللىكلەر بويىچە 22 خىل داۋالاش سىستېمىسى بار ئىكەن. لېكىن بۇ ساناتورىيىدىكى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىشچىلاردىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قارىتىلغانىكەن. ساناتورىيىگە كەلگەن ئىشچىلارنى ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن داۋالىغاندىن باشقا، ئۇلارنى روھىي ئازادىلىك ۋە مەنىۋى خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ساناتورىيىنى مەدەنىي پائالىيەت ئېھتىياجى بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىنىپتۇ. بۇ يەرگە قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا كېرەكلىك ھەر قانداق نەرسە ھازىر قىلىنىپتۇ. بولۇپمۇ ساناتورىيىنىڭ پاكىزلىقى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ قايىل قىلىدىكەن... ئۇنىڭدىن باشقا بىنانىڭ ھەر بىر قەۋىتىدىكى بىر تېمى پۈتۈن ئەينەك بولغان زال ئۆيلەر ئىچىگە بىنا قىلىنغان باغچىلار، گۈللۈكلەر، ھەر خىل فونتانلار كىشىگە بىر خىل مەنىۋى لەززەت ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بەخش ئېتىپ تۇرىدىكەن... بۇ ساناتورىيىدە دەم ئېلىپ داۋالىنىش ئۈچۈن كەلگەن ھەر بىر ئىشچى ئايلىق پۈتۈن خىراجىتى ئۈچۈن 250 رۇبلى تاپشۇرىدىكەن. ئەمما بۇ پۇلنىڭ ئون پىرسەنتىنى شۇ شەخسنىڭ ئۆزى، 90 پىرسەنتىنى شۇ كىشى خىزمەت قىلىۋاتقان ئورۇن چىقىرىدىكەن.

بىز سائەت 10 دا بۇ ئىشچىلار ساناتورىيىسىدىن ئايرىلىپ، گۆكچەتاۋ شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغىنىمىزدىن كېيىن، كۆكچەتاۋ ئوبلاستىدىكى بىر يېزىدىكى ئوتلۇك زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سائەت 11 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ئالمۇتا شەھىرىگە قاراپ ئۇچتۇق.

## خەير ـ خوش قازاقىستان!

ئەتىسى سەھەردە (1 ـ ئاۋغۇست) ئورنىمىزدىن تۇرغاندىن كېيىن مېھمانخانا ئالدىدىكى باراقسان ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ قازاقىستاندا بولغان كۈنلىرىمدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى خاتىرەمگە ئېلىشقا باشلىدىم. چۈنكى بۈگۈن ۋەتەنگە قايتىمىز...

قازاقىستاندا مەيلى شەھەر، مەيلى يېزىلار بولسۇن مۇھىتىنىڭ گۈزەللىكى، بولۇپمۇ ھەممە جاينىڭ ئوخشاش پاكىزلىقى مېنى باشقىچە مەپتۇن قىلدى. بىز ئۇيغۇرلاردا ئەڭ پاكىز نەرسىنى «چىنىدەك پاكىز» ئىكەن دەپ ئىپادىلەيدىغان بىر ئادەت تىلى بار. قازاقىستاندا بىز بارغانلىكى جايلاردا، مەيلى ئىدارە ـ ئورگان، مەيلى زاۋۇت ـ كارخانا ياكى يېزىلار بولسۇن، مەيلى كىشىلەرنىڭ ئۆيى، ھويلا ـ ئاراملىرى بولسۇن، مەيلى رېستوران، دۇكان، ھەر خىل ئاممىۋى پائالىيەت سورۇنلىرى بولسۇن، مەيلى كىشىلەرنىڭ كىيىنىشلىرى بولسۇن، مەيلى چوڭ ـ كىچىك رەستە ـ كوچىلار بولسۇن، «چىنىدەك پاكىز» دەپ تەسۋىرلەشتىنمۇ

www.uyghurkitap.com

زىيادە پاكىز ئىكەن. ئالايلى، ئالمۇتا ئورمانزارلىق ئىچىدىكى بىر گۈل شەھىرى. لېكىن ھەر قانداق ئاممىۋى پائالىيەت سورۇنلىرى ياكى رەستە - كوچىلاردا بولسۇن بىرەر تال يوپۇرماق پارچىسى، بىرەر تال تاماكا قالدۇقى ياكى بىرەر تال قەغەز شۆپىكى دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، پاكىزلىقنى سۆيۈش سوۋېت كىشىلىرىنىڭ ئاڭلىق ئادىتىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

كىشىلەردىكى كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە جۇشقۇن كەيپىيات مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى — بۇ 72 ياشقا كىرگەن سوتسىيالىستىك دۆلەتتىكى ھەر مىللەت كىشىلىرى مەردانە ۋە جۇشقۇن كەيپىيات بىلەن ھەر قايسى ساھەدىكى ھەرقايسى ئىش ھالقىلىرىدا ھەپتىدە بەش كۈن ئۆز ئەمگەك مەجبۇرىيىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئادا قىلغاندىن كېيىن، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى مەنىلىك ۋە مەزمۇنلۇق ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. جۈملىدىن ئالمۇتا شەھىرىدىكى ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەت سورۇنلىرى - كۇتۇپخانىلار، مۇزېيلار، تىياتىر - كىنوخانىلار، ھەر خىل تەنتەربىيە مەيدانلىرى، باغچىلار پاكىزە، رەتلىك كىيىنگەن پۇقرالارنىڭ تۈرلۈك مەشغۇلاتلىرى بىلەن جانلىنىپ تۇرغاندىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىشىلەر دوست - يارانلىرى بىلەن تەبىئىي باغچىدەك بۈك - باراقسان ياشناپ تۇرغان ئالاتاۋ تېغى ئىچىدىكى تۈرلۈك سەيلىگاھ، ئارامگاھ جايلارغا بېرىپ دەم ئالىدىكەن ياكى سۇغا چۆمۈلۈش كۆللىرىگە بېرىپ سۇ ئۈزىدىكەن، خىلمۇخىل سايىۋەنلەرنى چۆرىدەپ ئاپتاپقا قاقلىنىدىكەن ۋە ياكى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ مەنزىرىلىك جايلارغا سېلىنغان داچىلىرىغا كېتىدىكەن. (سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەربىر ئائىلىنى مەنزىرىلىك جايلارغا داچى سېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىكەن، ئەگەر شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بۇنىڭغا يار بەرمىسە، ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ ياساپ بېرىدىكەن ۋە ئۇ مەبلەغنى ئاز - ئازدىن شۇ كىشىنىڭ مائاشىدىن تۇتۇپ قالىدىكەن.) جان كۆيدۈرۈپ قىلىنغان جىددىي مېھنەتتىن كېيىنكى ئوبدان دەم ئېلىش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پۇقرالارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقى، خىزمەت ئاكتىپلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە خىزمەت قىلىدىغان پايدىلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولىدىكەن.

سوتسىيالىستىك تۈزۈم — ھەقىقەتەنمۇ ئەۋزەل تۈزۈم. سوۋېت كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ 72 يىللىق جاپالىق كۈرەشلىرى ئارقىلىق قۇرغان، تەرەققىي قىلدۇرغان سوتسىيالىستىك دۆلىتىدە سوتسىيالىزمنىڭ تۈرلۈك ئەۋزەللىكلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ بەختىيار ياشاۋېتىپتۇ.

1 - ئاۋغۇست سائەت 12 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە بىز س س ر گىراژدانلار ئاۋىئاتسىيىسى قازاقىستان باشقارمىسىنىڭ «تۇ — 154» تىپتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئالمۇتا ئايرودرومىدىن ئايرىلىۋاتقان چاغدا بىزنى قىزغىن قارشى ئالغان، ئەتىۋارلاپ كۈتۈۋالغان قازاقىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتتۇق: «خەير - خوش ئالمۇتا! خەير - خوش قازاقىستان!» دەپ ئۇراقىچە قىزغىن قول پۇلاڭشىتتۇق.

1989 - يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى




## سوقرات ھەققىدە ھېكايەتلەر

سوقرات شاگىرتلىرىغا تەلىم بېرىپ، دەيتتى:

—ئەگەر بىراۋنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتماقچى بولساڭ، ئاۋۋال ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى ياخشى ئۆگەن! بىرىنچىدىن، ئۇ، ياش ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسىغا قانداق مۇئامىلىدە بولغان؟ ئىككىنچىدىن، قېرىنداشلىرى ۋە بۇرادەرلىرىگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلغانمۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن رازى بولغانمۇ؟ ئۈچىنچىدىن، ئۇ، ياشلىق دەۋرىدە خوش خۇي مۇئامىلىسى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنمۇ؟ ياكى بەتپېئىل بولۇپ، جامائەتنى ئۆزىدىن بەزدۈرگەنمۇ؟ تۆتىنچىدىن، بىراۋ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇ كىشىدىن مىننەتدار بولغانمۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ ياخشىلىق قىلغانمۇ؟ بەشىنچىدىن، كەيىپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلگەنمۇ؟ پەقەت ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلىگەنمۇ-يوقمۇ؟

* * *

سوقرات:

—ياخشى سۆز كۆڭۈلنى، چىرايلىق خەت كۆزنى يورۇتىدۇ، — دېگەنىكەن.

* * *

سوقرات شاگىرتلىرىغا يەنە:

—ھۈنەردىن ياخشىراق، ئىلىمدىن ئۇلۇغراق نەرسە يوق، شەرمۇ ھايادىن ئېسىلراق بېزەك، زىبۇ-زىننەت يوق، بەتپېئىللىكتىن يامانراق دۈشمەن يوق، — دېگەنىكەن.

* * *

سوقرات بىر قېتىمقى سۆھبەتتە:

— ئاقىل، دانا كىشىلەر ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، تاپقان مال-دۇنيالىرىدىن مۇھتاجلارغا خەير-ئېھسان بېرىدۇ. غەزەپلەنگەن چاغلىرىدا تىلىنى يامان سۆزلەردىن، قولىنى كىشىلەرگە ئازار بېرىشتىن ساقلايدۇ، — دەيتتى.



* * *

سوقرات بىر دوستىغا:

— نادان كىشى ئۆز نادانلىقىنى سۈكۈت قىلىپ بىلدۈرمىسە، شۇ خۇسۇسىيىتى بىلەنمۇ ئۇنى ئاقىللاردىن ھېسابلاش مۇمكىن. لېكىن نادانلىق بىلەن سۈكۈت بىر ئادەمدە جەم بولمايدۇ، — دېگەنىكەن.

* * *

سوقرات بىر دوستىغا يەنە:

— مال - دۇنيا ئاشۇرۇشقا كۆپ ھەۋەس قىلما، چۈنكى كۆپ ھەۋەس قىلغاندا ئۇنىڭ خىيانىتى كۆپرەك بولىدۇ. ئۇ بىر مەزگىل بىراۋنى سەمىرىتسە، بىر مەزگىل يىغلىتىدۇ.

باشقىلارنىڭ يېنىدا بىراۋغا كەمچىلىكلىرىنى ئېيتىپ نەسىھەت قىلىش — ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا نومۇسقا قالدۇرۇش دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خالى جايدا نەسىھەت قىلىش كېرەك، — دەپتۇ.

* * *

بەتخەجلەردىن بىرى سوقراتقا كەمبەغەل بولۇپ قالغانلىقىدىن شىكايەت قىلغانىكەن، سوقرات ئۇ كىشىگە مەسلىھەت بېرىپ:

— بەتخەجلىكىڭىزگە چەك قويۇپ، پۇلىڭىزنى تېجەڭ، ئۆزىڭىز ئۆزىڭىزدىن قەرز ئېلىڭ! — دەپتۇ

* * *

سوقرات بىر سۆھبەتتە:

— كۆڭۈلنىڭ ئىككى ئاپىتى بار، بىرىنچىسى: ئۆتكەن ئىشقا قايغۇرۇش، ئىككىنچىسى: كەلگۈسى ئىشنى ئويلاپ غەم - ئەلەم تارتىشتۇر. بىرىنچىسىدىن، ئادەم كۆپ ئۇيقۇچان بولسا، ئىككىنچىسىدىن، ئۇيقۇسىزلىققا مۇپتىلا بولىدۇ، — دېگەنىكەن.

* * *

سوقرات شاگىرتلىرىدىن:

— دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاگىرتلىرىدىن بىرى:

— كامىل ئەقىل، — دەپتۇ. ئىككىنچىسى:

— ياخشى دوست، — دېسە، يەنە بىرى:

— چارە - تەدبىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سوقرات ئۇلارنىڭ پىكرىنى لايىق كۆرمەپتۇ. شۇ چاغدا بىر شاگىرت:

— ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە — پاك قەلب، — دەپتۇ.

سوقرات بۇ شاگىرتىنىڭ پىكرىنى ماقۇللاپ:

— بارىكاللا، توغرا ئېيتتىڭ، پاك قەلب بولسا، كامىل ئەقىلمۇ، ياخشى دوستمۇ، چارە - تەدبىرمۇ بولىدۇ، پاك قەلب ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك خىسلەتتۇر، — دەپتۇ.

## سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ھەققىدە ھېكايەت

سۇلتان مەھمۇدنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر بېغى بار ئىكەن. بىر كۈنى باغدا ئاتىسى سەبۇكتېكىن شەرىپىگە زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن، ئوغلى ئاتىسىدىن:

— ئەزىز ئاتا، مېنىڭ بۇ بېغىم ھەققىدە نېمە دەيسىز، كۆڭلىڭىزگە ياقتىمۇ، — دەپ سوراپتۇ. ئاتىسى جاۋاب بېرىپ:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغلۇم، بېغىڭ ناھايىتى گۈزەل، دىلكۇشا باغ بولۇپتۇ، ئەمما دۆلەتلىك، باي ھەر بىر ئادەم بۇنداق باغنى

www.uyghurkitap.com

بەرپا قىلالايدۇ، لېكىن سەن كۆپ كىشىلەر مۇيەسسەر بولمىغان بىر باغنى ۋۇجۇتقا كەلتۈر، ئۇنىڭ مېۋىسىدەك مېۋە ھېچ يەردە بولمىسۇن، — دەپتۇ.

— ئۇ قانداق باغ؟

— ئۇ باغ — ئالىم، پازىللار، ئەدىب، شائىرلار، دانىشمەنلەر ۋە باشقا ئەخلاقلىق ئۇلۇغ زاتلارنىڭ سۆھبىتىدۇر. شۇ ئۇلۇغ زاتلاردىن تەربىيە ئېلىپ، ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش — ئۇنىڭ دەرىخى، ياخشى نامغا ئىگە بولۇش — مېۋىسىدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاتىسى.

## لوقمان ھەكىم ھەققىدە ھېكايەتلەر

رىۋايەت قىلىنىشىچە، لوقمان بابۇر ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنىكەن. ئۇ داۋۇت پەيغەمبەر زامانىسىدا ھايات كەچۈرگەن، داۋۇتتىن بىلىم ئالغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئىقتىدارى، زېرەكلىكى ۋە ئىلمى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ داڭقىنى چىقارغان؛ ئىلىم ئۆگىنىشتە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا، شەيئىلەرنى كۆزىتىپ يەكۈن چىقىرىشتا كامالەتكە يەتكەن؛ ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتە ئادىل ۋە ھەقىقەت تەرەپدارى بولغان؛ پىكىر يۈرگۈزۈشتە تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە خۇش پېئىللىقى بىلەن يۇرت ئەھلىگە تونۇلغان. بۇ،

لوقمان ھەكىمنىڭ خۇسۇسىيىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ئىكەن. كىمىكى لوقماندىن بىر نەرسىنى سورىسا، ئۇ زادىلا تەمتىرىمەي توغرىسىنىلا ئېيتىدىكەن.

لوقمان داۋۇت پەيغەمبەرگە بىر مەزگىل ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەربىيە ئاپتۇ. بىر كۈنى داۋۇت لوقماننى چاقىرىۋېلىپ:

— بىر قوينى سويۇپ، ئىككى ياخشى ئەزاسىنى ئېلىپ كەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

لوقمان بىر قوينى سويۇپ، قوينىڭ تىلى بىلەن يۈرىكىنى ئېلىپ كەپتۇ.

داۋۇت يەنە بىر كۈنى لوقماننى چاقىرىۋېلىپ:

— بىر قوينى سويۇپ، ئەندى ئىككى يامان ئەزاسىنى ئېلىپ كەل، — دەپ تاپشۇرۇپتۇ. لوقمان بىر قوينى سويۇپ، ئۇنىڭمۇ تىلى بىلەن يۈرىكىنى ئېلىپ كەپتۇ. داۋۇت:

— مەن بىر قوينىڭ ئىككى ياخشى ئەزاسىنى ئېلىپ كەل، دېۋىدىم، سەن تىلى بىلەن يۈرىكىنى ئېلىپ كەلدىڭ. خوش، ئىككى يامان ئەزاسىنى ئېلىپ كەل، دېسەممۇ، تىلى بىلەن يۈرىكىنى ئېلىپ كەلدىڭ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

لوقمان جاۋاب بېرىپ:

— تىل بىلەن يۈرەك — ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ بۇلىقى. بۇ ئىككىسى ياخشى بولسا، ئادەممۇ بەختلىك ۋە ياخشى بولىدۇ. بۇ ئىككىسى يامان بولسا، ئادەممۇ يامانلىق ۋە بەختسىزلىكتىن خارىج تاپالمايدۇ. ئۇنداق بولۇشى، تىل يۈرەكنىڭ جارچىسى. يۈرەك نېمىنى ئويلىسا، تىل شۇنى سۆزلەيدۇ. كۆڭۈلگە كەلگەننى ئالەمگە ئايان قىلىدۇ، — دەپتۇ.

* * *

لوقمان ھەكىم ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئوغلۇم، كىشىلەر سۆزگە ئۇستىلىقى بىلەن ماختانسا، سەن سۈكۈت قىلىش بىلەن ماختان. ھەر نەرسىنىڭ دەلىلى بار. ئەقىلنىڭ دەلىلى — پىكىر، پىكىرنىڭ دەلىلى-سۈكۈتتۇر، — دەپتۇ.

* * *

لوقمان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە:

— بوشاڭلىق — غەيرەتسىزلىك — ئۈمىد ۋە مۇۋاپپەقىيەتنىڭ كۈچىنى بوشاشتۇرىدىغان بىر مەرەزدۇر. ئىنسانىيەت سائادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ مەيۇسانە ياشاش-جۈرئەتسىزلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر، — دەپتۇ.

* * *

بىر يىگىت لوقمان ھەكىمدىن ئەقىل سوراپ كەپتۇ. لوقمان ئۇنىڭغا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئەقىلنى ئۆگىتىپتۇ:

— مىڭ كىشىنىڭ چىرايىنى تونۇغىچە، بىر كىشىنىڭ ئىچىنى بىل؛ تۆردە ئولتۇرساڭ، كېيىن كەلگەنلەرگە ئورنۇڭنى بەرمە؛ يېنىڭدىكىلەرگە پىچىقىڭنى بەرمە.

يىگىت قايتىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن تالاي ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە لوقمان ئۆزى ئەقىل ئۆگەتكەن ھېلىقى يىگىتنى چاقىرىۋېلىپ:

— مەن بىر بۇرادىرىمنىڭ ئۆيىگە بارماقچىمەن، سېنى بىللە ئېلىپ بارىمەن. يېقىنراق بارغاندا، دوستۇمنىڭ ئالدىغا سەن بالدۇرراق كىرىپ، مېنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمنى خەۋەر قىلىپ سۆيۈنچى سورا، كۆپ مال-دۇنياغا ئىگە بولىسەن، — دەپتۇ.

يىگىت ماقۇل بولۇپ، لوقمان بىلەن بىللە يۈرۈپ كېتىپتۇ. شەھەرگە يېقىن قالغاندا، يىگىت ئىلگىرى بېرىپ، لوقماننىڭ دوستىغا:

— سىزنىڭ دوستىڭىز كېلىۋاتىدۇ، دەپتۇ.

لوقماننىڭ دوستى — پادىشاھ:

— مېنىڭ دوستلىرىم كۆپ، كېلىۋاتقان قايسى دوستۇم ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت جاۋاب بېرەلمەپتۇ، چۈنكى لوقماننىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىكەن. كەلگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن پادىشاھ باشقا بىر كىشىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ، لوقمان ھەكىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى شۇ ھامان ئېيتىپ كېلىپ، سۆيۈنچى سوراپتۇ. پادىشاھ كېيىنكى ئادەمگە خېلى نۇرغۇن سۆيۈنچى بېرىپتۇ. يىگىت سۆيۈنچىدىن قۇرۇق قاپتۇ.

لوقمان كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. ھېلىقى يىگىت لوقماننىڭ ھەمراھى بولغانلىقى ئۈچۈن تۆردىن ئالاھىدە ئورۇن ئاپتۇ. بىراق، پادىشاھنىڭ دوستى بىلەن سالاملىشىپ دىدارلىشىشقا كەلگۈچىلەر كۆپىيىۋېرىپتۇ. يىگىت كەلگەن مېھمانلارنى تۆرگە چىقىرىۋېرىپ، ئۆزى ئاخىرىدا پەگاغا چۈشۈپ قاپتۇ.

مېھمانلارغا داستىخان سېلىنىپ، تاماق كەلتۈرۈلۈپتۇ. تاماق كەلتۈرۈلگەندە، ھېلىقى يىگىتنىڭ يېنىدىكى ئادەمنىڭ پىچىقى بولمىغانلىقتىن، يىگىتتىن پىچاق سوراپتۇ. يىگىت ئالتۇن بىلەن نەقىشلىنىپ، ئالماستىن كۆز قويۇلغان پىچىقىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. گۆش پارچىلىنىپ، تاماق يېيىلىپ، داستىخان يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت پىچىقىنى سوراپتۇ. بىراق، پىچاقنى ئالغان ئادەمنىڭ پىچاققا ھەۋىسى كېلىپ، بەرگۈسى كەلمەپتۇ-دە، يىگىتتىن: «پىچاق راست سېنىڭمۇ؟» دەپ ئۈچ

www.uyghurkitap.com

قېتىم سوراپتۇ. يىگىتمۇ قەتئىي ھالدا: «مېنىڭكى» دەپ ئۈچ رەت جاۋاب بېرىپتۇ. پىچاقنى ئالغۇچى پىچاقنى مېھمانلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— جامائەت، بۇ مېنىڭ ئاتامنىڭ پىچىقى ئىدى. يېقىندا كىمدۇر بىرسى، ئاتامنى ئۆلتۈرۈپتۇ - دە، پىچىقىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. مەن ئاتامنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە پىچاقنى كىمنىڭ ئالغانلىقىنى بىلەلمەي يۈرەتتىم. ھازىر ھەممە ئىش ئايان بولدى. ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل مۇشۇ ئىكەن. ئەندى ئاتامنىڭ خۇنىنى ئالىمەن، — دەپ يىگىتنىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ. بۇنىڭغا يىگىت جاۋاب تاپالماي، گاڭگىراپ قاپتۇ.

بۇ ئىشقا شاھىد بولۇپ ئولتۇرغان لوقمان، يىگىتنى سىرتقا چاقىرىپ، مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— مەن ساڭا ئۈچ تۈرلۈك مەسلىھەت بەرگەنىدىم، ئۇنىڭ بىرىنىمۇ ئېسىڭدە ساقلىماپسەن. «مىڭنىڭ چىرايىنى تونۇغىچە، بىرىنىڭ ئېتىنى بىل» دېگەنىدىم، بۇ گەپكە ئېتىبار بەرمەي سۆيۈنچىدىن قۇرۇق قالدىڭ، ئىززەت - ھۆرمەتتىن قۇرۇق قالدىڭ؛ «تۆردە ئولتۇرغاندا، كېيىن كەلگەنلەرگە ئورنۇڭنى بەرمە» دېگەنىدىم، بۇ گەپكە ئېتىبار بەرمەي ئورنۇڭنى بېرىپ، پەگاغا چۈشۈپ قالدىڭ؛ «يېنىڭدىكى كىشىگە پىچىقىڭنى بەرمە» دېگەنىدىم، سۆزۈمگە سەل قاراپ، پىچىقىڭدىن ئايرىلدىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئادەمنىڭ خۇنىغا زامىن بولغان قاتىل بولدۇڭ. بۇنىڭدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلماقچىسەن؟ مەن ساڭا يەنە بىر ئەقىل ئۆگىتەي: سەن ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن جامائەتنىڭ ئالدىدا، ساڭا تۆھمەت قىلغۇچىدىن: «مۇشۇ پىچاق راستىنلا سېنىڭمۇ؟» - دەپ ئۈچ قېتىم سورا، ئۇ: «مېنىڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

شۇ چاغدا سەن: «سەپەرگە كېتىۋاتقان ئاتامنى يولدا بىر بۇلاڭچى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئەسلىدە قاتىل ئالدىراپ كەتكەنلىكتىن قان بىلەن بويالغان بۇ پىچاق ئاتامنىڭ جەسىتى يېنىدا قاپتۇ. مەن قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان مۇشۇ پىچاقنى يېنىمدا ساقلاپ، كىشىلەرگە كۆرسىتىپ كېلىۋاتىمەن. مۇشۇ پىچاق كىمنىڭ بولسا، شۇ مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل. ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل نەق مۇشۇ ئىكەن. ئاتامنىڭ خۇنىنى ئېلىپ بېرىڭلار» دېگىن. شۇنىڭ بىلەن مۇرەسسەگە كېلەلمەي، ئىش بىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا ھاۋالە قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا بۇ ئىشنى ئوڭايلا بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ.

يىگىت ئۆيگە قايتىپ كىرىپ: «پىچاق راست سېنىڭمۇ؟» دەپ ئۈچ مەرتىۋە سوراپتۇ، ھېلىقى كىشى: «ھە، مېنىڭ!» دەپ قايتا - قايتا جاۋاب بېرىپتۇ. لوقماننىڭ مەسلىھەتى بويىچە يىگىت چوقان كۆتۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ خۇنىنى ئالماقچى بولۇپتۇ. بۇلارنىڭ تالاش - تارتىشىنى يالغۇز مېھمانلارلا ئەمەس، ھەتتا پادىشاھمۇ ھەل قىلالماي، ئاخىرى لوقماننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى سوراپتۇ. لوقمان ئۇلارنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ھەر ئىككىڭلار يالغان سۆزلىدىڭلار، — دەپتۇ لوقمان، — سەن پىچاققا زوقلىنىپ، ئۇنى بەرگىڭ كەلمەي، بۆھتان قىلدىڭ. سەن تۆھمەتتىن قۇتۇلۇپ، پىچىقىڭنى ئېلىش ئۈچۈن ئاشۇنداق غەۋغا كۆتۈردۇڭ، ھەقىقەتەن بۇ پىچاق سېنىڭ!

شۇنىڭدىن كېيىن لوقمان پىچاقنى يىگىتكە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئالماي - بەرمەي ماجىراسىنى تۈگىتىپتۇ.

لوقماندىن ئەقىل ئۆگەنگەن بۇ يىگىت ئەنە-

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ كەلگەنىكەن.

* * *

لوقمان:

— ھەممە يۈكنى كۆتۈردۈم، ئەمما بۇرچتىن ئېغىرراق يۈكنى كۆرمىدىم. ھەممە لەززەتنى تېتىدىم، ئەمما سالامەتلىكتىن مەززىلىك لەززەتنى تېتىمىدىم. ئەڭ شېرىن لەززەت ساق-سالامەتلىكتە ئىكەنلىكىنى بىلدىم، دېگەنىكەن.

* * *

لوقمان ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئەدەب - ئەخلاقلىق بولۇپ، ۋىجدانىمى بۇرچىڭنى ئادا قىلىدىغان بول؛ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل؛ ئادەملەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامانلىقتىن يىراق تۇرىدىغان قىل؛ ئۆمرۈڭدە يولۇققان قىيىنچىلىقلارغا سەۋرچانلىق بىلەن بەرداشلىق بەر؛ بىرسى ساڭا ئۆكتەملىك قىلىپ زۇلۇم سالسا، سەن ئادىللىق بىلەن كېچىرىملىك بول؛ دۇنيادا ئابروي - ئاتاق ئۈچۈن ياشىما، كىچىك پېئىل بول؛ ھەر قانداق ئىشتا ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىل، ئالدىراڭغۇ بولما، سۆرەلمىلىكمۇ قىلما؛ سىلىق - سىپايى بول، ھاكاۋۇر، چوڭچى، قۇرۇق سۆز بولۇپ قالما. شۇ ئارقىلىق خەلققە ئۈلگە بول،— دەپتۇ.

* * *

لوقماندىن:

— سىز بىراۋنىڭ قارا تەنلىك قۇلى ئىدىڭىز، ئەندى ئۇلۇغ دەرىجە ئىگىسى بولۇپ قالدىڭىز، قايسى ئىش سىزنى شۇنداق ئۇلۇغ دەرىجىگە كۆتۈردى؟— دەپ سورىغانىكەن، لوقمان:

— ھەر دائىم توغرا سۆزلىدىم، ئامانەتكە خىيانەت قىلمىدىم، مەنىسىز، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىشتىن ئۆزۈمنى تارتتىم. مانا مۇشۇ ئۈچ خىسلەت مېنى ئۇلۇغ دەرىجىگە كۆتۈردى.

* * *

لوقماندىن:

— ھېكمەتلىك سۆزلىرىڭىز، ئەدەب - ئەخلاققا دائىر ۋەز - نەسىھەتلىرىڭىز بىلەن كۆپ كىشىلەرنى توغرا يولغا سالدىڭىز. نەسىھەتلىرىڭىز كار قىلماي، ئۆزىنىڭ يامان خۇي-پەيلىدىن يانمىغان كىشىلەرمۇ بارمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، لوقمان:

— بار، ئۇ — جاھىل، بەتپېئىل ئادەم. ئۇنى شۇ يارىماس خۇلقىدىن قايتۇرۇشقا ھەر قانچە تىرىشساممۇ پايدىسىز بولۇپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ... ئاجىز كەلدىم، — دەپتۇ.

* * *

لوقمان بىر قېتىمقى سۆھبەتتە:

— نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرمە، قانائەتلىك بول. ئۆزۈڭدە يوق سۈپەتلەرنى ئېيتىپ سېنى ماختىغان كىشىنىڭ سۆزلىرىگە ئالدانما. دوستلىرىڭ بىلەن نىزالاشما. ھېچ-كىمنى ئۆزۈڭدىن پەس كۆرمە. سىرىڭنى ئاشكارا قىلما. مال - دۇنيالىرىڭغا مەغرۇر بولما. ھەر كىمگە ئوچۇق چىراي، شېرىن سۆز بىلەن مۇئامىلە قىل، — دېگەنىكەن.

* * *

لوقمان ھەكىمدىن:

— ھېكمەتنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سورىغانىكەن، لوقمان:

— ھېكمەتنى كورلاردىن ئۆگەندىم، چۈنكى ئۇلار قەدەم باسقاندا يەرنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى سىزمىگىچە ماڭمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

* * *

لوقمان ھەكىمدىن:

— نەسىھەتلىرىڭىزدىن ياشلارغا ئائىتلىرى كۆپرەك، ئەمما يېشى توختىغانلارغا ئائىتلىرى كەمرەك، بۇنىڭ ۋەجى نېمىدىن؟ — دەپ سورىغانىكەن، لوقمان جاۋاب بېرىپ، دەپتۇ:

— باغۋەن يەرنى يۇمشىتىپ، كۆچەت تىكىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى خەس-چۆپتىن، زىيانلىق پارازىتلاردىن تازىلاپ، ئۆز ۋاقتىدا سۇغىرىپ تۇرسا، ياخشى پەرۋىش قىلسا، ۋاقىت پۇرسەتتە كۆچەت دەرەخ بولۇپ ۋايىغا يېتىدۇ، ئۈنۈملۈك، ھوسۇللۇق بولىدۇ.

بالىنىمۇ ياش چېغىدىن ياخشى تەربىيىلىسە، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئەدەبلىك قىلىپ ئۆستۈرسە، ئۇ بالا ئۆزىگە، ئاتا - ئانىسىغا بەخت كەلتۈرىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ پايدىلىق ئەزاسى بولۇپ يېتىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ياشلار تەربىيىسىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىمەن، شۇڭا، ۋەز - نەسىھەتلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى ياشلارغا ئائىتتۇر.

## نۇشىرۋان ھەققىدە ھېكايەتلەر

نۇشىرۋانغا بىر كىشى:

«پۇقرالىرىڭىزدىن پالانى كىشىنىڭ مال-مۈلكى شۇ قەدەر كۆپكى، سىزنىڭ خەزىنىڭىزدە ئۇلارنىڭ يۈزدىن بىرىمۇ يوق» دەپ خەت يېزىپتۇ. بۇنىڭغا نۇشىرۋان مۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

«خوداغا مىڭ قەترە شۈكرى، بىزنىڭ سايىمىزدا پۇقرالىرىمىز بىزدىن بايراق بولۇشۇپتۇ.» كېيىن ئاشۇ مەلۇمات بەرگەن كىشىنى تېپىپ ئەدىبىنى بېرىپتۇ.

* * *

نۇشىرۋاننىڭ بىر خىزمەتچىسى ئۇنىڭ يېنىدا بىر كىشىنى يامانلاپتۇ. نۇشىرۋان ئۇ چېقىمچىغا:

— ئۇ كىشى ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭنى ئەتراپلىق تەكشۈرىمەن. ئەگەر راست سۆزلىگەن بولساڭ، سېنى قەدىرلەيمەن، چېقىمچىلىق قىلغان بولساڭ، سەندىن نەپرەتلىنىمەن، سېنى دۈشمىنىم دەپ بىلىمەن، يالغان سۆزلىگەن بولساڭ، نەپرەتلىنىمەن ۋە ساڭا جازا بېرىمەن؛ چېقىمچىلىق قىلغان بولساڭ توۋا قىل، كەچۈرىمەن، — دەپتۇ.

خىزمەتچى چېقىمچىلىق قىلغانلىقىغا توۋا قىپتۇ. نۇشىرۋان ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپتۇ.

* * *

نۇشىرۋان مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

— بىر ئىبرەتلىك ۋەقە مېنىڭ ئادالەتلىك بولۇشۇمغا سەۋەب بولدى. ياش چېغىمدا بىر كۈنى ئوۋغا چىقىپ، ئېتىمنى ھەر تەرەپكە چاپتىم. پىيادە يۈرگەن بىر كىشى تاش ئېتىپ بىر ئىتنىڭ ئايىغىنى سۇندۇردى. ئۇ كىشى

بىر نەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا مېنىڭ ئې-
تىم قېچىپ، ئۇنىڭ ئەككى پۇتىنى سۇندۇردى.
كېيىن ئېتىم بىر قۇرام تاشقا پۇتلىشىپ، ئەككى
پۇتىنى سۇندۇردى. مەن بۇ ۋەقەنى كۆرگەندىن
كېيىن ئۆز - ئۆزۈمگە: «كۆردۈڭمۇ، ئۇلار نېمە
قىلمىشتى ۋە نېمە كۆرۈشتى؟ ھەر كىم بىر
ئەسكى ئىشنى قىلسا، ئۆزى خالىمىغان ئىشنى
كۆرىدۇ» دېدىم. شۇ ۋەقەدىن ئىبرەت ئالدىم.

* * *

نۇشىرۋاننىڭ ئەقىللىق زاكاۋەتلىك بىر ۋە-
زىرى بار ئىكەن، شۇ ۋەزىر بىر ئەمىرنى
قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ يۈرۈيدىكەن. ئەمىر-
نىڭ ئېيتقىنى ئېيتقان، دېگىنى دېگەن ئىكەن.

بىر كۈنى ئاشۇ ئەمىرنىڭ پۇقرالىرىدىن
بىرى نۇشىرۋاننىڭ ھوزۇرىغا ئەرزگە كېلىپ:

— سېنىڭ ئەمىرىڭ بىزگە ھەددىدىن ئار-
تۇق جەبرى - جاپا قىلىۋاتىدۇ، بىزدىن ئار-
تۇق خىراج تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

نۇشىرۋان ئاشۇ ئەمىرنى سارايغا ئېلىپ
كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. بىراق ئەمىر بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاپ، قېچىپ كېتىپتۇ.

شۇ چاغدا نۇشىرۋان ئۇنى قوللاپ - قۇۋ-
ۋەتلەپ يۈرۈيدىغان ۋەزىرنى چاقىرىپ ئۇ-
نىڭغا جازا بېرىپتۇ.

بۇنىڭغا ھەممە ھەيران بولۇپ:

— شەھرىيارى ئالەم، گۇناھكار ئەمىرغۇ،
سىز نېمىشقا ۋەزىرنىڭ ئەدىبىنى بەردىڭىز؟ —
دېسە، نۇشىرۋان جاۋاب بېرىپ:

— جازالانغۇچى، زالىمنى بىزگە يېقىن قىل-
غانىدى. مۇسانىڭ ئەلەمىنى ئەيسادىن ئال-
دۇق دەپ شۇنى ئېيتىمدۇ، — دەپتۇ.

* * *

بىر كىشى نۇشىرۋاننىڭ تۇغقانلىرىدىن
بىر قانچىنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. بىر
مەزگىلدىن كېيىن قاتىل نۇشىرۋاننىڭ يې-
نىغا قايتىپ كەپتۇ. نۇشىرۋان ھەيران
بولۇپ:

— ئەجەب يۈرىكىڭ پۇتۇن، قورقمايدىغان،
جاسارەتلىك ئىكەنسىنا؟! تۇغقانلىرىمدىن
بىرقانچىنى ئۆلتۈرۈپ چوڭ گۇناھ قىلساڭمۇ
قەھرى - غەزىپىمدىن قورقماي يەنە يېنىمغا
قايتىپ كەپسەن؟ — دېگەنىكەن، ئۇ كىشى
تازىم قىلىپ:

— سىزنىڭ ئەپۇ - مەرھەمىتىڭىزنىڭ ئۇ-
لۇغلۇقىنى ياخشى بىلىمەن. گۇناھىم زور
بولسىمۇ، ئەپۇ ۋە مەرھەمىتىڭىز ئۇنىڭدىنمۇ
ئۇلۇغراقتۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. نۇ-
شىرۋان ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، گۇنا-
ھىنى كەچۈرۈپتۇ، ئىنئام - ئېھسان بېرىپتۇ.
نۇشىرۋاننىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى:

— شۇنداق چوڭ گۇناھكارنى قولغا چۈ-
شۈردىڭىز، ئۆچ ئالماي، ئۇنىڭ سۆزىگە ئال-
دىنىپ ئازاد قىلىۋەتتىڭىز، بۇ نېمە قىلغى-
نىڭىز؟ — دەپتۇ.

— ئىش سەن ئويلىغاندەك ئەمەس، ئۇنىڭ-
دىن ئۆچ ئالسام، نەپسىم شادلىنىدۇ، ئازاد
قىلسام، ئۇنىڭ كۆڭلى شادلىنىپ، دۇنيادا
نامىم ياخشىلىق بىلەن يادلىنىدۇ. مانا شۇنى
ئويلاپ، ئۇنى ئازاد قىلدىم، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ نۇشىرۋان.

* * *

نۇشىرۋان بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ، سەھ-
رانى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، ياڭاق كۆچىتى
تىكىۋاتقان بىر بوۋاينى كۆرۈپ قاپتۇ.

— ئەي بوۋا، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ نۇشىرۋان.

— خۇدا ئۆمرىڭىزنى زىيادە قىلسۇن، ياڭاق كۆچىتى تىكىۋاتىمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

— سەن قېرىپ قالغان كىشى ئىكەنسەن، بۇ كۆچەت قاچان ۋايىغا يېتىپ، قاچان مېۋە بېرىدۇ؟ — دەپتۇ نۇشىرۋان.

— باشقىلار تىكتى، بىز يېدۇق. بىز تىكىمىز، باشقىلار يېيىشىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي.

نۇشىرۋان بۇ سۆزگە تەھسىن ئوقۇپتۇ ۋە: «ئاپىرىن!» دەپتۇ. ئەگەر نۇشىرۋانغا بىرەر ئىش يېقىپ قالسا: «ئاپىرىن!» دېيىدىكەن، شۇ چاغدا شۇ ئادەمگە تۆت يۈز دىرھەم پۇل بېرىشىدىكەن.

نۇشىرۋان بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، «ئاپىرىن!» دېگەنىكەن، ئۇنىڭغا تۆت يۈز دىرھەم بېرىشىپتۇ.

— ھېچكىمنىڭ كۆچىتى مەن تىككەن كۆچەتتەك تېز ھوسۇل بەرمىگەن، — دەپتۇ بوۋاي، نۇشىرۋان يەنە «ئاپىرىن!» دەپتۇ.

بوۋايغا يەنە تۆت يۈز دىرھەم بېرىشىپتۇ.

— پادىشاھنىڭ نەزىرى چۈشكەنلىكى ئۈچۈن بۇ كۆچەت بىر يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل بەردى، — دېمە، نۇشىرۋان يەنە «ئاپىرىن!» دەپتۇ، يەنە تۆت يۈز دىرھەم بېرىشىپتۇ.

## ھارۇن رەشىد ھەققىدە ھېكايەتلەر

قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ «ئابباسىيە دۆلىتى» خەلىپىلىرىدىن ھارۇن رەشىد كۈنلەردىن بىر كۈنى باغداد كوچىلىرىدىنىڭ بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مەكتەپتىن ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىۋاتقان بالىلارغا ئۇچراپ قاپتۇ. بىر بالىنىڭ ئۆز دوستلىرىغا قىلغان خۇش مۇئامىلىسى، دانە - دانە سۆزلىرى خەلىپىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ ئېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئەقىللىق، پاراسەتلىك ۋە زېرەك بالا ئىكەنلىكىنى بايقاپ، دەرھال ئالدىغا چاقىرىپ ئاپتۇ ۋە ھۆرمەتلەپ بېشىنى سىلاپ - سىيپاپ ئۇنىڭغا بىر دىنار ئالتۇن بېرىپتۇ.

بالا خەلىپىنىڭ ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلماي، دوستلىرى يېنىغا كەتمەكچى بولۇپتۇ. ھارۇن رەشىد ئۇنى توختىتىپ:

— ئوغلۇم، مەن بەرگەن ھەدىيەنى نېمىشقا قوبۇل قىلمايسەن؟ خەلىپىنىڭ ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلماسلىق تەربىيەسىزلىك ئالامىتى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

بالا خەلىپىگە تازىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— سۆزىڭىزنىڭ توغرىلىقىغا شۈبھە قىلمايمەن. ئاتا - ئانامنىڭ: «خەلىپىلەر بىر ئادەمگە ھەدىيە بەرمەكچى بولسا، پەقەت بىر ئالتۇن ئەمەس، بەلكى كۆپرەك ئالتۇن بېرىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. ئەگەر بەرگەن بىر دىنار ئالتۇنىڭىزنى ئالسام، ئۆيگە بېرىپ ئاتا - ئانامغا: «خەلىپە ھارۇن رەشىد ماڭا بىر ئالتۇن ھەدىيە قىلدى» دەپ كۆرسەتسەم، بىلمەيمىز، شۇنداق يامان ئەھۋالدا قالىمەنكى، ئەلۋەتتە ئاتا - ئانام سۆزۈمگە ئىشەنمەيدۇ ۋە ماڭا: ...

— يالغان دەيسەن، ھارۇن رەشىد خەلىپە بولۇپ تۇرۇقلۇق بىر دىنار ئالتۇن بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، سەن ئادان، ئەلۋەتتە، بىراۋنىڭ

بۇ ئالتۇننى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەلگەنمەن، دەرھال ئىككىسىگە قايتۇرۇپ بەر، كەچۈرۈم سورا. ئالتۇن ئىگىسى ياشلىقىڭنى ئېتىبارغا ئېلىپ گۇناھىڭنى كەچۈردۇ. — دەپ ماڭا كايىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تال ئالتۇنىڭىزنى ئېلىپ، بېشىمنى ئەۋۋەلغا قويۇشنى، ئاتا - ئانامنى نارازى قىلىشنى خالىمايمەن، مېنى كەچۈرۈڭ! — دەپتۇ.

ھارۇن رەشىد بۇ ئەقىللىق، پاراسەتلىك، زېرەك بالىنىڭ بىر - بىردىن ئورۇنلۇق ۋە چىرايلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ زوقلىنىپتۇ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ، كىتاب سالغان جىلتىسىنى ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەدىيە قىپتۇ، ئەتىسى ئۇنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ تەربىيىسىگە ئاپتۇ.

* * *

ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى مەئمۇن رەشىد ئىلىم - پەننى سۆيگۈچى، ئالىملارنى ھىمايە قىلغۇچى بىر زات بولۇپ، بالىلىق چېغىدىن باشلاپ زاكاۋەت ۋە پاراسەتكە ئىگە ئىكەن، ھەر كىم ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن.

مەئمۇن ياش چېغىدا ئاتىسى ھارۇن ئۇنى خۇسۇسىي مۇئەللىمدە ئوقۇتۇپتۇ. مۇئەللىمنىڭ بىر ئادىتى بار ئىكەن: دەرس ۋاقتىدا بېشىنى سېلىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرىدىكەن. ئەگەر بىر جۈملىنى خاتا ئوقۇسا، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويىدىكەن.

بىر كۈنى مەئمۇن مۇئەللىم ئالدىدا بىر كىتاب ئوقۇپتۇ. كىتابقا يېزىلغان: «ھۆددىدىن چىقالمىغان نەرسىگىزگە نېمىشقا ۋەدە بېرىسىز؟» دېگەن جۈملىنى ئوقۇغاندا، مۇئەللىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپتۇ. مەئمۇن:

«بەلكى خاتا ئوقۇغان بولسام كېرەك» دەپ جۈملىنى دىققەت بىلەن تەكرار يەنە ئوقۇپتۇ. مەئمۇن دەرستىن كېيىن ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئاتا، مۇئەللىمگە بىرەر نەرسە بېرىشكە ۋەدە قىلغان بولسىڭىز، دەرھال ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلىڭ، — دەپ بولغان ۋەقەنى ئاتىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھارۇن رەشىد:

— ئوقۇتقۇچىڭ مەندىن بىر نەرسە سورىغانىدى، مەن ئۇنىڭ سورىغىنىنى بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدىم، ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ. ئۇ، ئوغلىنىڭ پاراسىتىدىن خۇشال بولۇپتۇ ۋە مۇئەللىمگە بەرگەن ۋەدىسىنى دەرھال ئورۇنداپتۇ.

سەممىيلىك ۋە ئەقىل - پاراسەت ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدۇر. بۇ خىسلەتكە ئىگە بولغان ئىنسان ھەر قانداق ئىشتىن نەتىجە قازىنالايدۇ.

* * *

ھارۇن رەشىدنىڭ ئىككى خوتۇنىدىن ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. بىرى مۇھەممەد ئەمىن بىننى ھارۇن، ئىككىنچىسى مەئمۇن بىننى ھارۇن. خەلىپە بولسا، مەئمۇننى ئەمىندىن ياخشى ۋە ئۈستۈن كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى ئەمىننىڭ ئانىسى:

— ئەي خەلىپەم، نېمە ئۈچۈن مەئمۇننى مۇھەممەد ئەمىندىن يۇقىرى قويىسەن؟ ئەخىر ئىككىلىسى ئۆز پەرزەنتىڭغۇ؟ — دەپتۇ.

— ئىككىلىسىنى سىناپ كۆرەيلى، سەۋەبىنى شۇ چاغدا چۈشىنىسەن، — دەپتۇ ھارۇن.

ئۇ بىر مۇلازىمنى چاقىرىپ، مۇھەممەد ئەمىن ۋە مەئمۇندىن بىر نەرسىنى سوراپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. مۇلازىم مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي مۇھەممەد ئەمىن، مۇبادا تاجۇتەخت سېنىڭ قولۇڭغا چۈشسە، ماڭا قانداق ئىنايەت كۆرسىتەرسەن؟ — دەپتۇ.

— ساڭىمۇ؟ — دەپتۇ مۇھەممەد ئەمىن، — ساڭا كاتتا ئىنايەت كۆرسىتىمەن. سېنى ئۆزۈمگە ئەلا يېقىن مەسلىھەتچى قىلىۋالىمەن.

مۇلازىم كېلىپ شۇ سوئالنىڭ ئۆزىنىلا مەئمۇنغىمۇ بېرىپتۇ. بۇ سوئالغا مەئمۇننىڭ غەزىپى كېلىپ، ئۇغىسى قايناپ كېتىپتۇ-دە، ئالدىدىكى، ئالتۇندا ياسالغان سىيا قۇتىسىنى ئېتىپ مۇلازىمنىڭ بېشىنى يېرىپ تاشلاپتۇ ۋە پىغانى پەلەككە ئۆرلەپ:

— قېنى، ئېيتقىنا، نېمە ئۈچۈن ئاتامنىڭ ئۆلۈمى ساڭا كېرەك بولۇپ قالدى؟ مەن ھەممە خىزمەتكارلارنى ئۇنىڭ بىر پەرزەنتى دەپ بىلەر ئىدىم، سەن مۇتتەھەم ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ يۈرگەنىكەنسەن-دە! — دەپتۇ.

بېشىنى يېرىپ كەلگەن مۇلازىم، بولغان ئىشنى ھارۇن رەشىدكە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن ھارۇن رەشىد خوتۇنىغا قاراپ:

— مەن پەرزەنتلىرىمنىڭ ھەر قايسىغا ئۆزىنىڭ پەم-پاراسىتى ۋە خۇي-پېئىلىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىمەن، — دەپتۇ.

* * *

ھارۇن رەشىد بىر سۆھبەتتە:

— كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىش ماڭا قانچىلىك ھوزۇر بېغىشلايدىغانلىقىنى پۇقرالىرىم بىلسە، ئېھتىمال مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمدا گۇناھ قىلغان بىرمۇ ئادەم تېپىلماس ئىدى، — دېگەنىكەن.

* * *

ھارۇن رەشىد چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە، ئوتتۇز ئىككى چىشى چۈشۈپ كەتكەنمىش. بۇنىڭدىن خەلىپىنىڭ كەيپى ئۇچۇپ، مۇنەججىم، مۇئەببىرلەرنى چاقىرىپتۇ. ئۇلاردىن، كۆرگەن چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ.

شۇ چاغدا مۇئەببىرلەردىن بىرى:

— ئەي ئەمىرۇلمۆئمىن، پۈتۈن قەۋم-قېرىنداشلىرىڭ ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ ئۆلۈپ، ئۆزۈڭلا يەككە-يېگانە قالىدىكەنسەن، — دەپتۇ.

ھارۇن رەشىدنىڭ يۈرىكى - باغرى ئېزىلىپ، — بۇ سوغ نەپەس مۇئەببىرنى يۈز دەررە ئۇرۇڭلار، — دەپ پەرمان بېرىپتۇ. بۇ تەبىر ئۇنىڭغا ئارام بەرمەپتۇ. ئەتىسى باشقا بىر مۇئەببىرنى چاقىرتىپ، بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ.

ئىككىنچى مۇئەببىر:

— ئەي ئەمىرۇلمۆئمىن، خۇدايىتائالا سىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر، چەكسىز دۆلەت بەرگەن، سىز ھەممە قەۋم-قېرىنداش ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنسىز، — دەپتۇ.

بۇ سۆزدىن ھارۇن رەشىد خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە بۇ مۇئەببىرگە يۈز دىنار ئىنئام بېرىپتۇ.

ھارۇن رەشىد بۇ ئىشقا ھەيران بولغان ئوردا ئەھلىگە:

— ئىككىلىسى بىر گەپنى ئېيتتى، ئەمما بۇ، پىكرىنى ئەدەب بىلەن، چىرايلىق سۆزلەرنى تېپىپ ئېيتقانلىقى ئۈچۈن يۈز دىنار مۇكاپاتقا سازاۋەر بولدى، بىرىنچىسى ئامدىن ئارشا چۈشكەندەك قوپال سۆزلەرنى ئېيتىپ قويۇپ يۈز دەررە يېدى، — دەپتۇ.

* * *

ھارۇن رەشىد ۋەزىرى جەپەر ۋە يېقىن بىر خىزمەتچىسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. گەپتىن گەپ چىقىپ، جەپەر ھارۇندىن:

— نېمىدىن ئەلا كۆپ زوقلىنىسىز؟ — دەپ سورىغانىكەن، ھارۇن رەشىد:

— مەن ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيدىم، لەززەتلىك تائاملارنى يېدىم، ئەڭ ئېسىل شارابلارنى ئىچتىم، بۇلارنىڭ ھېچبىرى مېنى زوقلاندۇرالمىدى. ئۆمرۈمنىڭ مۇشۇ كۈنلىرىدە ساپ، تازا ھاۋادىن نەپەس ئېلىش، بىر پىيالە مۇزدەك سۈپسۈزۈك سۇ ئىچىش ۋە بالا - چاقىلىرىمنىڭ ئەتراپىدا كېپىنەك بولۇپ ئايلىنىپ يۈرۈش ئەڭ چوڭ زوقىمدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھارۇنمۇ جەپەرگە شۇنداق بىر سوئال بەرگەنىكەن، جەپەر:

— مەرھەمەت قىلىپ بەرگەن بېغىڭىزدا ئويناپ - كۈلۈپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش مەن ئۈچۈن ئەڭ زور زوقتۇر، — دەپتۇ.

جەپەرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھارۇن رەشىد سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان خىزمەتچىسىگىمۇ شۇ سوئالنى بېرىپتۇ، خىزمەتچى كۈلۈپ:

— مېنىڭ ئالىدىغان زوقۇم سىلەرنىڭكىدىن تامامەن باشقىچىدۇر. قانداق زوق دەمەسىز؟ يېتىم - يېسىرلەرگە، مۇھتاجلارغا قولىدىن كەلگۈچە ياردەم بېرىش، ئومۇمەن، ھەممىگە ياخشىلىق قىلىش مەن ئۈچۈن ئەڭ زور زوق. بۇ زوق خەلق كۆڭلىگە نەقىش ئېتىلگەن، شائىرلار تەرىپىدىن ماختالغان ھەممىگە ماقۇل ۋە مەقبۇل بولغان زوقتۇر، — دەپتۇ.

ھارۇن رەشىد خىزمەتچىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ جەپەرگە:

— بۈگۈنكى سۆھبىتىمىز يېتىدۇ، بۇ خىزمەتچىمىز ھەق سۆزلەر بىلەن مېنىمۇ مەغلۇپ قىلدى، — دەپتۇ.

## ھۈسەيىن كاشفى ھەققىدە ھېكايەتلەر

ھۈسەيىن ۋائىز كاشفى بىر قېتىملىق نۇتقىدا:

— ھەر قانداق كىشىدە مۇلايىملىق، خۇش مۇئامىلىلىك بار بولسا، كامال تېپىشتىن باشقا ئېھتىمال يوقتۇر. ھەر قانداق كىشى بەتپېئىل بولسا، ۋەيران بولۇشتىن باشقا چارە يوقتۇر. خۇش پېئىللىق، مۇلايىملىق ھەممە نېمەتلەرنىڭ ياخشىراقىدۇر، — دېگەنىكەن.

* * *

ھۈسەيىن ۋائىز كاشفىدىن:

— ياشلار ئۈچۈن نېمە قىلىش ياخشىراق؟ — دەپ سورىغانىكەن، ھۈسەيىن كاشفى:

— شەرمى - ھايا ۋە باتۇرلۇق، — دەپتۇ.

ئۇنىڭدىن يەنە:

— قېرىلارغىچۇ؟ — دەپ سورىسا، كاشفى:

— سەۋر - تاقەت ۋە مەرىپەت، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

* * *

ھۈسەيىن ۋائىز كاشفى:

— ھىممەتسىز پەسكەش كىشى بېخىل، پىخسىق كىشىدىن يامانراقتۇر. بېخىل ئۆزىنىڭ پۇل، مېلىدىن ئۆزى پايدىلانسىمۇ، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزمەيدۇ. پىخسىق ئۆزىمۇ يېمەيدۇ ۋە باشقىلارغىمۇ يېدۈرمەيدۇ. ھىممەتسىز، پەسكەش كىشى ئۆزى يېمەيدۇ، باشقا كىشىگىمۇ يېدۈرمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە ياردەم قىلغانلىقىنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇ، كىشىنىڭ لۇتۇف - كەرەم قىلىشىغا يول قويمايدۇ، — دېگەنىكەن.

* * *

ھۈسەيىن ۋائىز كاشفى:

— ھەسەت، باشقىلارنىڭ راھىتىنى كۆرەل-ەمەسلىك — ھەممە سۈپەتلەر ئىچىدىكى پەس سۈپەتتۇر. ھەسەت — ھىممەت پەسلىكى ۋە كۆڭۈل پەسلىكىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇلار جاھالەت نەتىجىلىرىدۇر. ھەسەتچى ئۆز ھەسەتىنىڭ ئەسىرىدىن بىر كۈنى ئۆزى ھالاكەت چوڭقۇرىغا يىقىلىدۇ، — دەپتۇ.

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: مۇتەللىپ پالتاجى

## ئوقۇمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتلىرىدىن ...

△ كىشىنى ئاچچىقى كەلگەندە سىنىغىل.

△ دوستنى زىيان مەھەلدە (ئۈستىدە) سىنىغىل.

△ سۆزنى ھۆججەت بىلەن سۆزلە.

△ ئۇستازىڭنى ئاتا - ئاناڭدىن ئەزىزتۇت.

△ ئاچچىق بىرلە سۆز ئېيتما.

△ ئۆز ئورنۇڭنى بىلىپ ئولتۇر.

△ ھەر كىمنىڭ ئۆيىگە كىرسەڭ، تىلىڭ بىرلە كۆزۈڭنى يىغىپ ئولتۇر.

△ ئاز سۆزلىمەك، ئاز يېمەك، ئاز ئۇخلىماقنى ئادەت قىل.

△ بىلمىگەن ئىشقا ئۇستازلىق قىلما.

△ كىشىنىڭ پۇلىغا كۆڭۈل باغلىما.

△ مويسىپىت (ئۆزۈڭدىن چوڭ كىشىلەر) كە قاتتىق سۆز قىلما.

△ ھاجەتمەننى نائۈمىد (قۇرۇق) ياندۇرما.

△ مېھماننى ئىشقا بۇيرىما.

△ مېھماننىڭ ئالدىدا كىشىلەرگە ئاچچىقلانما.

△ مەست بىلەن دىۋانىغا سۆزلىمە.

△ سۆزنى كۆڭلۈڭدە پىشۇرۇپ ئاندىن سۆزلە.

△ ئۆزۈڭدىن چوڭ كىشىلەرگە ئويۇن-چاقچاق قىلما.

△ بىر قېتىم سۆزلىگەن سۆزنى قايتا سۆزلىمە.

△ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى ۋە خاتۇنىڭنى ماختىما.

△ ئۆلگەن كىشىنىڭ يامان گېپىنى قىلما.

△ ئالدىڭدا كېلىۋاتقان ئىشقا چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈز.

△ ئاز گەپ قىلىشنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل.

△ بىر ئادەمدىن بىر ھېكمەتلىك نەرسىنى كۆرمىگۈچە ئۇنى ماختاۋەرمە.

△ ئەخمەقلەر سۆز قىلغىلى تۇرسا، ئۇنىڭغا ئاردىلاشماي سۈكۈت قىل (جىم تۇرۇۋال).

△ ئىككى يۈزلىمە ئادەمدىن مەدەت (يار-دەم) تەلەپ قىلما، ئۇنىڭدىن يىلاندىن قاچ-قاندەك قاچ.

△ ساڭا ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە ئۇنىڭ باراۋىرىدە ياخشىلىق قىل.

△ ئاچچىقىڭ كەلگەندە ئۆزۈڭنى بېسىۋال.

△ ئوغلۇم: ئۆزۈڭدىن چوڭلارنىڭ خىز-مىتىنى قىلماق بىلەن، كىچىكلەرگە مېھرى-شەپقەت قىلماق بىلەن، كەمبەغەللەرگە خەيرى - ساخاۋەت قىلماق بىلەن، دوست-يارەنلەرگە ۋە تاۋابىئاتلىرىڭگە ۋەز - نەسى-ھەت قىلماق بىلەن، جاھىل - نادانلارغا سۈكۈت ساقلاش بىلەن، ئالىملارغا ئەدەب-ھۆرمەت ئىتائەتتە بولماق بىلەن ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزگەيسەن.

توپلىغۇچى: ھەبىبۇللا. مۇھەممەدىن

# نەسىھەتلەر

پەرزەنتلەرگە ئاتا-ئانىلارنىڭ تۆۋەندە قەيت قىلىنمىش ھەققىنى ئادا قىلماق قەرزدۇر:

ئاچ بولسا ئۇلارغا تائام بەرگەيسەن؛ يالىڭاچ بولسا كىيىم-كېچەك بەرگەيسەن؛ خىزمىتىڭگە مۇھتاج بولسا ئۇلارغا خۇرسەنلىك بىلەن بىجانىدىل خىزمەت قىلغايسەن؛ چاقىرسا ھازىر بولغايسەن؛ ئىشقا بۇيرىسا پەرمانبەردار بولغايسەن؛ ئۇلارغا مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىگەيسەن؛ ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئاتاپ چاقىرمىغايسەن؛ ئەگەر ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىر يەرگە بارساڭ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ماڭغايسەن؛ ھەرنىمەرسىنى ئۆزۈڭگە لايىق بىلسەڭ، ئاندىن ئۇلارغىمۇ لايىق بىلگەيسەن؛ ئۇلارنىڭ ئالدىلىرىدا كۆپ ئولتۇرمىغايسەن؛ ئۇلار رىزالىق بەرمىسە سەپەرگە چىقمىغايسەن؛ ئۇلار كۆرۈنسىلا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ تەزىم بىجا كەلتۈرگەيسەن ۋە ئىجازەت بەرمىگىچە ئولتۇرمىغايسەن؛ ئۇلار بىلەن قاراڭغۇدا بىر جايغا بارساڭ، ئۇ جاي خەۋپلىك بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يول باشلاپ ماڭغايسەن؛ ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆپ سۆزلىمىگەيسەن ۋە چاقچاق قىلمىغايسەن؛ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى كەمسىتمىگەيسەن؛ ئۇلار سۆزلەۋاتقاندا سۆزىنى ئارىلىمىغايسەن؛ ئۇلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى قايتۇرمىغايسەن؛ ئەمىر ۋە تەنبىھ بىلەن ئۇلارغا خىتاب قىلمىغايسەن؛ ئۇلارغا قاتتىق ئاۋازدا گەپ قىلمىغايسەن؛ ئۇلارنىڭ ئالدىدا «ئۇف» دېمىگەيسەن؛ ئۇلار ئۆيلەنسە ياكى ياتلىق بولسا قەھرى قىلمىغايسەن؛ جۆرىسىنىڭ ھەر چەندە ھەقلىرىنى ئادا قىلسا ھەم ئۇلارغا ئازار بەرمىگەيسەن؛ ئۇلارغا ئۆمۈرۋايەت ئازار بەرمەسلىكىنى نىيەت ئەتكەيسەن؛ ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلىرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلىگەيسەن؛ ئۆزۈڭدىن بۇرۇن ئۇلارغا كىيىم-كېچەك قىلىپ بەرگەيسەن؛ ئۇلارنىڭ تائامىنى ئۆزۈڭنىڭ تائامىدىن ياخشىراق ئەتكەيسەن؛ ئەگەر ئۇلار بىلە بولساڭ تائامنىڭ ياخشىسىنى ئۇلارغا بەرگەيسەن؛ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا ئاقچا بېرىپ تۇرغايسەن، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرى بولسا ئۇنى ئىزھار ئېيتەلمەس، ئاقچىنى ھاجەتلىرىگە بىمالال سەرپ ئەتكەي؛ ئۆزۈڭنىڭ ماللىرىغا ئۇلارنىڭ يولىنى ئوچۇق قىلىپ قويغايسەن؛ ئۇلار كېسەل بولسا جان-دىلىڭ بىلەن داۋالاتقايسەن؛ ئۇلار كېسەل بولسا ھاجەتخانىلارغىمۇ ھاپاش قىلىپ ئاپىرىشقا پىشانە تۈرۈشلۈك قىلمىغايسەن؛ ئۇلارنىڭ بىرىنى قويۇپ، يەنە بىرىنى رازى قىلمىغايسەن؛ سەن ھەر قانچە ئۇلۇغ بولۇپ كەتسەڭمۇ، ئۇلارغا ئۆمۈرۋايەت قۇل بولغايسەن.

---

«نادىردىل مېھراج» ناملىق كىتابتىن
نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مۇھەممەت ئەمەت چۇپانى**





ھۆسنخەتلەرنى ئابلىكىم ئەمەت يازغان

ۋاقىت ئەقلى ئەمگەك ئەھلىنىڭ سەرمايىسى

سائەتنىڭ ھەربىر
مىنۇتىنى قەدىرلە.

ئاتاڭنىڭ ئەدىبىنى قىل
ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىل

ئىشنى ئۇچۇن ئەمەس ياشىشى يوق

ئىشلىمەك ياخشى

غايىلىك،
ئەخلاقلىق،
ئىنتىزاملىق،
بىر ئەۋلاد
كىشىلىرىدىن
بولۇپ يېتىشىش
ئوقۇغۇچىلار
نىڭ ئىنتىلىشى!

ئېغىر كۆڭۈل كۆرمەيدۇ ئەسلى
ئۆتكۈر بولسا ھەر كىمنىڭ ئەقلى

— ئابدۇقادىر بېدىل

ھۆسنخەتلەرنى تۇرسۇن قۇربان يازغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» . 《新疆文化》（维吾尔文）

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال) 1990 - يىل 1 - ، 2 - سان (قوشما سان) 39 - يىل نەشرى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋىي سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 45151. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. تاق ئايلارنىڭ 20 - كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ. ژۇرنالنىڭ تېلېفون نومۇرى: 28055، پوچتا نومۇرى: 830001.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1073/1. ژۇرنال ۋەكالەت نومۇرى: 22—58. تىزىملانغان نومۇرى: 414. باھاسى 1.00 يۈەن